

بىزنىڭ باغ



غەيرەت مەمتىمىن فوتوسى

# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال 2005 - يىل 2 - سان



(ئومۇمىي 88 - سان)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

مەدەنىيەت تارىخىنىڭ ئۇلۇغ ئىقىمى.................. سۇن جياجېڭ (1)
قۇت بەلگىسى ـــ سۇمۇرغ.............................. (46)
قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» درامىسى...ئەركىن نىياز (55)

## بوۋىنىڭ بوۋىسىدا

ئۇلۇغبېكنىڭ ئۆلۈمى............... تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم (47)

## چەت ئەللىكلەر نەزەرىدىكى ئۇيغۇرلار

ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت............. نوشىرۋان يائۇشېۋ (روسىيە) (3)

## گۈلگە - جان ئۈززتى

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى ............... توپلىغۇچى: جۇنەيد بەكرى (18)
يۇمۇرلار ............................................. (75)

## ساقلىقىڭ ـــ شاھادىتىڭ

مومامىنىڭ شىپالىق دورىلىرى....... كامال ھېسامىدىنوف (قازاقىستان) (22)

باش مۇھەررىر:
يۇسۇپ ئىسھاق
جاۋابكار مۇھەررىر:
خۇرسەنئاي مەتىمىن
تارقىتىش بۆلۈمى مۇدىرى:
ئەسقەر مەخسۇت

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى: CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004- 3829
پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 60 _ 58
باھاسى: 5.00 يۈەن

## كەچمىش - كەچۈرمىشلەر

هاياتنىڭ خوجايىنى بول................. ئابدۇرەھىمجان يۈسۈپ ئۈمىد (39)

## ئادەت - ئەنئەنىلەر

كېرىيە خەلقىنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ - ئادەتلىرى...... مەتكېرەم ئىسمائىل (41)
قومۇل تەسىراتلىرى............................ ئۆمەرجان سىدىق (57)

## دۇنياغا نەزەر

تاشكەنتتە ئۆتكەن كۈنلەر ............................ تەلئەت ناسىرى (62)

## گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار

ئەزىمەت ۋە شۆھرەت ......................... ۋاھىتجان غوپۇر (73)
مۇسابىقىدىن كېيىن .............................................. (74)

مۇقاۋىنىڭ 1 - 4 - بەتتىكى رەسىملەرنى مەمەت ئابدۇرېھىم سىزغان

«مىراس» ژۇرنىلىنىڭ ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولىدىكى قەلبداشلار كىتابخانىسى.

«مىراس» ژۇرنىلىنى توپ ۋە پارچە سېتىۋالماقچى بولسىڭىز، ئەكبەر ئەپەندى بىلەن ئالاقىلىشىڭ!

تېلېفون نومۇرى: 2866182 - 0991

يانفون: 13999185171

### مۇشتەرى بولۇش

ژۇرنىلىمىزغا ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار ۋە تەھرىر بۆلۈمىمىز ئارقىلىق ھەرقانداق چاغدا مۇشتەرى بولغىلى بولىدۇ.

### ئەسەر ئەۋەتىش

ئادرېسىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22-نومۇر. بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتىلگەن ئەسەرلەر قايتۇرۇلمايدۇ. ئادرېسىڭىزنى، كىملىك نومۇرىڭىزنى ئەسەر كەينىگە قوشۇپ يېزىشنى ئۇنتۇماڭ.

### قەدەم تەشرىپ قىلىڭ

ئورنىمىز: ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 22 - نومۇر (ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ 14 - قەۋىتىدە)

تېلېفون: 4554017 — 0991
پوچتا نومۇرى: 830001

主管: 新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
主办: «美拉斯»编缉部 (乌市友好南路22号文联14层) 电话: 4554017 印刷: 新疆日报社印务中心 发行: 乌鲁木齐邮局 订阅: 全国各地邮局 国内统一刊号: CN65-1130/I 国外统一刊号: ISSN1004-3829 邮编: 830001 代号: 58-60 定价: 5.00元

«مىراس» ژۇرنىلىدىكى بارلىق خادىملار ژۇرنىلىمىزنى ھەر جەھەتتىن قوللاپ كېلىۋاتقان ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئاپتورلىرىمىزغا نورۇزلۇق سالام يوللايدۇ!



# مەدەنىيەت ـ تارىخنىڭ ئۇلۇغ ئېقىمى

مەدەنىيەت بەلگىلىك بىر تارىخىي باسقۇچنىڭ، مەلۇم رايون مۇھىتىنىڭ، مەلۇم ئىنسانلار توپىنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى، ياشاش شەكلى ۋە تەپەككۇرىنىڭ ئىنكاسى. مەدەنىيەت — ئىنسان ئويغارلىقىنىڭ تاشقى ئىپادىلىنىشىدۇر. دۇنيادا ھەر خىل ئىنسانلار بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك مەدەنىيەتلەر ساقلانغان. مەدەنىيەت ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى، ياشاش شەكلى، تەپەككۇر ئۇسۇلىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مەدەنىيەت — تارىخنىڭ ئۇلۇغ ئېقىمى، ئۇ يىراق ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە، بۈگۈندىن كەلگۈسىگە قاراپ ئېقىپ، تىنىمسىز ئۆزگىرىپ ۋە تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلغىنىمىز ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقى، ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كەلگۈسى ھەققىدە ئىزدەنگەنلىكىمىزدۇر. مەدەنىيەت ـ سەنئەتنىڭ ئەسلىي نېگىزى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز ـ ئۆزىگە بولغان ئىنسانىي غەمخورلۇقىدىن ئىبارەت.

جۇڭخۇا مىللەتلىرى يارقىن مىللىي روھىيەتنى ھەقىقىي ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ياراتقان جانلىق مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەقداسى بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ دۇنيا مىللەتلىرى ئارىسىدا مۇستەقىل قەد كۆتۈرۈپ تۇرالىغان. شۇڭا، مىللىي مەدەنىيەتنى قوغداش خىزمىتى مەيلى قايسى دەۋردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ناھايىتى مۇھىمدۇر. تارىخنى ئەسلەپ كۆرىدىغان بولساق، قايسى بىر سۇلالە مەدەنىيەتتە زور ئۇتۇقلارنى قازىنالىغان بولسا، بۇ ئۇنىڭ ئەينى دەۋردە خەلق مەدەنىيىتىدىن ئوزۇق ئالغانلىقى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، خەلق تۇرمۇشى بىلەن بىرىكەلىگەنلىرى ئېقىمغا ماسلىشالىغان ۋە مەدەنىيەتكە ئىنسانىي غەمخورلۇق قىلالىغان. كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ شۇ دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ شۇ چاغدىكى ئادەتتىكى كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە باغلىنىشلىق. شۇڭا، بىز مەدەنىيەت تەتقىقاتى خىزمىتىدە مىللىي مەدەنىيەتنى، خەلقنىڭ جانلىق تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلمىساق، بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز بېشى يوق سۇ، يىلتىزسىز دەرەخكە ئايلىنىپ قالىدۇ.

مەدەنىيەت خەلققە مەنسۇپ، چۈنكى ئۇ خەلقنىڭ. مىللىي مەدەنىيەت — بىزنىڭ يىلتىزىمىز، شۇنداقلا ئۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتىمىزنىڭ بۇلىقىدۇر. جەمئىيەت تە-

رەققىياتىغا ئەگىشىپ كىشىلەردە ئومۇمىيۈزلۈك ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەش ئىستىكى ئويغىنىدۇ. زامانىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ قەدىمىمۇ تېزلىشىدۇ، بۇ كونا بىلەن يېڭىنىڭ ئالمىشىشىنىڭ تېزلىشىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. قىسقىسى، تارىخ تەرەققىي قىلماقتا، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلمەكتە. بىراق، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ئايرىم مۇھاكىمە قىلىپلا، يەگگىلىتەكلىك بىلەن بىر ئەۋلاد يەنە بىر ئەۋلادتىن يارامliق بولىدۇ، دەپ قاراشقا بولمايدۇ. ئالىمنىقلار ياراتقان چوققىدا شۇ دەۋرنىڭ شەرت ـ شارائىتى ۋە تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى بولغاچقا، بىزنىڭ ئۇنىڭدىن ھالقىپ كېتەلىشىمىز ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. بىز پەقەت ئۇلار ياراتقان چوققىلار ئاساسىدىلا ئۆزىمىزنىڭ چوققىلىرىنى يارىتالايمىز. ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى ھەرگىزمۇ پەلەمپەي شەكلىدىكى تىنىمسىز ھالقىش ئەمەس، بەلكى چوققىلارنىڭ مۇجەسسىمى، ئۇنىڭدىكى ھەر بىر چوققىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئارتۇقچىلىقى بار. ھەتتا پەن ـ تېخنىكىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا تەرەققىياتقا ۋارىسلىق قىلىش، يوقىتىپ قويۇش بولۇپ تۇرىدۇ. شۇڭا، بەزى قەدىمىي تېخنىكىلارنىڭ سەۋىيىسىگە ھازىرقى كىشىلەرنىڭ يېتەلىشى تولىمۇ مۇشكۈل. شۇنىڭ ئۈچۈن كەمىنە، ئەجدادلار بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلارغا، جۈملىدىن گۈزەل مىللىي مەدەنىيەتكە يۈكسەك ھۆرمەتتىمەن. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ ئانا مەدەنىيىتىمىز، شۇنداقلا بىزنىڭ يىلتىزىمىزدۇر. بولۇپمۇ جەمئىيەت تەرەققىياتى تېز بولۇۋاتقان مەزگىلدە كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئەسلىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، كىم ئىكەنلىكىنى ئەستىن چىقارماسلىقى كېرەك.

ھازىر بار بولغان تارىخىي مىراسلارنى، ئەجدادلاردىن قالغان تەۋەررۈك يادنامىلارنى، ئەستىلىكلەرنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. بىز پەقەت ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى ئېنىق بىلگەندىلا، ئاندىن تولۇق ئىشەنچ بىلەن كەلگۈسىگە پۇختا قەدەم تاشلىيالايمىز.

---

مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى سۇن جياجېڭ ئەينى مەدەنىيەت مىنىسترلىكىنىڭ مىنىسترى بولۇپ، بۇ ماقالە ئۇنىڭ «خەلق گېزىتى»نىڭ 2004 ـ يىل 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان «جۇڭگو مىللىي مەدەنىيىتى قوغداش خىزمىتى سىناق نۇقتىسى خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن نۇتۇق»تىن قىسقارتىپ ئېلىنىپ «غەربىي رايون مەدەنىيىتى» ژۇرنىلىنىڭ 2004 ـ يىللىق 4 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

## ماقال ـ تەمسىللەر

▲ ئېشەك تەخىيگە ئېشەكلىكتىن باشقىنى ئۆگەتمەس.
▲ ئېشەك ئۆزىنىڭ ئېشەكلىكىنى بىلمەس.
▲ ياخشىدىن ئۆگەن، ياماندىن يىرگەن.
▲ ئەسكىلىك قىلاي دېسە، ئېشەك تېزىكى دالدا بولار.
▲ بويىندا ئىللىتى بارنىڭ ئايىغى سىرقىرار.
▲ يىڭنە كىچىك بولسىمۇ يۇتقىلى بولماس.
▲ ئىككى قىلىچ بىر غىلاپقا سىغماس.
▲ قۇيرۇقىنى كۆتۈرگەن كالا تېزەكلىمەي قويماس.
▲ كاككۇك ئۆز ئېتىنى قىچقىرار.
▲ ئاشقىلى بولمايدىغان قىر يوق، ئېچىلمايدىغان سىر يوق.
▲ سەۋەبسىز ئىش يوق.
▲ پاقا بىر سەكرەر، ئىككى سەكرەر، ئاندىن ئورنىغا چۈشەر.
▲ بىر سۆز بىلەن ئەر ئۆلمەس.
▲ ئىتنىڭ ئاغزى تەگكەنگە دەريا سۈيى بۇلغانماس.
▲ ئىت سەمرىسە، ئىگىسنى چىشلەر.
▲ ئىتنى قاۋىدى دەپ تۇمشۇقىنى كەسكىلى بولماس.
▲ ئۆي تارلىقىدىن كۆڭۈل تارلىقى يامان.
▲ كۆزى تويماسنىڭ غېمى تۈگىمەس.
▲ بېخىلنىڭ دوستى بولماس.
▲ يامانىنىڭ يامانلىقى بار، كىشى بىلمەس ھېيلىسى (بار).
▲ ياخشىلىق قىل، يامانلىق كۈت.

# ئۇيغۇرلار يۇرتىغا زىيارەت*



نۇشىرۋان يائۇشېۋ (روسىيە)

## يېرى باينىڭ ئېلى باي

بۇ ماقال ئېيتىلغان زامانىغا قارىغاندا بەك توغرا، بەك لايىق ۋە بەك تەبىئىيدۇر. بىراق، بۇ ماقال بەدەۋىيلىك زاماندا ئېيتىلىپ قالغان بولسا كېرەك. چۈنكى چارۋىچىلىقتىن باشقا ھۈنىرى بولمىغان خەلقلەرنىڭ بايلىقلىرى يەر بايلىقىدۇر. توغرىسى يەرنىڭ كەڭلىكى بىلەن ئولۇڭ تاناسىپ بولۇشى بەلگىلىك. بۇنىڭغا مىسال كېرەك بولسا قىرغىز، قازاقلار تۇرمۇشىنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

قازاقلار يەرلىرى كەڭ ۋە باي زامانلاردا ناھايىتى باي بولۇپ، راھەت ـ پاراغەتلىك تۇرمۇش كەچۈرەتتى. يەرلىرى قولدىن كەتكەن ـ ئازايغان پەيتلەردە قىشلاق تۇرمۇشىمۇ قىيىنلىششقا باشلايتتى. مال ئازايدى. كىگىز ئۆي ئىچىدە كۆلگىدە كېرىلىپ ئولتۇرۇپ قورساق تويغۇزۇپ، گۆش يەپ، قىمىز ئىچىشلەر شېرىن چۈشتەك ئېغىزدا قالدى. ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ خەقنىڭ ئىشىنى قىلىپ كۆرمىگەن، ھەتتا ئۆز ئىشلىرىنىمۇ قىلىشتىن ئېرىنىدىغان ئەركەكلەر ياۋاشلىشىپ مۇھاجىر رۇسلارغا قارا ئىشچى بولۇپ خىزمەتكە كىرىشكە باشلىدى. ئاچ قورساق يۈرۈشكە بولمايدىغۇ ئاخىر. بىرگىنە مال بېقىشنىڭ ئۆزى بىلەن قېرىن تويمايدىغۇ. زامانلار ئۆزگەردى. كىگىز ئۆيدە يانپاشلاپ يېتىپ قورساق تويغۇزۇشقا مۇمكىن بولماي قالدى.

بۇ يەر ئالتە شەھەرنىڭ يېرىمۇ ئاز ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ، خەلقى كۈندىن كۈنگە نامراتلىشىپ، قەددى پۈكۈلۈپ ۋەيران بولۇشقا باشلىدى. نېمىشكە شۇنداق بولىدۇ؟ ياق، يۇقىرىقى ماقال توغرا ھەم مۇشۇ زامانغىمۇ لايىق. پەقەت بۇ ماقال ئازراق شەرھى ۋە ئىزاھقا مۇھتاج.

«يېرى باينىڭ ئېلى باي» دېگەن سۆز بۇرۇنقى زامانلاردا مۇتلەق شۇنداق مەنىدە ماڭسىمۇ، بۇ زامانغا بىر شەرت بىلەن تەدبىق قىلماي بولمايدۇ. يەنى يېرى باينىڭ ئېلى باي بولۇر، ئەگەر ئۇنىڭدا ئىلىم ۋە تېخنىكا بولسا. بۈگۈنكى دەۋردە يەر ھەرقانچە كەڭ بولسىمۇ، لېكىن ئۆتمۈشتىكىدەك ئۇنچىلا كەڭ ئەمەس. بەس، چارۋىچىلىق، تېرىقچىلىق بىلەنگىنە باي بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ئالتە شەھەرلىكلەرنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە ئۆز قوللىرى

* (بېشى ئۆتكەنساندا)



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

بىلەن ئىشلىنىۋاتقان پۇتكۇل لازىمەتلىكلىرى بۇگۈنكى
كۈندە پۇتۇنلەي ئېتىباردىن قالدى. زاۋۇت ۋە فابرىكا
ماللىرى كېلىپ نەپىسلىكى ۋە ئەرزانلىقى بىلەن ئالدىغا
ئۆتۈپ خەلقنى ئۆزىگە قاراتتى، قول ئىشلىرىغا خېرىدار
ئازايدى. شۇ سەۋەبلىك قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ بازىرى
ئۆلدى. يۇرتقا كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ بارچىسى ئاقچا
ھېسابىغا كېلىدىغان بولدى. بىراق قولدا پۇل يوق. پۇل
كېلىدىغان يوللارمۇ قۇم باسقاندەك ئېتىلدى. مانا شۇ
سەۋەبلىك «بايلىق»مۇ ئالتە شەھەرلىكلەرگە ئارقىسىنى
قىلىپ، ھۈنەرلىكلەرگە يۈز كۆرسىتىشكە باشلىدى.

دېمەك، يەرنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىپ بېيىش ئىلىم
ۋە تېخنىكىغا باغلىق. ئەگەر بۇ ماقال ياۋروپالىقلارنىڭ
ئاغزىدىن چىقىپ، شۇلارنىڭ ئۆزىگە قارىتا ئېيتىلغان
بولسىمۇ، ئۇ چاغدا بۇ سۆزنى ئىزاھلاپ ئولتۇرۇشنىڭ
ئورنى قالمىغان بولاتتى.

«يېرى باي» دېگەندە ئۇ يەرنىڭ تېرىقچىلىقتىكى
ھوسۇلدارلىقىلا ئەمەس، بەلكى سانائەت جەھەتتىكى مە-
دەن بايلىقىمۇ نەزەرگە ئېلىنىشى كېرەك. مۇشۇنداق چۈ-
شەندۇرگەندىلا ئاندىن بىز مۇسۇلمانلارنىڭ يېرى باي
بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ گاداي ۋە موھتاجلىقتا قې-
لىشلىرىنىڭ سەۋەبى ئوچۇق مەلۇم بولىدۇ. چۈنكى بىزدە
ئىلىم ـ تېخنىكا يوق. يەرنىڭ بايلىقىدىن پايدىلىنىشقا،
ئۇنىڭدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنى تونۇش ۋە بىلىش ئۇ-
چۈن ئەلۋەتتە بىلىم كېرەك. بەس، شۇڭا، ماقالنىڭ ھېچ-
قانداق نامۇۋاپىق يېرى يوق.

مانا، ئالتە شەھەر، بۇ يەر دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى
ئۆزىنىڭ تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ يەردە
ئالتۇن، كۇمۇش، قوغۇشۇن، مىس، تۆمۈر، يەر كۆمۈرى،
نېفت ۋە كىرسىن بار. تۇپرىقى پۈتۈنلەي مۇنبەت بولمە-
سىمۇ، سۈيىنىڭ موللۇقى، ھاۋاسىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن كې-
ۋەز، تېرىقتىن تارتىپ تۈرلۈك ئاشلىق، يەل ـ يېمىشلەر
چىقىپ تۇرىدۇ. دېمەك، يەر باي، بىراق ئادەملىرى بەك
پېقىر ۋە مۇھتاجدۇر. تېرىقچىلىقنى ئاز قىلىدۇ. ھۇرۇنلۇق،
ئىشسىزلىقنى ئۆزلىرىچە پەزىلەت دەپ بىلىشىدۇ. قارنى ئاچ
تۇرسىمۇ، يەنىلا قىڭغىيىپ يېتىشنىلا ياقتۇرىدۇ. بۇلار ئىلىم
ۋە تېخنىكىدىن بەك قۇرۇق قالغان. ھەتتا ئىپتىدائىي مەك-
تەپلەرمۇ يوق. مانا شۇ سەۋەبلىك يەرنىڭ ئاستىدىكى باي-
لىقلار يەر ئۈستىگە چىقالمايدۇ. بۇنى مۇسۇلمانلار بىر ياقتا
تۇرسۇن، چىن ھۆكۈمىتىمۇ قىلالمايدۇ.

يۇقىرىدىن گىلەم توقۇش، مىستىن چەينەك، چۆگۈن يا-
ساشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇلاردا قول ھۈنەرۋەنچىلىكى
يوقنىڭ ئورنىدا، بۇ يەردىكى بارلىق تۇرمۇش لازىمەت-
لىكلىرى روسىيىدىن كېلىدۇ.

چارۋىچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانسىمۇ
يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئازلىقى تۈپەيلىدىن پەقەت ئاچلىقتىن
ئۆلمەسلىككىلا ئارا تۇرالايدۇ.

مانا شۇ سەۋەبلىك (قولدا تېخنىكىسى بولمىغاچقا)
يېرى شۇ قەدەر باي بولسىمۇ، ئۆزلىرى ئاچلىق، نامرات-
لىق ۋە زەبۇنلۇقتا ياشايدۇ، يېمەك ـ ئىچمەك بەك ئەر-
زان، تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى بولسا قىممەت.

ھەممىدىن يامىنى، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ ئۆمۈرلىرى
بەك خارلىقتا ئۆتىدۇ:

سەبىي قىزلارنى سەككىز ـ توققۇز يېشىدىلا ئەرگە
بېرىدۇ. 12 ـ 13 ياشقىچە ياتلىق قىلىنمىغان قىزلار ئە-
يىبلىك سانىلىدۇ. بىر قىز بىر ئەردە بىر ئايدىن ئارتۇق
تۇرالمايدۇ. بىر ئەر، ھالى يەتسە يىلىغا 40 ـ 50 قىزغا
ئۆيلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئەرسىز قالغان خوتۇنلار بەك
كۆپ ئۇچرايدۇ. بالىلىق ئاياللارغا ياش بولسىمۇ، ئەر
چىقمايدۇ. بەك كۆپ قىزلار مۇساپىرلاردىن ھامىلىدار
بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار كۈنىگە ئۈچ ـ تۆت تىيىنغا موي-
كىلاردا يۈك يۈيۈپ ئىشلەپ بالىلىرىنى ئۆزلىرى تەر-
بىيىلەيدۇ!...

ئەگەر قولدا ئىلىم ـ تېخنىكىسى بولغان بولسىدى،
يەرلىرى باي بولغاندىكىن ئەرلىرىمۇ باي بولغان بولاتتى.

نوشىرۋان يائۇشېف، كۇچا

2005.2

## ئۆلۈكتىن ياردەم سوراش

تەسەۋۋۇپ ئەھلى ئارىسىدا پارسىي شېئىرلىرى بىلەن مەشھۇر بولغان بېدىل ھەزرەتلىرى بۇ ھەقتە نېمە دەيدۇ:

ئۆلۈكلەردىن ياردەم كۈتۈشتەك ئەخمەقلىق بولۇرمۇ؟

كېپەن ئوغرىسىدىن باشقا ئادەم، قەبرىدىن نېمە تاپ-سۇن.

بۇخارا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مولللىرى بېدىل شېئىرلىرىنى ھەرقانچە سۆيۈپ ئوقۇسىمۇ، ئۇنى «قۇرئان» ئايىتى باراۋىرىدە كۆرۈپ ئۆگەنسىمۇ، نېمە سەۋەبتىندۇر قەب-رىدىن ياردەم سوراش ھەققىدىكى يۇقىرىقى شېئىرنى كۆ-زى كۆرمەيدۇ، كۆرسىمۇ ئوقۇمايلا قويىدۇ. ئەگەردە كۆرگەن، ئوقۇغان بولسىدى، «شۇرا»دا قەبرىلەردىن ياردەم سوراشنىڭ يارىماس ئىش ئىكەنلىكى ھەققىدىكى ئەقلىي ۋە نەقلىي دەلىللەربىلەن ئېيتىلغان سۆزلەرگە قارشى تۇرمىغان بولاتتى، ئەكسىچە تەنقىد قىلغانىغا تە-شەككۈر ئېيتقان بولاتتى.

ئاتا-بوۋىلاردىن قالغان قائىدىسىز ئادەت ۋە بۇزۇق ئېتىقادلارنى كۆڭۈلدىن سۆيۈرۈپ چىقىرىپ تاشلاش ئۈ-چۈن خېلى كۈچ كېرەك.

باش ئاغرىسىمۇ قەبرىگە، كۆز ئاغرىسىمۇ قەبرىگە يۈگۈرىدۇ. بالىلىق بولساقمۇ قەبرىگە، بالا تاپالمىساقمۇ قەبرىگە چاپ، بالا كەلسىمۇ شۇ قەبرىگە، قازا كەلسىمۇ، شۇ قەبرىگە بارغان. مەكتەپمۇ شۇ يەر، مەدرىسىمۇ شۇ يەر. تېۋىپمۇ شۇ يەردە، مۇدەررىسىمۇ شۇ يەردە...

ئۆلۈكلەردىن، قەبرىلەردىن ياردەم تىلەش، ئۇنىڭدىن ئۆز ھاجەتلىرىنى سوراش چىنلىقلاردىن كەلگەن بولسا كېرەك. چۈنكى بۇ ئىش چىن ۋە قالماقلاردا كۆپلۈك. بۇ ئىشنى ئۆسۈۋاتقان بىر تېرەككە ئوخشاتساق، چىنلىقلار ئۇنىڭ تومۇرى، ئالتە شەھەر ئەھلى ئۇنىڭ غولى، غەربىي تۈركىستان شېخى، تاتارلار ياپرىقى ياكى شاخىنىڭ ئۇچى دېيىشكە لايىقتۇر.

قىسقىسى، خۇراپات ۋە باتىل ئېتىقادلارغا بېرىلىشنىڭ سەۋەبى نادانلىق ۋە جاھالەت بولسا كېرەك. چىنلىقلار بىلەن ئالتە شەھەرلىكلەردىكى ئەپسانە ۋە خۇراپاتلىقتىن مەدەنىي ۋە مەرىپەتلىك مىللەتلەرنىڭ ئۈچ-تۆت ياشلىق بالىلىرىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ.

بۇلار ئادەمنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان ئىش-لارنى قەتئىي رەۋىشتە «شۇنداق بولغان، مۇنداق بول-غان» دەۋرىدۇ ھەمدە شۇنداق يالغانلارغا ئۆزلىرى ئى-شىنىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇلارنىڭ ئۆلۈكتىن ياردەم سورىشى ئادەتتىكى بىر ئىش بولۇپ قالىدۇ.

نوشىرۋان يائۇشېف. كۇچا

## ئىلىم تارقىتىش

قارا خەلقنى ئاقارتىش، ئاڭسىز خەلق ئارىسىغا ئىلىم تارقىتىش، نادان خەلقنى ئەپسانە ۋە خۇراپاتلىقتىن پاكلاپ ھەقىقەت تەرەپكە يۈزلەندۈرۈش، ئۇلارنى شەخسىيەتچى-لىك ۋە ھايۋانىيلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئىنسانى-يەت ۋە ئىسلامىيەت يولىغا باشلاش، بىكارچىلىق ۋە ھۇ-رۇنلۇق كېسەللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، يېڭىلىق ھەرىكە-تىگە ئاتلىنىپ مەۋجۇتلۇق ۋە تۇرمۇش مەيدانىغا باشلاپ مېڭىشتەك ئېغىر ۋەزىپە بولمىسا كېرەك.

ياق، ئويغۇن- تاماشىنىڭ زامانى كەتتى. ئەمدى كۆزنى ئاچىدىغان زامان كەلدى. تەرەققىيات ۋە ئىنقىلاب دەۋرى باشلاندى. زامان ئاخىر بولدى. مەھشەر ۋە قىيامەت كۈ-نىنىڭ ئالامەتلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. مەدەنىيەت قۇ-ياشى پارلاپ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈردى. ئىنسانىيەت ھەرى-كەتكە كەلدى. ئۆملەپ، ئاسقاقلاپ، يورغىلاپ بولسىمۇ، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئالغا قاراپ مېڭىشقا باشلىدى. قاي-سىبىرلىرى قۇش كەبى كۆكتە پەرۋاز قىلماقتا، بېلىق كەبى سۇدا ئۈزمەكتە. ئەمما قۇياش نۇرىدىن مەھرۇم قالغانلار سايىدا سولاشقان بۇغدايدەك سارغىيىپ قۇرۇشقا باشلى-دى. مۇنقەرز ۋە ئاسارەتتە قالدى.

مەدەنىيەت قۇياشىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قېلىپ جانسىز ۋە ھەرىكەتسىز ياتقۇچىلار كىملەر، ئۇلار قەيەر-



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

دە؟ بۇلار چىندا، ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىدۇر. دۇنيادا بۇلارنىمۇ تۆۋەن قالغان يەنە بىر خەلق بولمىسا كېرەك.

بۇخارا ۋە تۈركىستان تەرەپلەردە يۈرگىنىمدە ئۇلاردىكى نادانلىق، ئۇلاردىكى قارا قورساقلىق، ئۇلاردىكى ئەخمەقلىققە قاراپ بەك كەيپىم ئۇچقانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇلاردىكى جاھالەت ئۇنچىۋالا كەيپىم ئۇچقىدەكمۇ ئەمەس ئىكەندۇق. ئاز بولسىمۇ مەكتەپلىرى، تەرتىپسىز بولسىمۇ مەدرىسلىرى، ئۆزلىرىگە تۇشلۇق زىيالىي ۋە مۇھەررىرلىرى، مەتبۇئات ۋە كىتابلىرى، جەمئىيەتلىرى، ھۈنەرۋەنلىرى ھەممەتىسىز بولسىمۇ بايلىرى، كۆز ئۈستىدىكى قاشتەك ئىككىگىنە بولسىمۇ قانۇن بىلگەن قانۇنچى ۋە ئادۋوكاتلىرى بار ئىدى.

ئالتە شەھەردە ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھېچقايسىسى يوق. ئومۇمنىڭ پايدىسىغا ئىش قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. دىن نۇقتىئىنەزەرىدە بىرىنچى پەرز ھېسابلانغان ئوقۇ - ئوقۇتۇش توغرىسىدىكى پەرۋاسىزلىقلارنى يېزىشقا قەلەم ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئىنسانىيەت ۋە ئىسلامىيەت نۇقتىسىدىن سۆزلەر بۇ ئاغىز، بىراق بۇ سۆزلەرنى ئاڭلارغا بىر قۇلاق يوق. تۇرمۇش ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي شەخسىيەت ۋە شەھۋانىيەتتىن ئىبارەت:

قىمارۋازلىق، ھاراقكەشلىك، پاھىشۋازلىق ، ئوغرىلىق، بىر - بىرىنى ئېزىش ۋە جەبرى - جاپا سېلىشتەك ئەخلاقسىزلىقلارغا گىرىپتار بولغان.

ئىپتىدائىي مەكتەپلەرنىڭ لازىملىقى ھەققىدە بۇ خەققە جىق سۆزلىگەن بولسامۇ، تاشقا ياغقان يامغۇردەك قىلچە تەسىر قىلمىدى. گەپ چۈشەندۈرۈش تەس كەلگەچكە، ئۆرنەك قىلىش ئۈچۈن كۇچادا بىر مەكتەپ ئېچىپ بالىلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدىم، لېكىن سۆز بىلەن قايىل قىلالمىغىنىمدەك، ئەمەلىي ئىش - ھەرىكەت بىلەنمۇ بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمىدى.

باشتا 40 _ 50 بالا ئوقۇشقا تىزىملاتقانىدى. ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىر تىيىن ئالماي، ھەتتا قەغەز _ قەلەم قاتارلىقلارنىمۇ ئۆزۈم بېرىپ تۇردۇم. كىتاب يوق بولغاچقا يازدۇرۇپ ئوقۇتتۇم. بىر ئايغىچە خېلى ياخشى ئوقۇغانىدى. كېيىن كۇچا ئامبىلىنىڭ بېسىمى بىلەن چىنچە ئوقۇتۇشنى كىرگۈزۈشنى باھانە قىلىپ بالىلىرىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋالدى. مەكتەپتە ئاخىر بەش - ئالتە ياشلىق بالىلاردىن بار - يوقى ئالتە - يەتتە بالا قالدى. ئامبالنىڭ ۋە خەلقنىڭ بۇ قەدەر ناچار مۇئامىلىلىرىگە غەزەپلەنمەي قولۇمدا قالغان بالىلارنى ئۆزۈم تۇرغان كىچىككىنە بىر ئۆيدە ئوقۇتىۋەردىم، ھېلىھەم ئوقۇتماقتىمەن. ھازىر قولۇمدىكى ئالتە بالا ئوقۇش ۋە توغرا ئىملادا يېزىشنى ئۆگىنىپ بولدى. بۇنى كۆرۈپ بالىلىرىنى چىقىرىۋالغان كىشىلەر ئۆكۈنچكە قالدى.

مۇشۇ كۈنلەردە روسىيىلىك سودىگەر ئۆزبېكلەر (بۇ يەردە پەرغانە ۋە تۈركىستاندىن كېلىپ ئۆي - ئوچاقلىق، بالا - چاقىلىق بولۇپ قالغان 30 _ 40 ئۆيلۈك ئۆزبېك قېرىنداش بار) ئۆز - ئارا باش قوشۇشۇپ يېڭىدىن بىر مەكتەپ ئاچماقچى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئوقۇتقۇچىلىققا پېقىرنى تەكلىپ قىلماقچى.

مۇنداق تەكلىپنى باش ئۈستىگە دەپ قوبۇل قىلىمەن. ئۆزۈم كېتىپ قالسامۇ، ئورنۇمغا ئۆزۈمدەك بىر ئوقۇتقۇچى تېپىپ بېرىشنىمۇ ئۈستۈمگە ئالىمەن. لېكىن بۇلارمۇ ئۇيۇشۇپ بىر يەرگە كېلەلمەيۋاتىدۇ. گېپى ئاغزىدىلا قېلىپ، ئىشلار ھامان خام پېتى قالىدىغاندەك تۇرىدۇ. چۈنكى بۇلارنىڭ ئارىسىدىمۇ ئاڭلىق ۋە پىكىرلىك ئادەملەر بەك ئاز. بارى: تاشكەنتلىك ئەيساخان ئەپەندى، ئەلى خوجا ئىشان، مەرغىلانلىق ئەزەمخان تۆرە. بۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ مەكتەپ بىلەن كارى يوق.

قۇرۇق خام خىيال ۋە خۇراپات بىلەن كىرلىنىپ قاتقان كۆڭۈلنى ئاقارتىش، ئاڭ كىرگۈزۈپ چىرىگەن مېڭىنى نۇرلاندۇرۇش، تازىلاش، ئۆلگەن يۈرەككە ھېسسىيات بېغىشلاش، ئۆز ئۆيىدىن باشقا يەرنى كۆرمىگەن، زامان يېڭىلىقلىرىدىن خەۋەرسىز يۈرگەن، ھەممە بەخت - سائادەتنى يېيىش، ئىچىش، ئايدا نەچچە خوتۇن يەڭگۈشلەشلا دەپ ئويلايدىغان خەلق ئارىسىغا ئىلىم تارقىتىش ۋە ئۇلارنى ئىلىم، تېخنىكا ۋە ئويغارلىققا ئۈندەش بەسى مۈشكۈل ئىش ئىكەن.

ئابدۇللا بوبى ھەزرەتلىرىنىڭ بۇ جەھەتتە قىلغان ئىلمىي خىزمەتلىرى تۈگىمەس ماختاش ۋە مۇكاپاتلارغا لايىقتۇر. بۇ كىشىنىڭ يالغۇز غۇلجىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئالتە شەھەردە ئىلىم تارقىتىشقا زېھنىنى سەرپ قىلىدىغانلىقىدىن ئۈمىدۋارمىز. بۇ يەردە خەلقنى ئىلىمگە، ئوقۇشقا ئۈندەيدىغان زاتلارنىڭ كۆپرەك بولۇشى لازىم ئىدى.

نوشىرۋان يائۇشېف. كۇچا

لىنىپ تۇرىدۇ. يۈرگەندە مۇمكىن قەدەر كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

خوتۇن ـ قىزلار بېزەككە ئامراق بولغاندەك، ئەرلەرمۇ شۇنداق پوزۇر كىيىنگەن، يورغىلاپ يۈرگۈچى قىزلارغا ۋە يورغا ئاتلارغا ئامراق كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە خوتۇننى كۆپرەك ئېلىش سۈننەت ۋە بىرىنچى دەرىجىلىك ساۋاپلىق ئىش. ئاشۇ خىل ئېتىقادىنىڭ سەمەرىسىدىن بولسا كېرەك، بۇ يەردە ئۆمرىدە يۈزدىن ئارتۇق قىزغا ئۆيلەنگەن كىشىلەر كۆپ ئۇچرايدۇ. خوتۇن ـ قىزلارنى ئۇرۇپ ـ سوقۇش، ئاغزىدىن قان كەلگۈچە قىيناش ئىككىنچى دەرىجىدە تۇرىدۇ. بۇلارنىڭ نەزەرىچە: بارلىق قۇت ـ سائادەت ۋە بارچە يېتۈكلۈك كۆپرەك خوتۇن ئېلىپ ئۇلارنى قاتتىقراق قىيناشتىدۇر.

خوتۇن ـ بالىلىرىنىڭ كۈندىلىك رىزقى ئۈچۈن 16 پۇل (ئۈچ تىيىن) بېرىپ، ئۆزلىرى كۈندۈزى ئاشخانىلاردا تاماق يەپ، كېچىلىرى مەشرەپ سورۇنلىرىدا كەيپ قىلىپ يۈرۈشنى مۇستەھەپ دەرىجىسىدە ياخشى ئىشلاردىن دەپ بىلىدۇ.

مەيلى شەھەرلەردە بولسۇن، مەيلى يېزىلاردا بولسۇن، كوچىلار بەك تار ۋە ئەگرى ـ بۈگرى بولىدۇ. بۇنى چىنلار بۇخارادىن ياكى بۇخارالىقلار چىندىن ئالغانمۇ؟ ھېچ بىلەلمىدىم، شۇنداقتىمۇ چىن بۇخارادىن قېرى بولغاندىكىن بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئۇستاز بولۇشى ئېنىق.

ئۆيلەر لايدىن ياسالغان بولغاچقا ئۆرۈلۈپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنىدۇ. يۇرتتا زىننەت ۋە كۆركەملىك يوق. ئۈستىدىن قارىسا زور بىر قەبرىستانلىققا ئوخشايدۇ. ئۆيلەر بىر ـ بىرىگە تۇتاش سېلىنغاچقا ئىشىك ئالدى ئوچۇق تۇرمايدۇ. شۇڭلاشقا دېرىزە ئورنىتىشقىمۇ ئورۇن يوق. دېرىزىمۇ ئورناتمايدۇ. ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىكى كىچىككىنە بىر تۆشۈكتىن ئازراقىنە يورۇق چۈشۈپ تۇرىدۇ. ئۆي ئىچى قۇياش نۇرى كۆرمەيدۇ. ماڭدا ـ تاپىسىلىرى لايدىن بولىدۇ. قىش خېلى سوغۇق بولسىمۇ، مەش قويۇلمايدۇ. تۆشۈكلەر ئېتىلىدۇ. شۇڭا قۇياش نۇرىمۇ چۈشمىگەنلىكتىن ھاۋا بۇزۇلۇپ، ئۆي ئىچى سېسىپ تىنجىق بولۇپ كېتىدۇ.

ئېقىۋاتقان سۇلارغا تۈرلۈك پاسكىنا نەرسىلەر تاشلىنىدۇ، يازلىقى كىر ـ قات يۇيىلىدۇ.



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

## ئالتە شەھەرلىكلەر تۇرمۇشىدىن

بۇ يەردىكى تۇرمۇشنى ئىككىگە ئايرىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ: بىرى ئەرلەر تۇرمۇشى، يەنە بىرى خوتۇن ـ قىزلار تۇرمۇشى.

ئەرلىرى غايەت ساددا ۋە تۈز بولغانىنىڭ ئەكسىچە خوتۇن ـ قىزلىرى بەك قائىدە ـ يوسۇنلۇق، تەكەللۇپى تولا. ئەرلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز قولىرىدا ئىشلەنگەن نەرسىلەر بولۇپ، خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كىيىملىرى پۈتۈنلەي رۇس ماللىرىدىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى خوتۇن ـ قىزلار تاپقان ـ تەرگىنىنى ئۈستىبېشىغا خەجلەيدۇ. ئالتۇن ھالقىسى، كۈمۈش بىلەيزۈكى، بەش ـ ئالتە دانە ياخشى چاپىنى بولمىغان خوتۇن ـ قىز ئادەم قاتارىغا كىرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق پەزىلەت، پۈتكۈل بەخت ـ سائادىتى، كامالىتى يالغۇز كىيىم بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ.

باشلىرىغا ئەرلەردەك دوپپا ۋە تۇماق كىيىپ يۈرىدۇ. ئاياغلىرىدا ئېگىز پاشنىلىق كەپىش ۋە سىرلىق (سىرتمەلىق؟) قونچلۇق ئۆتۈك بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا كىيىملىرى پۈتۈنلەي چىنچىدۇر.

يۈزلىرىگە ئۇپا ـ ئەڭلىك سۈرۈپ، كالپۇكلىرىنى قىزىل بوياپ يۈرىدۇ. قىسقىسى، ياسىنىش ـ تارىنىشتا ھېچ نۇقسان يوق.

كوچىدا يۈرگەندە يۈزلىرىگە «چۈمبەل» دېگەن ئاق تورنى يېپىپ، تۇماقنىڭ ئاستىدىن ئاپپىئاق لىچەكنى چىقىرىپ ئارقىغا تاشلاپ ماڭىدۇ. لىچەك دېگەن چالمالىقتەك ئاق ۋە يۇپقا نەرسىدىن ئىبارەت. باشتىن ئاياغقىچە تاش-

## دىۋانىلەر

بۇ يەردە دىۋانىچىلىك ۋە قەلەندەرچىلىك بەك كۆپ. تەپسە تۆمۈر ئۈزگىدەك، ئۇرۇشسا بەش كىشىنى بىردىن سېلىپ يىغىشتۇرغىدەك تېنى تازا ياش ـ ياش يىگىتلەر، دىۋانىلىققا بېرىلىپ، كوچا ـ كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرىدۇ. بۇ دىۋانىلەر ئارىسىدا بەك ئۇسالىلىرىمۇ بولىدۇ. بىرەر كىشىگە ئاچچىقى كەلسە، كوچىدىكى ئۇششاق بالىلارنى قىينايدۇ. نان ساتقۇچى ئاياللارنىڭ نانلىرىنى بۇلاپ يەيدۇ.سۈتچى خوتۇنلارنىڭ سۈتىنى ئىچىۋالىدۇ. ئوتۇنچىلارنىڭ ئوتۇنىنى تارتىۋېلىپ قالايدۇ.

بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تىلەملەرنىڭ قارغىشىدىن بەك قورقىدۇ. شۇڭا ئۇلارغا ھېچ نېمە دېيەلمەيدۇ. ئۇلارنى ھەقىقىي مەجنۇن (ئاشىق ياكى سارالڭ) دەپ ئويلايدۇ. بىراق، ئەمەلىيەتتە ئۇلار مەجنۇنمۇ ئەمەس، دىۋانىمۇ ئەمەس، پەقەتلا ھورۇنلۇق ۋە بىكار تەلەپلىكىدىن، ئىشتىن قورقانلىقىدىن شۇنداق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ يۈرىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى پۈتۈنلەي ئاندىن توغما يالىڭاچ يېتى يۈرىدۇ.

## مەدداھلار

بۇ يەرنىڭ مەدداھلىرى كوچىلاردا «ئابا مۇسلىم» قىسسىسىنى سۆزلەيدۇ. «رۇستەم» ۋە «ئاپراسىياپ» قىسسىلىرىنى ئوقۇيدۇ. يەرلىك خەلق ئۇنداق قىسسىلەرنى بەك ئىخلاس بىلەن تىڭشايدۇ. لېكىن گېزىت ئوقۇمايدۇ ۋە گېزىتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مەتبۇئات يېڭىلىقلىرىدىن قىلچە خەۋىرى يوق. ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان يالغانلاردىن، خام خىيال ۋە خۇراپاتتىن لەززەتلىنىدۇ.

پەن ـ مائارىپ، پەن ـ تېخنىكا، جەمئىيەت ـ مەدەنىيەت، ئىنساپ ـ ئادالەت، مىللەت ۋە مىللىيەت، دىيانەت ۋە شەرىئەت، مەسلىھەت ۋە كېڭەش، چىرايلىق مۇئامىلە ۋە چىرايلىق دوست ـ ئاغىنىدارچىلىق، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش، مەكتەپ ـ مەدرىسە، مىللىي مەتبۇئات، مىللىي ئەدەبىيات دېگەندەكلەرنى بىلمەيدۇ. دىنىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى چۈشەنمەيدۇ. پۈتكۈل تۇرمۇشى قۇم ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئازراقلا شامال چىقسا ھازىرلا توزۇپ كېتىدىغاندەك ئارانلا تۇرىدۇ.

## چەنتۇ

ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرى ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلمەيدۇ. «سىز كىم بولىسىز؟» دەپ سورىسا «چەنتۇ بولىمىز» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ.

چەنتۇ چىنلىقلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ئات بولۇپ «يۈگمە باش» دېگەن مەنىدە. چىنچە «چەن» ئورالغان، «تۇ» باش دېگەن سۆزدۇر.

چىنلىقلار بۇ ئاتنى ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى تۇڭگانلاردىن باشقا بارلىق مۇسۇلمانلارنى «چەنتۇ» دەپ ئاتايدۇ.

بۇ يەردە مىللىي تارىخ، ئانا تىل ۋە مىللىي ئەدەبىيات... ئوقۇتىدىغان مەكتەپ ـ مەدرىسىلەر يوق. بولسىمۇ بۇخارا ئۇسۇلىدا. مانا شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىم ئىكەنلىكلىرىنى بىلەلمەي يۈرىشىدۇ. بۇ يەردە ئۆز ئانا تىلىدا توغرا يازالايدىغان ۋە ئوقۇيالايدىغان ۋە مىللىي تارىختىن خەۋەردار بىرمۇ كىشى يوق. پەقەت قەشقەرلىك داموللا ئابدۇقادىر ئەپەندى بۇنىڭ سىرتىدىدۇر.

ـــ سىز كىم؟

ـــ ئەلھەمدۇلىللاھ چەنتۇ.

مانا جاھالەت دېگەن.

بۇلار ئۆزلىرىنى «چەنتۇ» دەپ بىلگىنىدەك روسىيە تۈركىستانىدىكى ئۆزبېكلەرنىمۇ ئەنجانلىق دەپلا ئاتايدۇ. بۇ ئىككى «ئۆزبېك» نىڭ ئارىسىدا قېرىنداشلىق نىشانى كۆرۈنمەيدۇ. قېرىنداشلىق تۇگۇل، ئارىلىرىدا دۈشمەنلىك ھۆكۈم سۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسى شۇ قەدەر ئوچۇق، شۇ قەدەر سوغۇقكى خۇددى سۇ بىلەن ئوت.

بۇلار ئارىسىدىكى دۈشمەنلىك ياقۇپبەگ ۋاقتىدا تۇغۇلغان. چۈنكى ياقۇپبەگ تۈركىستانلىق، چەنتۇلارنىڭ



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

تەبىرىچە ئەنجانلىق ئىدى. بۇنىڭدىن 50 ـ 60 يىل ئىلگىرى تۈركىستان ئۆزبېكلىرى بىلەن بۇ يەردىكى ئۆزبېكلەرنى بىرلەشتۈرۈپ مۇستەقىل بىر ھۆكۈمەت قۇرۇش نىيىتى بىلەن بولسا كېرەك، چەنتۇلارنى ئۆز ئىدارىسى ئاستىغا ئالماقچى بولدى. لېكىن چەنتۇلار باش ئەگمىدى. ئارىدا قاتتىق ئۇرۇش باشلاندى. ياقۇپبەگ ئەسكەرلىرى چەنتۇرلانى قىردى. قەتلىئام قىلدى. ياقۇپبەگ ھەر قانچە تىرىشسىمۇ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالمىدى. چۈنكى چەنتۇلاردا ئۇنى چۈشەنگىدەك ئاڭ يوق ئىدى. نادان خەلقنى ئۇيۇشتۇرماق قۇمدىن ئارقان ئەشكەندەك قىيىن بىر ئىش. توغرا، ئۇلار سوقۇشتىن كېيىن ياقۇببەگكە بويسۇندى، لېكىن ئۆز پايدىلىرىنى بىلىپ ئەمەس، بەلكى ياقۇپبەگنىڭ تايىقىدىن قورقۇپلا باش ئەگدى.

ياقۇپبەگنىڭ بۇ ئىشى ئاساسسىز ئىدى. ئۇ ئۇلارنى ئادەم قىلىش، ئۇلارغا ئاڭ بېرىش كېرەك ئىدى. شۇڭا ياقۇپبەگنىڭ تىككەن دەرىخى يىلتىز تارتالمىدى. ياقۇپبەگ ئۆلۈش بىلەن تەڭ چەنتۇلار يۈز ئۆرىدى. ياقۇپبەگ ئەشكەن ئارقان ئۈزۈلدى. مەنسەپ تاماسى بىلەن ئۆزئارا قىرغىنچىلىق باشلاندى. بىر ئاز تارتىشىش بىلەن جەڭگى ـ جېدەلمۇ بېسىقتى. ياقۇپبەگ قۇرغان نېگىز يىمىرىلدى. لېكىن ئىش ئۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. چەنتۇلار بىلەن ئەنجانلىقلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت بۇزۇلدى، قېرىنداشلىق يىپى ئۈزۈلدى. مېھرى ـ مۇھەببەت ئوتى ئۆچۈپ ئارىغا سوغۇقلۇق چۈشتى.

مانا شۇنىڭدىن كېيىن باشلاندى دۈشمەنلىك!...

ھازىرمۇ بۇ دۈشمەنلىك ئاسانلىقچە يوقىلىدىغاندەك ئەمەس.

قاچانكى بۇلار ئوقۇشقا باشلىسا، ئىپتىدائىي تەلىم بولسىمۇ بىر يولغا قويسا، ئۆزلىرىنى تونۇسا، كاللىسىغا ئاڭ كىرسە، شۇندىلا يۈرەكتىكى «مۇز بىلەن تۇز» ئېرىسە ئېرۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، بۇ دۈشمەنلىك ئاتىدىن بالىغا تەگمىش بولۇپ قالۇر ۋە بارغانچە ئۇلغىيىپ، كۈچىيىپ بارۇر.

چەنتۇلارنىڭ ماددىيەت ئالىمى بىلەن بولغان ئالاقە ـ باغلىنىشلىرىنىڭ يوقلۇقى، خىيالىي، مەۋھۇم ۋە خۇراپات ئالەمدە قانداق پەرۋاز قىلىپ ئۇچىدىغانلىقلىرى ھەققىدە يېزىشنى كېيىنگە قالدۇرۇپ تۇرىمەن.

نوشىرۋان ياۋۇشېف، كۇچا

## پېرە ئويناتىش

قۇياش پاتقاچ، مەن چۈشكەن ئۆينىڭ ئۇدۇلىدىن داپ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ يەردە پېرە ئويناتىۋاتىدۇ دېدى. كۆرۈشكە باردىم. ئويۇن باشلىغۇچى باخشى بىلەن كۆرۈشتۇم:

ــــسىز بۇ باخشىلىقنى كىمدىن ئۆگەندىڭىز؟

ــــبىز ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ باخشى بولۇپ كەلگەن. بىز جىن سوققان، بالا تۇغمىغان ئاياللارغا پېرە ئوينايمىز. مانا بۇ خوتۇننىڭ پۇتى ئاغرىق ئىكەن، شۇڭا پېرە ئويناتىش ئۈچۈن مېنى بىر كۈنلۈك يەردىن ئېلىپ كەلدى.

ــــئۇزاق ئوينامسىز؟

ــــساقايغىچە ئوينايمىز، ئۈچ ـ تۆت كۈندە ساقىيدۇ، ئەگەر جىندىن بولغان بولسا.

قىسقىچە تەرتىپى:

ئۆينىڭ ئۆگزىسى تېشىلىپ قىلىنغان ئۆتكۈزۈلىدۇ. ئۆي تۆپىسىدىكى ئارقان باغلىغان يەرگە تۇغ باغلىنىدۇ. ئارقاننىڭ بىر ئۇچى چىلڭ تۇگۈلۈپ ماندىغا بېكىتىلىدۇ. ئاندىن كېيىن ئويۇن باشلىنىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا ئۆي ئەتراپىدىكى كىشىلەر، ئەر ـ خوتۇن، بالا ـ چاقا بىلەن لىق تولىدۇ. باخشى قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلىدۇ. بىر قولى بىلەن ئارقاننى تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. ئاغرىقمۇ يەنە بىر ياقتىن ئىككى قولى بىلەن ئارقاننى تۇتۇپ باخشىغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. باخشى ئاللىنېمىلەرنى ئوقۇپ ئاغرىقنى سۈپكۈش قىلىدۇ، بىر قولى بىلەن جىن قوغلايدۇ.

يەنە بىر ياقتا ئۈچ ئادەم داپ چېلىپ تۇرىدۇ. قاتتىق ئاۋازدا پېرە ناخشىسى ئوقۇيدۇ. داپ، ناغرا، ناخشا ئاۋازلىرى ئۆينى بىر ئالىدۇ. ئوچاقتا ئوت يېنىپ تۇرىدۇ، قازان بېشىدا يوتقان قىزىتىلىدۇ. ئوچاققا قىزىتىش ئۈچۈن كەتمەن قويۇلىدۇ.

باخشى بىلەن ئاغرىق كىشى بىر چەتكە بېرىپ ئولتۇرىدۇ، ئاندىن ئىككى ئايال بېرىپ ئارقاننى ئايلىنىپ داپ ئۇسسۇلى ئوينايدۇ. داپ قىزىغانچە ئۇسسۇلمۇ قىزىيدۇ. ئۆيدىن چاڭ ـ توزانلار كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ.



مەزكۇر سۈرەت بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارتىلغان

ئۇسسۇلچىلار هالىدىن كەتكەنگە قەدەر ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئۇلار ھېرىپ توختىغاندىن كېيىن باشقىلار چۈشۈپ ئوينايدۇ. ئادەملەرنىڭ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ كۈلۈشىدۇ ۋە قىقاس سالىدۇ. ئاغرىقمۇ ئىختىيارسىز كۈلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى بىراز كۆتۈرۈلىدۇ.

بۇ ئىشلاردىن كېيىن ئاغرىق ئۆزى تۇرۇپ ئىككى قولى بىلەن ئارقانغا ئېسىلىپ ئايلىنىشقا باشلايدۇ. باخشى بولسا ئاغرىقنى قامچا بىلەن ساۋاپ تۇرىدۇ، بۇ ئارقىلىق جىننى قوغلايدۇ. ئاغرىق كىشى هالىدىن كەتكەنگە قەدەر ئوينايدۇ. تەرلەپ كىيىملىرىنىمۇ سېلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ كەينىدىن باخشى ئۆزى چۈشۈپ ئۇسسۇل ئوينايدۇ. ئاندىن ئاغرىقنى ئارقان يېنىغا سوزۇپ ياتقۇزۇپ قازان بېشىدىكى ئىسسىق يوتقان بىلەن دۈمبىسى ۋە قورسىقىنى ئورايدۇ. كەتمەن بىلەن ئەملەيدۇ. ئاغرىق كىشىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئارقاننى ئايلاندۇرغۇزىدۇ. بىر تۇتام پاخالنى ياندۇرۇپ، ئاغرىق كىشىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە تۇتۇپ تۇرىدۇ. تىرىك توخۇنى پۇتىدىن تۇتۇپ ئوتتا قىزىتىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاغرىقنى ئىسلايدۇ.

بۇ ئويۇننى ئۈچ سائەت كۆردۈم ـ دە، چىقىپ كەتتىم. ئۇلار تۈنبويى پېرە ئويناپ چىقتى. ئەركىنرەك پۇرسەت تېپىپ بۇ ئىشنى بېشىدىن ئايىغىچە كۆرۈپ تەپسىلىيرەك يېزىش خيالىم بار.

ياقا قۇدۇق، چېدىركۆل، تۇمشۇق، پىچاق سۇندى، چارباغ دېگەن يەرلەردىن ئۆتۈپ مارالبېشىغا كەلدىم. سايئېرىقتىن بۇ يەرگىچە ئومۇمەن چۆل. پەقەت تۇمشۇق، چارباغ تەرەپلىرىدىلا ئازراق مۇنبەت يەرلەر، تاتلىق سۇلار بار ئىكەن. بۇ يەرلەردە تېرىقچىلىق قىلىنىسىمۇ، لېكىن ياۋا چوشقىلار ۋەيران قىلىۋېتىدىكەن. بۇ يەردە يولۋاس دېگەندەك يىرتقۇچ هايۋانلارنىمۇ بار دەيدۇ.

## مارالبېشى

ناهىيە بازىرىچىلىك بىر شەھەردۇر. كوچىلىرى تار ۋە ئەگرى ـ بۈگرى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، تۇرىدىغان ئۆيلىرى دېرىزىسىز، قاراڭغۇ ۋە ناهايىتى مەينەت بولغانىنىڭ ئەكسىچە قەبرىلەر پىششىق خىشتىن ناهايىتى چوڭ ھەم پۇختا قىلىپ ياسالغان. ئۆلۈمگە مەھكۇم خەلقلەر بۇ دۇنيا ئۆيىدىن ئاخىرەت ئۆيىنى ياخشىراق كۆرسە كېرەك. بۇ يەرلەردە روسىيىلىكلەر ئاز، تاتارلار يوق. بۇ شەھەرنىڭ ئامبىلى روسىيە پۇقرالىرىغا يەر سېتىپ بەرمەيدىكەن.

خەلقى نادان، تەرتىپلىك مەكتەپلىرى يوق. بۇ يەردىمۇ ئىشسىزلىق، موهتاجلىق هۆكۈم سۈرۈپ تۇرىدۇ. بۇ يەردە مۇنچا، دۇش مۇنچا، لامپا، ساماۋەر دېگەندەك نەرسىلەر بولمايدىكەن.

بەش ـ ئالتە كۈندىن بېرى توغراق ئورمىنى ئىچىدىن مېڭىپ كېلىۋاتىمەن. ھېسابسىز كۆپ لىم ياغاچلار يەردە چىرىپ تۇپراق بولۇپ ياتىدۇ. كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مۇنبەت يېرى ئاهالىگە قارىغاندا كۆپ. تېرىسا ھەرقانداق نەرسە ئۈنىدىكەن. لېكىن تۆمۈريول بولمىغاچقا ئاشلىق سېتىپ پايدا ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى بۇ يەر شەھەرگە يىراق.

ئۆردەكلىك ـــ بۇ يەردە ئەتراپتىكى ئۆيلەرنى قوشقاندا مىڭ ئۆيلۈك ئادەم بار. جۈمە كۈنى بازار بولىدىكەن. خەلقى مال بېقىش، تېرىقچىلىق بىلەن كۈن كەچۈرىدىكەن. خەنزۇ ئەمەلداردىن باشقا مۇپتى، قازى، ئەلەملىرى بار. بۇ يەردە مۇنتىزىم مەكتەپ تۈگۈل ئادەتتىكىسىمۇ يوق. 11، 12 ياشلىق باللارنىڭ كوچىلاردا ئاندىن تۇغما هالدا قىپيالىڭاچ بولۇپ، توپىغا مىلىنىپ ئويناپ يۈرگىنىنى كۆرگىنىڭدە ھەي ئېسىت، شۇ باللارنى ئوقۇتۇپ ئادەم قىلغان بولسىدى، دەپ كېتىسەن.

بۇ يەردىكى كىشىلەر شەھەردە بولسۇن، يېزىدا بولسۇن ئەرلەر بىلەن خوتۇن ـ قىزلار كوچىلاردا پاراڭ سېلىشىپ ئولتۇرىدۇ. بىكارچى. بۇلار ھۆرۈنلۇقنى ئەرلىردىن ئۆگەنگەن بولسا كېرەك، ھېچبولمىغاندا چاچلىرىنى تاراپ ئۈستىۋاشلىرىنى يۇيۇپ، ئۆيىنى تازىلىغان بولسىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسي يالاڭ ئاياغ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ كەتكەن. نۆۋەت بىلەن پىت بېقىشىدۇ، ئۈستىۋېشىغا يىرگەنگۈلۈك، ئۆيلىرىگە كىرىپ قازان ـ تۇۋاقلىرىغا قاراپ قۇسقۇلۇڭ كېلىدۇ.

چاڭزا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ تۇرۇشۇمغا ئارقىمىدىن

سالتاڭ ئاتلىق بىر كىشى يېتىشىپ كەلدى:

—ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

—ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام.

—يول بولسۇن.

—قەشقەرگە.

—نەدىن كەلدىڭىز؟

—كۇچادىن.

—مەككە، مەدىنىدە تۇرامسىز

—ياق، روسىيىدە.

—ھە!! روسىينى ھازىر سوقۇشۇۋاتىدۇ، دېگەن بىر گەپ بار، راستمۇ؟ كىم بىلەن سوقۇشۇۋاتىدۇ؟

—گېرمانىيە.....

—رۇس كىمگە قارايدۇ؟

—ھېچكىمگە قارىمايدۇ، ئۆز ئالدىغا ناھايىتى چوڭ پادىشاھ.

—بۇ گېرمانىيە دېگەن كاپىرمۇ، مۇسۇلمانمۇ؟

—بىلمەيمەن...

—گېرمانىيىنىڭ ئاسماندا ئۇچىدىغىنى راستمۇ؟

—راست.

—خۇدانىڭ قۇدرىتى، يا قانىتى بولمىسا ئۇنىڭ. نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

—....

—خوتۇن بارمۇ؟

—يوق، ئۆزىڭىز نەچچە ياشتا؟

—ئەللىكتە، خۇدا خالىسا. بىزنىڭ بۇ يەردە خوتۇن ئەرزان .تېخى يېقىندىلا بىر ـ ئىككى تەڭگە چىقىم قىلىپ 14 ياشلىق بىر قىز ئالغانىدىم، يېنىدا ئىككى كۈن يېتىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۇنى قويۇۋېتىپ، ئاخشام يەنە بىرنى ئالدىم. باللارنىڭ ئانىسى قېرىپ قالدى، ئۇ ... بولمايدۇ. بىز پەيزىۋاتتا دائىم بېرىپ تۇرىمىز، ھەر بارغاندا بىرنى ئالماي كەلمەيمىز. ئۈچ كۈن تۇرىمىزدە تالاق خېتىنى بېرىۋېتىپ كېتىمىز، ناھايىتى ئۈچ ـ تۆت تەڭگىلا چىقىم بولىدۇ.

—بەك ئاز بېرىدىكەنسىز، ئۇنىڭ ئىددەت ساقلاپ ئولتۇرۇشى ئۈچۈن ئۇ ئۈچ ـ تۆت تەڭگە يەتمەس.

—ھا ـ ھا!—دەپ كۈلدى.

## پەيزىۋات

پەيزىۋات ناھىيە ھاكىمى تۇرىدىغان يەر بولۇپ، يېرى مۇنبەت ۋە مەھسۇلدار. بۇ يەردە كېۋەز كۆپ تېرىلىدۇ. خەق ئالتەشەھەردە كېۋەز تېرىشقا پەيزىۋاتتەك ئېسىل يەر يوق دەيدىكەن. خەلقىدىمۇ موھتاجلىق ۋە پېقىرلىق ئانچە سېزىلمەيدۇ. باشقا شەھەرلەردىكىدەك كوچىلاردا قىمار ئوينايدىغانلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ. خەلقىمۇ جانلىق، تېتىك كۆرۈنىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ بۇ يەردە مەكتەپ يوق. گېزىت ئوقۇيدىغانلارمۇ يوق.

پەيزىۋات خەلقى مۇپتى ۋە روھانىيلارنىڭ شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلىرىدىن شىكايەت قىلىدۇ: «بىر مۇپتى بىر باي تۇغقان بىلەن شېرىكلىشىپ ئىككى ئايلىق مۇھلەت بىلەن %30 لىك ئۆسۈملۈك قەرز پۇل تارقىتىدۇ. مۇسۇلمان بولدى، ئىمان ئېيتتى، دەپ مۇسۇلمان قىزلارنى ياتلارغا نىكاھلاپ بېرىدۇ. مەدرىسە ۋەخپىلىرىنى سېتىشقا توغرا دەپ پەتىۋا چىقىرىپ مۆھۈرلىرىنى باسىدۇ. ئارىدىن پايدا ئالىدۇ. بۇ سۆزلىرىمىز ھەق ۋە راست، بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. مۇپتىنىڭ ئىسمى بىلەن ياز، ئىسمى ....» دەيدۇ.

پەيزىۋاتتىن قەشقەرگىچە بولغان 55 چاقىرىم يەر مۇنبەت ۋە ھوسۇلدار، زىرائەت ۋە دەل ـ دەرەخ (سۇدىمى ئورمان)تىن ئىبارەت. مەركىزىي ئاسىيادا زىرائەت، دەل- دەرەخ ۋە باشقا مېۋىلەر ئۆستۈرۈلىدۇ. يەرنى ئوغۇتلايدۇ. بۇ يەردە ئوغۇت بەك ئەتىۋارلىق، تاغارلارغا تولدۇرۇلۇپ تۆكمەي ـ چاچماي يەرگە ئېلىپ بېرىپ چېچىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئاز تېرىلسىمۇ ھاسىلات ياخشى بولىدۇ.

بۈگۈن (17 ـ ئاپرېل) قەشقەرگە يېتىپ كەلدىم. قەشقەر خەۋەرلىرىنى ئىككىنچى مەكتۇبۇمدا يازىمەن. ئالتەشەھەرنىڭ تىرىكچىلىك ئۇسۇلى ھەر جەھەتتىن مەركىزىي ئاسىياغا ئوخشايدۇ. پەقەت مەركىزىي ئاسىيا خەلقلىرى روسىيە ھىمايىسىگە ئېلىنغاندىن كېيىن تۆمۈر يوللار ياسىلىپ، زامانىۋى قوراللار كەلدى. تىجارەت، زىرائەت ۋە مائارىپ ئىشلىرى بىر ئىزغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئالتەشەھەردە بولسا پۈتۈن ئىش نوھ زامانىدىكى پېتىچە قالدى، يارغۇنچاق بىلەن ئۇن تارتىش، لامپا ئورنىغا جىنچىراغ يېقىش، ساماۋەر ئورنىغا قۇم چۆگۈن ئىشلىتىش، كوچىلاردا يالاڭ ئاياغ، يالاڭ تۆش، كالتە يەڭ پېتى يۈرۈش، قىزلىرىنى يات مىللەتلەرگە بېرىش، ئىشسىزلىق، ھۇرۇنلۇق سەۋەبىدىن مۇھتاجلىقتا قېلىپ، دەرۋىشلىك، دىۋانىلىككە بېرىلىش، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتكە جان جەھلى بىلەن قارشى تۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سۈپەتلەر بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

كۇچا ـ قەشقەر يولى ناھايىتى تەكشى بولۇپ، تاغۇ

تاش، ئويمان ـ چوڭقۇرلار يوق، تۆمۈر يول سېلىشقا بەك قۇلايلىق. يولبويى تەڭرىتاغلىرىدىن نېفت، كۆمۈر چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەگەر بۇ يەرلەرگە تۆمۈريول سېلىنغان بولسا مەدەنىيەت، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى تەرەققىي قىلغان، خەلق ئىقتىسادى كۆتۈرۈلگەن بولاتتى.

لېكىن مۇتەئەسسىپ چىن هۆكۈمىتى ئۇنداق ئىشلارنى بىلمەيدۇ. ئىككىنچىدىن پۇل يېتىشمەيدۇ، پۇللار تېگىشلىك ئورۇنغا خەجلەنمەيدۇ. شەھەر ئەتراپىغا سېپىل، قەلئە، قورغانلار سالدۇرىدۇ. بۇنىڭ مۇھىتنى بۇلغاشتىن باشقا هېچقانداق پايدىسى بولمىسا كېرەك.

يوللاردا كۆۋرۈك يوق، شەھەر كوچىلىرى توپىلىق، چالىڭ ـ توزاڭ كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. تاش يوق. قورغانلارغا خەجلىگەن پۇللارنى يوللارغا، كۆۋرۈكلەرگە، شەھەرلەرنى ياساشقا ئىشلەتكەن بولسا ياخشى بولماسمىدى.

نوشرۋان يائۇشېف. كاشغەر 19 ـ ئاپرېل

## ئاپاق خوجام مازىرى

قەشقەردە هەزرىتى ئاپاق دېگەن بىر قەبرە بار. بۇ يەر ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا رەۋزەئى سائادەتتىنمۇ ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس سانىلىدۇ. بۇ قەبرە شەھەرنىڭ ئۈچ چاقىرىم شەرقىي شىمالىي تەرىپىدە. بۇ يەردە زىيارەتچىلەر ئۈچۈن مەخسۇس بازارلار ئېچىلغان. زىيارەتچىلەرنىڭ سانى يوق. ئالتە شەھەرلىكلەر بارچە مۇراد ـ مەقسەتلىرىنى بۇ يەردىن ئىزدەيدۇ، هاجەتلىرىنى شۇنىڭدىن سورايدۇ.

شەنبە كۈنى مەنمۇ مەزكۇر قەبرىنى زىيارەت قىلماقچى بولۇپ يولغا چىقتىم. يولدا ئاتلىق، پىيادە، ئېشەكلىك ۋە هارۋىلىق كىشىلەر ئۇرۇشقا ماڭغان ئەسكەرلەردەك مازارغا كېتىپ باراتتى. ئەرلەر، خوتۇن ـ قىزلار، مۇسۇلمانلار، چىنلار ئارىلاش. بۇ كۈنى شەھەردە ئادەم شالاڭداپ قالغانىدى. تىلەمچى، قىمارۋاز، پالچى، قەلەندەر، تېرىقچى، تىكىنچى، بۇزۇقلاردىن تارتىپ موللا ـ مۆتىۋەرلەرگىچە قالماي كەتكەنىدى.

مانا، بىرئاز مېڭىپ بازارغا ئوخشايدىغان بىر يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەردە هەر خىل كىشىلەر بار. دۇكان، ئاشخانا، چايخانىلار قۇرۇلغان، خەلق مىغ ـ مىغ قايناپ تۇرىدۇ. كوچا ـ كويلار، مازار پۈتۈنلەي ئادەم بىلەن تولغان. بۇ يەردە پاھىشىلەر بىلەن چىنلار، تىلەمچىلەر بىلەن قىمارۋازلار، موللىلار بىلەن ئاخۇنلار ئارىلاش يۈرىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتماسلىقىم چىدىغلى بولمايدۇ: بۇ يەردىكى پاھىشىلەر پۈتۈنلەي مۇسۇلمان خوتۇن ـ قىزلىرىدىن ئىبارەت. نامىدا زىيارەتكە كەلگۈچى بولسىمۇ، خەلقنىڭ يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرى، هەرىكەتلىرىگە دىققەت بىلەن قارىغاندا قەبرىلەرنى زىيارەت قىلىش بولماستىن، تىرىكلەرنى زىيارەت قىلىش ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ...

قىستىلىپ يۈرۈپ ئالغا ماڭدىم، مازار دەرۋازىسى ئالدىدا پالچىلار پال بېقىپ ئولتۇرىدۇ. بەخت تىلىگۈچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى خوتۇن ـ قىزلار ئىدى. بۇلار يازمىشى، تەقدىرى ۋە كېلەچىكى هەققىدە پال ئاچقۇزاتتى.

دەرۋازا ئىچىدە بىر توپ كىشى دۈگىلەك بولۇپ چاي ئىچىپ ئولتۇرىدۇ. مەدداھلار ئەبۇ مۇسلىمنىڭ هېكايىسىنى سۆزلەيدۇ. بۇنى مىڭلارچە كىشى ئاڭلايدۇ. بۇلاردىن ئۆتۈپ ئىككىنچى دەرۋازىغا باردىم. بۇ ئاپاق خوجام مازىرىنىڭ دەرۋازىسى ئىدى. يۈزلەپ تىلەمچى ئولتۇراتتى: «ئاپاق خوجامنىڭ هەققىدە ئىككى پۇل بېرىڭ، ئاپاق خوجام مەقسىتىڭىزگە يەتكۈزسۇن» دەپ ئولىشىۋالدى، بىر پۇلدىن بەرگەندىمۇ بۇلارغا پۇل يەتكۈزۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشقا يارىمايدىغانلىرى ئاز، كۆپىنچىسى سەككىز ـ توققۇز ياشلىقتىن تارتىپ 20، 30 ياشقىچە بولغان يىگىتلەر، تەپسە تۆمۈر ئۈزگىدەك قىران ئەركەكلەر. بۇلار تىلەمچىلىكنى ئۆزلىرىگە كەسىپ قىلىۋالغان، ئىشلىمەيدۇ، قورساقلىرىنى تىلەمچىلىك قىلىپ تويغۇزۇپ يۈرىدۇ.

ئارقىمدىن ئەگەشكەن يۈزلەپ تىلەمچى بىلەن خوجامنىڭ قەبرىسىگە كىردىم. ئىشىككە يېزىلغان خەتتىن مەلۇم بولۇشىچە، بۇ قەبرىنى بۇنىڭدىن 41 يىل ئىلگىرى ياقۇپ بەگ سالدۇرغان ئىكەن. گۈمبەز تەخمىنەن 350 ئارشىن (گەز) چوڭلۇقىدا بولۇپ، سەمەرقەنت مەد-



ئاپاق خوجام مازىرىنىڭ 100 يىل ئىلگىرىكى كۆرۈنۈشى

رىسلىرىدەك زىننەتلەنگەنىدى. ئىشىكلىرى ئېتىك بولغاچقا ئىچىنى كۆرەلمىدىم. شۇ كۈنى چوڭ شەيخلىرى چىقماپتۇ، دەيدۇ. گۈمبەزنىڭ ئەتراپىغا چەكسىز كۆپ مۇڭگۈز (تاغ تېكىسىنىڭ مۇڭگۈزى) قويۇلغان.

يۈزلەرچە خوتۇن ـ قىزلار «ئاھ خوجام، ۋاھ خوجام» دەپ يىغلىشىپ تىلەك تىلەيتتى. قوللىرى بىلەن تامنى سىيپاپ كۆزلىرىگە سۈركەيتتى. يۈزلەرچە ئەر كىشى ئۈنلۈك ئاۋازدا قىرائەت قىلاتتى. بۇلار قارىلار، زىيارەتچىلەر ئۈچۈن ئوقۇپ بېرەتتى. ئوقۇتقۇچىلاردىن ئاز ـ تولا پۇل ئالاتتى.

ئاپاق خوجامدىن چىقىپ ئۇنىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى قىمارخانىغا كىردىم. بۇ يەردىمۇ تىلەمچىلەر پۇل تىكىپ دەتتىكام ئويۇنى ئويناپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ سانىنى بىلىش تەس ئىدى. بۇنى پەقەت مۇنداق تەخمىن قىلىش مۇمكىن:

تەخمىنەن يۈز ساژىن* يەر پۈتۈنلەي تىلەمچى، قىمارۋاز بىلەن تولغان. ئۇلار سوقۇشاتتى، سوقۇشۇپ بىر ـ بىرىنى قانىغا بوياتتى. «سۆزۈم يالغان بولسا ھەزرىتى ئاپاق خوجام ئۇرسۇن» دەپ قەسەمىيات قىلىشاتتى.

قەشقەردە مۇندىن باشقا «مۇرات بەخش ئاتام»، «چارشەنبە مازار»، «سېيىت ئارسلانخان»، «قۇتبۇللا خوجام» «ئاق مازار خوجام»، «چاقماق خوجام»، «قاراخان پادىشاھىم»، «ئابدۇراخمان خوجام» دېگەن ئەۋلىيالارنىڭ مازارلىرى زىيارەت قىلىنىدۇ.

شەھەرگە يېقىن يەردە قەدىمدىن قالغان بىر قالماق بۇتخانىسى بار ئىكەن. ئالتە شەھەر خەلقلىرى بۇنى «مەككىدىن ئۇچۇپ كەلگەن مۇقەددەس ئۆي» دەپ پۈتۈنلەي غاجاپ تۈگىتىپتۇ. لايدىن ياسالغان بۇ ئۆي يېيىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن ئورنىدىكى توپىنىمۇ قېزىپ ئىشلەتكىلى تۇرۇپتۇ.

ھەي ئاپاق خوجا! سەن ھەقىقەتەن خوجىسەن ھەم كۈچلۈك ۋە قۇدرەتلىك خوجىدۇرسەن، مىڭلارچە ئاچ ـ يالىڭاچلارنى ۋە ئىشسىزلارنى تويغۇزىسەن. مىڭلارچە قىمارۋازلارغا پۇل تېپىپ بېرىسەن. سەن بولمىساڭ بىچارە خوتۇنسىز...لارغىمۇ ناھايىتى قىيىن بولغان بولاتتى. سەن يۈزلەرچە شەيخلىرىڭنى مىڭلەرچە سوملارغا ئىگە قىلىپ بېيىتىپ تۇرىسەن... سەن بولمىغان بولساڭ تۇغمىغان ئاياللار كىمدىن ياردەم تىلەيتتى!...

بۇ يەردە ياقۇپ بەگ سالدۇرغان بىر مەدرىسە بار ئىكەن. بۇ مەدرىسە ھازىرمۇ خارابە ئالدىدا. ساق قالغان ئۆيلەرنىڭ بەزىلىرىنى يەرلىك خەلق ئۆي قىلىۋالغان، بىرگىنە ھۇجرىدا شاگىرتلار كۆرۈندى.

نوشرۋان يائۇشېۋ. كاشغەر

## ئالتە شەھەر خەلقىگە

سىزلەرنى موللىلىرىڭىز، ئۆلىمالىرىڭىز ئىلىم ۋە ھۈنەردىن، يېڭىلىقتىن نەپرەتلەندۈرىدۇ. «يېڭىچە مائارىپتا ئوقۇغان باللار ئاخىر بىر كۈن يولدىن ئازىدۇ. يېڭىچە مائارىپ تەرەپدارلىرىنىڭ مەقسەتلىرى كۇپرىغا دەۋەت قىلىشتىن ئىبارەت» دېگەندەك تېتىقسىز گەپلەرنى قىلىدۇ. سىزلەر يېڭىچە مائارىپنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگەنلىرىڭىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە شۇ سۆزلەرگە ئىشىنىسىزلەر. بۇ ھەقتە ئۆلىمايىڭىزمۇ، سىزمۇ مەزۇرسىز. چۈنكى ئۆلىمايىڭىز يېڭىچە مائارىپنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. بىلگەن بولسىدى، ئەلۋەتتە ئۇنچىۋالا خاتالىقلارغا يول قويمىغان بولاتتى.

بۇنىڭ ئەكسىچە، يېڭىچە مائارىپ ياشلارنى مىللىيەت ۋە ئىمان ـ ئېتىقاد روھىدا تەربىيىلەپ چىن ۋە ھەقىقىي ئىنسان قىلىدىغان يېڭى ئۇسۇلدۇر. بۇ ئۇسۇل باللارنىڭ خەت ساۋاتىنى تېز چىقىرىدۇ. باللار بىر يىلدا ئۆز ئانا تىلىدا ئوقۇش ـ يېزىشنى ئۆگىنەلەيدۇ. بۇ ئۇسۇل باللارنى ئىلىم، ھۈنەرگە قىزىقتۇرىدۇ. بۇ ئۇسۇلدا ئوقۇغان باللار 12، 13 يىلدا دىن ئىلمىنى تامامەن ئۆگىنىپ بولىدۇ. ھەدىس ۋە تەپسىر ئىلمىغا ماھىر بولىدۇ. شۇ ئەسنادا تارىخ ئۆزلىرىنىڭ كىم ۋە قانداق خەلق ئىكەنلىكىنى چۈشىنىدۇ. ئۆتكەن زاماندىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ قانداق تۇرمۇش كەچۈرگەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. باشقا خەلقلەرنىڭمۇ قانداق ئىشلارنى قىلغانلىقلىرىنى بىلەلەيدۇ.

دىن ئىلمى بىلەن دۇنيا ئىلمىنى تەڭ ئوقۇيالايدۇ. تەبىئەت، ھېساب، تىجارەت، زىرائەت ۋە سانائەت ئىلىملىرىنى ئىگىلەپ دۇنيا ھەم ئاخىرەت ئۈچۈن ياخشى ئىشلار قىلالايدۇ. تەڭرىدىن باشقىغا موھتاج بولمايدۇ، موھتاجلىقتا قالسىمۇ، ئۆزئارا ياردەم قىلىشالايدۇ.

مانا كۆز ئالدىڭىزدا، شەھىرىڭىزدىكى يات قەۋملەرنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ كۆپىنچىسى مۇسۇلمان قىزلىرى، باللىرىنىڭ كۆپىنچىسىمۇ مۇسۇلمانلاردىن سېتىپ ئېلىنغان باللاردىن ئىبارەت.

ئالتە شەھەر موللىلىرى يېڭىچە مائارىپنى تەكشۈرگىچە مانا مۇشۇنداق ئىشلارنى تەكشۈرسە، ياش ۋە مەسۇم باللارنى ياتلارغا بېرىپ ئاينىشتىن، مەسۇمە قىزلارنى ياتلارغا خوتۇن قىلىپ بېرىشتىن خەلقنى بەزدۇرسە

MIRAS

ياخشىراق بولغان بولاتتى.

باللار يېڭىچە مائارىپتا ئوقۇسا، سىزلەرنىڭمۇ ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىزمۇ زامانغا لايىق سۈرەتتە تەربىيە قىلىپ دىن ۋە دۇنيا ئىلىملىرىنى ئوقۇتقان بولسا، يۈرەكلىرىڭىزگە ھەمىيەت، مىللىيەت ۋە دىنىيەت روھى يىلتىز تارتىپ قالغان بولسا، ئەلۋەتتە مۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىپ قالغان بولاتتىڭىز. موھتاجلىق ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، باللىرىڭىزنى ياتلارغا ساتىدىغان ئىشلارنى قىلمىغان بولاتتىڭىز.

تەرتىپلىك ۋە مۇنتىزىم مەكتەپلەردە تەربىيە كۆرگەن مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەزىز باللىرىنىلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلار يېرىدىن چىققان ھايۋان ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنىمۇ ياتلارغا ساتمايدۇ. ئۆزلىرى زاۋۇت، فابرىكىلارنى قۇرۇپ يېڭىچە تېخنىكا بىلەن تۈرلۈك قىممەتلىك قوراللارنى ياسايدۇ...

سىزنىڭ موللىلىرىڭىزغا مەلۇم:

باشقا مىللەتلەرگە (ھەتتا ئۆز مىللىتىگىمۇ) بالىسىنى سېتىشتەك ئىشلار پۈتكۈل مۇسۇلمانلار ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەت نەزەرىدىمۇ قەبىھ ۋە ئېغىر گۇناھ بولغاچقا تەڭرى تەرىپىدىنمۇ قوبۇل قىلىنمايدۇ.

بۇ ئىشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى بەلكى ئۆزىڭىزمۇ بىلىپ تۇرۇۋاتىدىغانسىز. ئۆلىمالىرىڭىزمۇ بىلىپ تۇرىدىغاندۇ. سىزنى مۇشۇنداق قىلىشقا پەقەت ئاچلىق ۋە موھتاجلىق مەجبۇر قىلىۋاتىدۇ. بەس، بۇ ئىشقا سەۋەبە بولغان ئاچلىق ۋە موھتاجلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دۇنيادا بايلىق كېرەك. باي بولۇش ئۈچۈن ئىلىم ۋە ھۈنەر كېرەك. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، يېڭىچە مائارىپ كېرىپ، يەنى دۇنيا يېڭىلانغان ۋە ئۆزگەرگەن پەيتتە ھاياتنىمۇ زامانغا لايىق رەۋىشتە ئۆزگەرتىش ۋە يېڭىلاش لازىم.

يېرىڭىز ياخشى، ھاۋاسى مۆتىدىل، نېمە تېرىسىڭىز شۇ ئۈنمەي قالمايدۇ. كېۋەزمۇ ئۆسىدۇ، گۈرۈچمۇ ئۈنىدۇ، بۇغدايمۇ بار، مېۋە ـ چېۋىمۇ بار، يېرىڭىزدە ئالتۇنمۇ، كۈمۈشمۇ بار، تۆمۈر، تاشكۆمۈر ۋە باشقا تۈرلۈك مەدەنلەر چىقىدىغان تاغلىرىڭىز بار. نېفت ۋە كېرسىن چىقىدىغان يەرلىرىڭىزمۇ بار. بۇلارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭكى، تەڭرى سىز ئۈچۈن ياراتقان، پەقەت نادانلىقىڭىز ئۈچۈنلا ئۇ نەرسىلەردىن پايدىلىنالمايسىز.

قىلىدىغان ئىشىڭىز پەقەت مال بېقىش ۋە تېرىقچىلىق. بۇ ئىككى ئىشنىمۇ ناھايىتى قالاق يوسۇندا قىلىسىز. ھەممە يەردە سايمانلىرىڭىز ھەتتا كىيىدىغان كىيىملىرىڭىزمۇ روسىيە ۋە ھىندىستان تەرەپلىرىدىن كېلىدۇ. پۇلنى ئاز تاپىسىز، تاپقىنىڭىز خىراجەتلىرىڭىزگە يەتمەيدۇ.

ھۈنەر بىلمىگەنلىكتىن قولىدا ھۈنىرى بار مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرگە يالىنىپ ئۆمرىڭىز ئۆتىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، كېۋەز تېرىيسىز، ئۇنى مىڭ بىر مۇشەققەتتە تېرىپ ئۆستۈرۈپ، يەر ئۈستىدىن قولىڭىزدا تېرىپ ئالىسىز. ئەرزان باھادا ساتىسىز. بۇ پاختىلار تېخنىكىسى بار خەلقنىڭ قولىغا چۈشۈپ چىت، تاۋار بولۇپ يەنە ئۆز يېرىڭىزگە قايتىپ كېلىدۇ. ئەمدى سىز ئۇنى ئۆزىڭىز ساتقان باھادىن (95%) قىممەت سېتىۋالىسىز. سىز مال ـ چارۋا بېقىپ يۇڭ، ئۈچەي، تېرە ساتىسىز، ئۇ نەرسىلىرىڭىزمۇ ھۈنەرلىك خەلقلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ يېڭىچە تېخنىكا بىلەن سۈپەتلىك ئىشلىنىپ چىققاندىن كېيىن يەنە ئۆزىڭىزگە قايتىپ كېلىدۇ. قىممەت باھادا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىسىز. بازاردا سېتىلىۋاتقان نەپىس ۋە ئېسىل يىپەك ياغلىقلارمۇ سىزنىڭ قولىڭىزدىن، سىزنىڭ يېرىڭىزدىن چىققان پىلىدىن ئىشلەنگەن نەرسىلەرغۇ!

ياق، بۇرادەرلەر! سىز ئەمدى ئۇنداق بولمىغۇر سۆزلەرنى قويۇڭ. ئۆلىمالىرىڭىزمۇ ئىنشائاللا مۇندىن كېيىن بۇ ھەقتە سىزلەرگە قارشى تۇرماس، چۈشىنۇر، بىلۇر.

يېڭىچە مائارىپ دېگەن يېڭى پەيدا بولغان ئۇسۇل ئەمەس، بۇ دۇنيا يارىتىلغاندىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قائىدە. يېڭىچە مائارىپ تىل جەھەتتىنمۇ، ئۆزگەرتىش، يېڭىلاش جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ بەك توغرا ۋە مەنىلىك سۆزدۇر.

بۇ قائىدە ئادەم ئاتا زامانىدىن باشلاپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن تەبىئىي قانۇندۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام زامانىدىن بۈگۈنگىچە بولغان تەرەققىياتلارنى ئويلاپ قارىسىڭىز، تارىخ كىتابلىرىغا نەزەر تاشلىسىڭىز ھەيران قالۇرسىز.

دۇنيا ئىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ، يېڭىلىنىپ كۈندىن كۈنگە ئىسلاھ قىلىنىپ تۇرغاندىن سىرت شەرىئەتلەرمۇ يېڭىلىنىش قانۇنىيىتى بويىچە يېڭىلىنىپ، ئۆزگەرتىلىپ، زامانغا لايىق سۈرەتتە ئىسلاھ قىلىنىپ كەلدى ۋە ھەمىشە ئىسلاھ قىلىنىپ كەلمەكتە. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ يېڭىلىنىش ۋە ئىنقىلاب داۋاملىشىپ يېڭىچە مائارىپ تا قىيامەتكىچە ئۆز يولىدا ماڭغۇسىدۇر.

شۇنىمۇ ئەستە تۇتۇش كېرەككى، بۇ قانۇنىيەتكە بويسۇنغانلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتمەن ۋە بەختىيار بولىدۇ. ئەمما سىزلەرگە ئوخشاش يېڭىچە مائارىپ ھارام دەپ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى ئۆزگەرتمەي، قەدىمكى ئۇسۇللىرىدا تۇرغان ئادەملەر مەڭگۈ قۇللۇق، ئاسارەت، سېتىلىشتىن خالاس بولالماي خارلىق، زەبۇنلۇقتا ھايات

2005.2

كۆچۈرۈپ قېلىۋېرىدۇ.

مەيلى بۇ دۇنيا تىرىكچىلىكى بولسۇن، مەيلى ئاخەرەت تەييارلىقى بولسۇن ھەممىسى ئۆزگەرتىشكە، يېگەلاشقا مەجبۇردۇر. سىزلەر كونا قەدىمىي ئۇسۇللىرىمىزنى بۇزمايمىز، دەپ ھەرقانچە سۆزلىسىڭىزلەرمۇ يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىش قانۇنى ئۆز يولىدىن چىقماي توختىماستىن ئالغا قاراپ مېڭىپ تۇرىدۇ.

قاراڭ، ئۇستىڭىزگە كىيگەن كىيىملىرىڭىزگە. خوتۇن ـ قىزلىرىڭىزنىڭ ئېگىن، ئاياغ، ئۇستىۋاشلىرىغا. تېخى بۇندىن ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىلگىرىلا كىيگەن چاپان ۋە كۆينەكلىرىڭىز ئۆز قولىڭىزدا ئىشلەنگەن شالڭ، ماتالاردىن تىكىلمەسمىدى؟ــھە! مانا ئەمدى بارلىق كىيىم فورما (ئۆزلىرىنىڭ تەبىرىچە) بولۇپ كەتتى. شالڭ، ماتالار پايتىما بولۇشقىلا يارايدىغان بولۇپ قالدى. بازارلارغا سەندەل ۋە سابىر (مازوزوف) ماللىرى كېلىپ تولدى. مانا شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، ئۆيلىرىڭىزدىكى جىنچىراغ ئورنىغا رۇس يېغى بىلەن فەنەر (كىرسىن بىلەن لامپا) ياندۇرۇشقا باشلايسىز. ئۆيلىرىڭىزگە دېرىزە ئورنىتىپ تەگرى بەرگەن قۇياش نۇرى بىلەن ئۆيىڭىزنى يورۇتەسىز. ئۆيلىرىڭىز، قۇرۇلۇشلىرىڭىز ۋە ئومۇمىي تىرىكچەلىكىڭىز يېڭىلىنىدۇ، ياخشىلىنىدۇ، مۇنداق ئىشلارنى ئۆلىمالىرىڭىز ۋە سودىگەرلىرىڭىز ئۆزلىرى باشلاپ قىلىدۇ.

شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، مەكتەپ ۋە مەدرىسلەرىڭىزمۇ تۈزۈلىدۇ، يېڭىلىنىدۇ، ئىسلاھ قىلىنىدۇ، تەرتىپكە سېلىنىدۇ. يېڭىچە مائارىپ قائىدىسى جارى قىلىنىدۇ. بۇ ئىش چوقۇم بولىدۇ. مولللىرىڭىز، ئۆلىمالىرىڭىز، سوپىلىرىڭىز ۋە ئۆزگىلەر قارشى تۇرۇپ بولدۇرماسلىققا تىرىشىشمۇ بەربىر بولىدۇ. شۇنداق بىر زامان كەلمەي قالمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭغىچە ئازراق ۋاقىت ھارام ۋە بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇ.

ياشلارنىڭ، بالىلارنىڭ پۇشايمان ۋە ئارماندا قېلىشلىرىغا قېرىلار، ئاتىلار، ئۆلىمالار سەۋەب بولغان بولىدۇ.

پېقىر بۇ يىل كۇچا شەھىرىگە كېلىپ يېڭىچە ئۇسۇلدا بالىلارنى ئوقۇتۇشقا باشلىغانىدىم. ئۆلىمالارنىڭ خەلققە قىلغان ۋەز ـ نەسىھىتى نەتىجىسىدە مەكتىپىمىز تاقالدى. بالىلار ئىلگىرىكى ئىزلىرىغا چۈشۈپ كونىچە مەكتەپلىرىگە كىرىپ دۇئا يادلاشقا تۇتۇندى. بايلار بولسا (تاشكەنتلىك ئەيساخان ئايدۇلجاپپاروفتىن باشقىلىرى) مەكتەپ ئېچىشتىن ۋاز كەچتى. يەرلىك بايلاردىن ھەمت ھاجى مۆمىن قارى ئوغلىمۇ مەكتەپنى تاشلاپ مەشرەپلەردە ياش قىز بالىلار بىلەن ئويناشقا باشلىدى، مانا ئۆلىما نەسىھىتىنىڭ ناچار نەتىجىسى!...

كۇچادا بايلارمۇ يوق ئەمەس. پەقەت ئىلىم ـ سېتىم قىلغۇچى ئۈچ ـ تۆت ئادەم بار. بۇلارغا مەكتەپ سېلىش ئۈنچىۋالا ئېغىر ئىش ئەمەس. پەقەت بۇنىڭ پايدىسىنى بىلمىگەنلىكلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ تەرغىب ـ تەشۋىق قىلمىغانلىقىدىن بۇ ئىش ۋۇجۇدقا چىقماي كېلىۋاتىدۇ.

يەنە بىرى، بۇ يەردىكى بايلارنىڭ مەتبۇئات يېگەلىقلىرىدىن خەۋىرى يوق. گېزىت ئوقۇمايدۇ، ئوقۇغانلىرىمۇ ئۇرۇش خەۋەرلىرىنىلا كۆرۈپ قويىدۇ. مىللىي تۇرمۇش ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەرگە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىشقا قىزىقمايدۇ.

غۇلجا مۇسۇلمانلىرىدىنلا ئىبرەت ئالسىمۇ ياخشى بولاتتى. مۇتەئەسسىپلىك قىلىشتا ئۇنداق ئىشلارغا ئېتىبار يوق. بارى يوق پۇلىنى ياش ۋە چىرايلىق قىزلارغا پىدا قىلىدۇ. ئىلىم ـ مەرىپەت يولىغا ئىنئام ـ ئېھسان قىلىشتىن لەززەتلىنىشنى بىلمەيدۇ. بۇلارنىڭ بەخت قارىشى ياخشى ئۆي، ياخشى خوتۇن، ياخشى تاماق، ياخشى ئات، چىرايلىق كىيىمدىنلا ئىبارەت خالاس. بالىلىرىنىڭ ياتلارغا سېتىلىپ ئايىنىپ كېتىشلىرى بىلەن كارى يوق.

ھەي، ئالتە شەھەر مۇسۇلمانلىرى! ئويلاڭلار، ياخشى ئويلاپ ئەتراپقا بېقىڭلار، ئىش ئۆتكەندىن كېيىن ئۆكۈنگەنلىك پايدىسى يوق.

نوشىرۋان يائۇشېف. كۇچا

## ئالتە شەھەرلىكلەر تۇرمۇشىدىن

قەشقەرنىڭ مەنزىرىسى، بايلار، روھانىيلار، ئاددىي خەلق، كوچا ـ كويلار، ئۆيلەر، بازارلار، يېڭى ئەۋلاد.

قەشقەر شەھىرى تەگرىتاغلىرىنىڭ يەتتە ـ سەككىز تەرىپىدە روسىيە چېگرىسىغا ئاتلىق يەتتە ـ سەككىز كۈندە يەتكىلى بولىدىغان يەردە بولۇپ، مەنزىرىسى ئانچە گۈزەل بولمىسىمۇ، ھاۋاسى مۆتىدىل، سۈيى كۆپ، يېرى خېلى مۇنبەت. بۇ شەھەر ئالتە شەھەرنىڭ مەركىزى بولۇپ، خېلى قەدىمىي ھەم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. قەشقەردىن ئوش ۋە ئەنجانغىچە بارىدىغان كارۋان ۋە پوچتا يولى بار.

نوپۇسى 55 مىڭدىن 60 مىڭغىچە دەپ تەخمىن قىلىنىدۇ. يەرلىك خەلقتىن باشقا روسىيە پۇقرالىرى، ئىنگلىزلار، ئافغانلارمۇ بار. بۇ يەردە روسىيە ۋە ئەنگلىيە كونسۇلخانىلىرى، رۇس پوچتىخانىسى، روسسىيىسكى ۋاستوچنى كانترولېر (روسىيىنىڭ شەرقنى تىزگىنلىگۈچى ئەمەلدارى ـ ت) رۇس ۋە شۋېت دوختۇرخانىلىرى، بىر رۇس ـ ئاسىيا بانكىسى، سەندىل ۋەتۆر كارخانىلىرىنىڭ

MIRAS

ئىسكىلاتلىرى بار. بۇ يەردە رۇسلارغا خاس قاۋاقخانىلارمۇ بار بولۇپ، بۇنىڭدىن مۇسۇلمانلارمۇ ئىستېمال قىلىپ تۇرىدۇ. بۇ ماگىزىنلارنىڭ سودىسى بەك تېز، بۇلاردىن باشقا كۆزگە كۆرۈنەرلىك يۇرتلار يوق. پەقەت خوجەنتلىك ھېسامىدىن باينىڭ ئۆيلىرىلا ئۆيگە ئوخشايدۇ.

كوچىلىرى بەك تار ھەم تەرتىپسىز، چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. شۇ تار ۋە چۇۋالچاق كوچىلاردا ئوتۇن ئارتىلغان ئېشەكلەر، مەيگە چەككەن قاچۇرلار، ئىككى ـ ئۈچ كىشى مىنگىشىۋالغان ئاتلار، كارۋان تۆگىلىرى، بېلىگىچە ئوچۇق يالىڭاچ ئادەملەر، ئەر، ئايال، بالا ـ چاقىلار بىر ـ بىرى بىلەن قىستىلىشىپ يۈرىدۇ.

مۇنداق كوچىغا بىلمەي كىرىپ كېتىپ قالساڭ، كېتىۋېتىپ ئۇ كوچا تۈگەيدۇ ـ دە، بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە بېرىپ تاقىلىسەن. ..

ئۆيلەر لايدىن ياسالغان بولۇپ، تۆپىسىمۇ لايدا يېپىلغان، دېرىزە قويۇلمىغان ئىشىكلىرى كوچىغا قاراپ تۇرىدۇ. كوچىدىن ئۆتكۈچىلەرگە ئۆي ئىچى پۈتۈنلەي كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئۆيگە چاڭ ـ توزان كىرىپ تۇرىدۇ. بەزى ئىشىكلەرگە چۆپرەكتىن پەردە تارتىپ قويۇلغان. بۇ يەردە ياز كۈنى خوتۇن ـ قىزلار ئۆمرىنى كۆپىنچە ئۆگزىلەردە ئۆتكۈزىدۇ.

ئۆيلەر، دۇكان، ئاشخانا ۋە چايخانىلار، مەسچىت، مەدرىسە ۋە مەكتەپلەر، ساراي، ھاماملار، قاسساپلار، شالقان ۋە كوزا بازارلىرى، ئاياغ، ئۆتۈك دۇكانلىرى، خانە (ئۆي) لەر، ساتىراچلار، قېتىقچى، قايماقچى، ئېشەكچى، تۆگىچى، ناۋاي ھەم كاللا ـ پاقالچاق ساتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى ئارىلاش.

قەشقەردە پەيشەنبە كۈنى بازار بولىدۇ. بۇ يەردە ئادەمنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتىدىغان سودا ــ چاچ بازىرى بىلەن دوپپا بازىرىدىكى سودىدۇر. بۇ بازارغا كىرىپ كەتسەڭ ساق چىقىشىڭ تەس. بۇ يەردە خوتۇن ـ قىزلار ماچكىغا تولدۇرغان بېلىقتەك قىم ـ قىم مىغىلداپ تۇرىدۇ.

ئەمدى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا كەلسەك، بۇنى مۇھىم ئۈچ قىسمغا بۆلۈپ كۆرستىشكە بولىدۇ. 1. بايلار تۇرمۇشى، بۇلارنىڭمۇ كۆپىنچىسى ئاشۇنداق دېرىزىسىز ئۆيلەردە تۇرىدۇ. يېمەك ـ ئىچمەكتە ئوتتۇراھال يولنى تۇتىدۇ، يەنى ئاچمۇ قالمايدۇ، ئىسراپمۇ قىلمايدۇ.

بايلار سودا ئىشلىرىدا بەك ساددا كېلىدۇ، دەپتەر تۇتۇش، ھېسابات قىلىش دېگەندەك ئىشلار بولۇنمايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، سودىگەرلەر ئارىسىدا ياش ـ ياش ياللانمىلارمۇ بولۇپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردىكى بايلار ياز ۋە تومۇز كۈنلىرى شەھەر سىرتىدىكى باغچىلارغا چىقىپ تۇرىدۇ.

بۇ يەردىكى روھانىيلار كۆپىنچە مەسچىت، مەدرىسەلەردە تۇرىدۇ. روھانىيلارغا مائاش بېرىلمەيدۇ. ۋەخپە كۆپ بولسىمۇ مەدرىسە ۋە مۆتىۋەللىلەر خالىغانچە پايدىلىنالمايدۇ. سودا دۇكانلىرى 70 ـ 60 سومغا ئىجارىگە بېرىلگەندەك ۋەخپە دۇكانلىرى 15 ـ 10 سومغىلا ئىجارىگە بېرىلىدۇ. يەرلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش.

ئاددىي خەلقنىڭ تېرىقچى، باغۋەن، تىكىمچى، ھەممال، ئاشپەز، ئېشەكچى، تۆگىچى، هارۋىكەش، مەپىكەش، ئوتۇنچى، پىچانچى بولۇپ، قالغانلىرى تىلەمچى، گاداي، دىۋانە، قەلەندەر، مازار شەيخلىرى، قىمارۋاز، پاھىشە ۋە بەچچىۋازلاردىن ئىبارەتتۇر.

ياز كۈنلىرى مېۋە ـ چېۋە، قېتىق، سۈت ۋە قايماق ساتقۇچىلارمۇ بار.

بۇ يەردە كوچا بويىدا سۇرەن سالغۇچىلار، بىر تىيىن ئۈچۈن كوچىنى بېشىغا كىيىپ سوقۇشقۇچىلار، قىيامەت قايىم بولغاندەك ئۇرۇشىدىغانلار بەك كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇنداق ئىشلاردىن خوتۇن- قىزلارمۇ چەتتە قالمايدۇ. ئاتا بالىسى ئالدىدا، بالىسى ئاتا ـ ئانىسى ئالدىدا ئېغىزغا ئالغۇسىز گەپلەرنى كۆپ قىلىدۇ. بۇ ئىش بۇ يەردە ھېچقانچە ئەيىب سانالمايدۇ. ئېرى خوتۇنىغا، خوتۇنى ئېرىغا ئاچچىقلىنىپمۇ، ئويناپ كۈلۈپمۇ ھەر قىسما ئۇياتسىز سۆزلەرنى ھەددى ـ ھېسابسىز قىلىۋېرىدۇ.

بۇ يەردە ئوغۇللارنى بولسۇن، قىزلارنى بولسۇن ئىشقىلىپ ئوقۇتۇش، تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىلمەيدۇ. قىزلار تاكى ئەرگە تەگكەنگە قەدەر ئوغۇل بالىلار بىلەن بىرگە كوچا ـ كويلاردا ئويناۋېرىدۇ. ئەرگە تەگكەندىن كېيىنلا ئاندىن يۈزىگە چۈمبەل تارتىدۇ. نېمە سەۋەبتىندۇر، بۇ يەردە قىز بالىلار ئوغۇللاردىن كۆپ بولىدىكەن. شۇڭا بۇ يەردە قىزلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ۋە ئېتىبارى يوق.

## تەرەققىيپەرۋەرلەر

قاچاندۇر بىر ۋاقىتتا بىر گېزىتتە «مىللەتنى روناق تاپقۇزمىغۇچىلار» دېگەن بىر ماقالىنى ئوقۇغانىدىم. قەشقەردە مىللەتنى روناق تاپقۇزمىغۇچىلارنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. لېكىن ئۇلار ھەققىدە يازغانىنىڭ ئەھمىيىتى يوق. چۈنكى ئۇلار گېزىت ئوقۇمايدۇ. شۇڭا مەن ھازىر گېزىت ئوقۇيدىغان، كۆزى ئوچۇق، تەرەققىياتنى ياقلىغۇچى ياشلار، مىللەتنى روناق تاپقۇزغۇچىلار ھەققىدە يازىمەن:

ياشلارنىڭ ئۆز ئىقرارلىرىغا قارىغاندا قەشقەردە مۇندىن ئۈچ ـ تۆت يىل ئىلگىرى گېزىت ئوقۇغۇچىلار بولمىغان. بولغان تەقدىردىمۇ ناھايىتى ئاز بولغان. بىراق، ھازىر بۇ يەردە گېزىت ئوقۇغۇچىلار خېلى كۆپ ھەم شۇ گېزىت ئوقۇش نەتىجىسىدە كۆپ كىشىلەرنىڭ كۆزى ئېچىلغان. ئۆز ئەھۋالىنى چۈشىنىشكە باشلىغان. بۇھال داۋاملىشىۋەرسە، مىللەتنىڭ ۋەيران بولىدىغانلىقىنى، ھالاكەتكە يۈزلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەي، لېكىن مۇدداقلار بەك ئاز.

بۇلارنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئېچىلىشىغا گېزىت سەۋەب بولغىنىدەك گېزىت ئوقۇشىغىمۇ بالقان ئۇرۇشى سەۋەب بولغان. مەيلى قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇلار گېزىت ئوقۇشنى باشلاش بىلەن مىللەتنىڭ كېسەل ھالىتىنى تونۇپ يېتەلەيدىغان بىر دەرىجىگە يەتكەي. لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇلار تېخى كېسەلنىڭ قەيەردەلىكىنى بىلەلىگۈدەك مەلۇمات ھاسىل قىلالىغىنى يوق. بۇ يەر ئۈچۈن بۇمۇ ئەيىب ئەمەس. چۈنكى ئۇلار مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، نادان ئاتىلار ۋە تەربىيىسىز ئانىلار قولىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. پەقەت گېزىتنىڭ توغرا يولغا باشلىشى سايىسىدىلا توغرا يولنى تاپقان بۇ ئەزىز مىللەت باللىرى ماختاشقا لايىقتۇر. ئومۇمەن قەشقەر ئەھلى زېرەك ۋە ئىستېداتلىق بىر خەلقتۇر. ئازراقلا تەربىيە كۆرسە تېز ئادەم بولۇپ كەتسە كېرەك.

ئاغرىقنىڭ قەيەردىلىكىنى بىلمەيدۇ، دېگەندۇق. ئوقۇغۇچىلارغا چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن بۇنى ئازراق يېشىپ ئېيتىشنى لايىق تاپتىم.

مەزكۇر زاتلارنىڭ قايسىسىغىلا ئۈچرىساڭ يۈزلىرىدە نۇر ۋە كۆزلىرىدە ئۈمىد چاقنىغان ھالدا ئېغىزلىرىنى ئۇمچەيتىپ: «خۇداغا شۈكۈر، بىزنىڭ قەشقەرمۇ يۈكسەلمۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن تۆت ـ بەش يىل ئىلگىرى گېزىت ئوقۇش ۋە تار چەپلەك كىيىم كىيىشنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھازىر خۇداغا شۈكۈر....» دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغىلى بولاتتى.

ئەلۋەتتە بۇنىڭلىق بىلەن «قەشقەرنى تەرەققىي قىلدى» دېيىشكە بولمايدۇ. تەرەققىياتنى كىيىم ـ كېچەك، گېزىت ئوقۇش بىلەنلا ئۆلچەش توغرا بولمىسا كېرەك.

تەرەققىياتنىڭ باسقۇچى ۋە نىجاتلىقنىڭ ئاچقۇچى ئەلىم ۋە مائارىپتۇر. شۇ مائارىپ نەتىجىسىدە يەرنىڭ بايلىقىدىن، تىجارەت، سانائەت ۋە زىرائەتتىن پايدىلىنىپ ئىنسان سىياقىدا ياشاشقا مۇمكىن بولۇر. بۇ ئىشتا ئۇتتۇپ چىققان خەلق ھايۋانلىق، ۋەھشىيلىك، بەدەۋىيلىك، ياۋايىلىق سۈپەتلىرىدىن قۇتۇلۇپ چىقىپ، «مەدەنىيلىك» سۈپىتىگە ئىگە بولالايدۇ. ئۇلار توغرىسىدا سۆز بولغاندا باشقىلارمۇ مەدەنىي ۋە تەرەققىي تاپقان مىللەت دېگەندەك ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىپ تەرىپىنى قىلىشىدۇ. مانا مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندا ئالتەشەھەر مۇسۇلمانلىرى تېخى تەرەققىي قىلغىنى يوق. ئىلىم ۋە مائارىپ، زىرائەت، تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرى بىر ياقتا تۇرسۇن، بۇ يەردە تېخى ئىپتىدائىي مەكتەپلەرمۇ يوق. خەلق بەك نامرات. تىلەمچىلەر ھەدەپ كۆپىيىپ تۇرىدۇ. تاھارەت ۋە تازىلىققا رىئايە قىلمايدۇ، يېگەن ئاش ـ تاماقلار، ئىچكەن سۇلار، تۇرۇۋاتقان ئۆيلەر، كىيگەن كىيىم ـ كېچەكلەر، يېتىۋاتقان يەرلەرنىڭ ھەممىسى زىيانلىق ئۇسۇلدا ئىشلىنىپ چىقىدۇ. شۇڭا ئاغرىق ـ سىلاق ھەدەپ كۆپىيىپ تۇرىدۇ. يېتىمخانا ۋە شىپاخانىلار سېلىنمايدۇ. ھەممىدىن قورقۇنچلۇقى ئائىلە ئىشلىرىدىكى بۇزۇقچىلىقتۇر، ئايمۇ ئاي خوتۇن ئالماشتۇرۇپ تۇرۇش ھەمىشە داۋام قىلىپ تۇرىدۇ. ھاجەتمەنلەر ئەزىز باللىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. روھانىيلار بۇ ئىشلارغا يول قويىدۇ، دىن ۋە شەرىئەت ھۆكۈملىرىمۇ يول قويىدۇ. قازىلار قورساق بالاسى بىلەن ئاۋارە. مازارلاردىن مەدەت تىلەش ھەدەپ كۆچىيىپ كېتىۋاتىدۇ. مانا شۇنداق قىلىپ مىللەت تەرەققىي قىلىپ ئۆسۈش تۇگۇل تەتۈرسىچە كەينىگە قاراپ ھالاكەت ئازگىلىغا چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ.

توغرا، مۇساپايوفلاردەك مىللەتنىڭ ناچار ئەھۋالىنى چۈشىنىپ يېتىپ، چىن مەنىسىدىكى تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات چارىلىرىگە كىرىشكۈچىلەرمۇ بار. لېكىن، بۇ پەقەت بىرلا كىشى. ھەر قانچە پىداكارلىق كۆرسەتسىمۇ ، پۈتكۈل قەشقەر خەلقىنى، قەشقەر باللىرىنى تەربىيىلەپ بولۇش بۇ كىشىگە ئېغىر كېلىدۇ. توغرىسىنى ئېيتقاندا، مۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس. بەس، باشقا بايلارمۇ بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن. بۇ ئىش پەقەت ياش بوغۇنلارنى تەربىيىلەش، ئوقۇتۇش، ئىلىم ۋە ھۈنەر ئۆگىتىش بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ. گېزىت ئوقۇپ قۇرۇق پەلسەپە سېتىش، ياخشى كىيىم كىيىپ، ئۆز نوچىلىقىدىن زوقلىنىشتىن ھېچقانداق پايدا كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

نوشىرۋان يائۇشېف. كاشغەر

«شۇرا» ژۇرنىلىدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن
مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

* سازىن ـــ ئۈچ گەزگە توغرا كېلىدۇ.

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

### ئاتقا ئايلىنىۋالسىلا!

بىر كۈنى سەلەي چاققان زوردۇن بەگدىن سوراپتۇ:

—بېگىم، سىلى بېدە كۆكنى نېمانچە كۆپ يەيدىلا؟

—ئاتەك بولۇش ئۈچۈن،—دەپتۇ بەگ گەپتە يەڭمەك ئۈچۈن.

—توغرا ئويلاپتىلا، قاچانغىچە ئېشەك بولۇپ يۈرىدىلا، بۇ يىل ئەتىيازدىن پايدىلىنىپ، ئاتقا ئايلىنىۋالسىلا!—دەپتۇ سەلەي چاققان.

### ئامبالدىن ئۇزاق ياشايدۇ

بىر كىشى:

—سەلەي تاغا، ئېشەكلىرى شۇنچە ھاڭراپ، قانچىلىك ئۆمۈر سۈرەر؟—دەپ سوراپتۇ.

—بۇ جانىۋار كەم دېگەندە ئۈچ ئامبالنىڭ ئۆمرىنى سۈرىدۇ،—جاۋاب بېرىپتۇ ئۇ.

بۇ گەپ «مەنسەپدارلار بىر ئېشەكچىلىكمۇ ئۆمۈر سۈرەلمەيدىكەن» دېگەن سۆز - چۆچەكلەرگە ئايلىنىپ، ئامبالنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. سەلەي ئۆزىنى شۇ زامان سوراقخانىدا كۆرۈپتۇ. دەرغەزەپ بولغان ئامبال:

—خوش، سەن نېمشقا «مېنىڭ ئېشىكىم ئۈچ ئامبالنىڭ ئۆمرىنى سۈرىدۇ» دېدىڭ. قېنى، ئىسپاتلاپ بەر! بولمىسا...—دەپتۇ.

سەلەي چاققان ئالدىرىماي:

—ئالدىنقى ئېشىكىم ئۆلگەندىن بېرى بۇ يۇرتنى ئۈچ ئامبال سوراپ ئۆتتى، ئۇ گەپنى شۇنىڭغا قاراپ ئېيتقاندىم،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

### نەرخىمۇ بىزچە بولۇشى كېرەك

سەلەي چاققان تۆمۈرچىلىك قىلىۋاتقان كۈنلەردە بىر سۆلەتمەن كىشى كېلىپ، سالامىمۇ ئىلىك ئالماي، بېشىنى تاتىلاپ قاپتۇ ۋە:

—خوتۇنۇم بىر نەرسىنى تۆمۈرچىگە بۇيرۇتۇپ قوي دېگەندى. لاخشىگىر... ھە، ياق قىسقاچ!—دەپتۇ.

سەلەي شېرىكىگە كۆز قىسىپ:

—تەخسىر، مەيلى بۇيرۇڭ، قايسىسىنى بولسىمۇ ياساپ بېرىمىز،—دەپتۇ.

باي ئىككىلىنىپ سوراپتۇ:

—لاخشىگىر دېگىنى قانداقتۇ، قىسقاچ دېگىنىچۇ؟

—لاخشىگىر دېگىنىمىز تاجىكچە، قىسقاچ دېگىنىمىز بىزچە.

— ھە! شۇ بىزچىسىنى ياساپ بېرىڭلار، سىمكىرى قانچە؟

—ئىككى تەڭگە.

—ئەرزەنرەك بولمامدۇ؟

—ياق.

—نېمشقا؟

— قىسقاچ بىزچە بولغاندىن كېيىن، نەرخىمۇ بىزچە بولۇشى كېرەك، بولمىسا ياسىمايمىز،—دەپتۇ سەلەي.

### مال ئىگىسىنى دوراپ...

بىر كۈنى قەشقەر شاھى زوردۇن ھاكىم ئوردا خادىمى موللا سەلەينى دەررۇ ھۇزۇرىغا چاقىرىپ:

—مېنىڭ ئارغىمقىم بۇگۈن كېچە ئۆلۈپ قاپتۇ. بۇ قانداق بولغىنى؟—دەپ ۋارقىراپتۇ.

—مال ئىگىسىنى دوراپ ھارام بولغىنى،—دەپتۇ سەلەي ۋە «قالۇ ئىنناللىلا... ياتقان جايى دوزاخ بولسۇن» دەپ دۇئا قىلىپتۇ.

گاڭگىراپ قالغان ھاكىم:

—نېمە ئۈچۈن جەننەتتىن چىققان ئاتقا دوزاقنى تىلەيسەن؟—دەپ كۆزىنى ئالايتىپتۇ.

سەلەي چاققان كۈلۈپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—ئاتنىڭ جەننەتتىن چىققىنى تېخىچە نامەلۇم. لېكىن ئارغىمقىڭىزنىڭ ھارام بولۇپ قالغىنى راستتۇ؟... ھە، ئەمدى ھارامنىڭ جايى دوزاختا بولۇشى—بۇ، ئۆزلىرىگەمۇ مەلۇم.

### مەشىق قىلدۇرماقتا

بىر كۈنى پادىشاھ ئۆزىنىڭ بامدات نامىزىغا چىقالمىغانلىقىنى ئوردا مەزىنىنىڭ ئاۋازى پەسلىكىدىن كۆرۈپ تەنە بىلەن:

2005.2

—ئوردىغا ئاۋازى كۆچلۈكرەك بىر ئېشەك تېپىشساڭ بولمامدۇ؟—دەپ ۋارقىراپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ ئوردا ئەتراپىدىن چىققان ئېشەكنىڭ ھاڭرىشىدىن قىينىلىپ ئۇخلىيالماپتۇ. بۇنى ئېنىقلىغان شاھ سەلەينى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ:

—ئېشىكىڭ نېمانچىلا ھاڭرايدۇ؟—دەپ كايىپتۇ.

موللا سەلەي دەرھال شاھقا تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ:

—جانابلىرىنىڭ ئاۋۇ كۈنى: «ئوردا مەزىنلىكىگە ئاۋازى بەلەنرەك بىر ئېشەك تېپىشساڭ بولمامدۇ!» دېگەن بۇيرۇقلىرى جاكار قىلىنغاندىن بېرى مېنىڭ ئېشىكىم: «شاھنىڭ ئەمرى ۋاجىپ» دەپ مەزىن بولۇش ئۈچۈن، ئۆز ئاۋازىنى مەشىق قىلدۇرماقتا،—دەپتۇ.

## ئۆزۈڭ بىر سۆزلەپ باق

سەلەينىڭ شەھەر ھاكىمى بولغان چاغلىرى ئىكەن. بىر كۈنى بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا ئەرزىنى تاپشۇرۇپتۇ. سەلەي ئەرزىنى تەتۈر تۇتۇپ پىچىرلاشقا باشلاپتۇ. ھەيران بولغان ئەرز ئىگىسى:

—تەقسىر، ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇماملا،—دەپتۇ.

—ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇسام، شارىلداپ كېتىپ، مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولالماي قالىمەن. قېنى، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن قىسقا قىلىپ سۆزلەپ باق، ئېيتقانلىرىڭ ئەرزىڭنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشامدىكىن،—دەپتۇ سەلەي چاققان.

## ياش ۋاقتىمدىمۇ چۈشكەن

سەلەي چاققان ئېتىزغا كېتىپ بېرىپ، بىرىنىڭ بېغىغا تامدىن چۈشۈپ ئەنجۈرگە راسا تويۇپتۇ ۋە بېلىگە بىر ئاز تۈگۈپ، ئەمدى ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا، باي كېلىپ قاپتۇ ۋە:

—ئۇيالماي، ساقىلىڭ چىققاندىمۇ ئوغرىلىققا چۈشتۈڭمۇ؟—دەپتۇ. سەلەي دەررۇ:

—ياق، ئاكا، ياش ۋاقتىمدىمۇ چۈشكەن،—دەپتۇ.

## ھەم كۆرمەس ھەم كۆرەلمەس

پادىشاھ ئوردا قازىسى ئۆلۈپ قالغاندا، موللا سەلەينى ۋاقىتلىق قازى قىلىپ قويۇپتۇ. سەلەي يېڭى قازى بولۇپ، پادىشاھ بىر ياقلارغا كەتكەندە، ئوردا يارەنلىرىنىڭ جاڭجاڭلىرىنىمۇ سورايدىغان بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى سول قول ۋەزىر ئوڭ قول ۋەزىر ئۈستىدىن مۇنداق دەپ ئەرز قىلىپتۇ:

—...ئۇ مېنى ھەق-ناھەقنى كۆرمەيلا مەسلىھەت بېرىدىغان قارىغۇ، دەپ ئارقامدىن تۆھمەت قىلىپتۇ. شۇنى ئايرىپ، ھۆكمى شەرئىي قىلىپ بەرسىلە، تەخسىر.

—شۇنچە يىللار مەنسەپدار بولۇشۇپ،—دەپتۇ سەلەي قازى،—ئۆزۈڭلارنىڭ سىرىنى ئۆزۈڭلار بىلمەيسىلەر، مەنسەپدارلار يالغۇز كۆرمەسلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆرەلمەسمۇ بولىدۇ... دېمەك، مېنىڭ ئاخىرقى ھۆكمۈم شۇكى، جانابلىرىمۇ ھەم كۆرمەس ھەم كۆرەلمەس.

—بۇنىڭدىن ياخشىراق پەتىۋايىڭىز يوقمۇ، تەخسىر؟—دەپتۇ دەۋاگەر.

—شاھىم قازىلىققا ئارىلاشمايدىغان بولسا، شۇنداق ھۆكۈم چىقىراتتىمكى، ئۇ چاغدا سىلى ئوردىدا كۆرەلمەس ئادەملا ئەمەس، بەلكى ئوردىدا كۆرۈنمەس ئادەم بولۇپ كېتەتتىلا،—دەپتۇ سەلەي.

## قارا ساقال

موللا سەلەي بىر كۈنى دۇنيانىڭ بىر چېتىنى بولسىمۇ كۆرۈپ كېلەي دەپ بايلارغا مالاي بولۇپ ھەجگە مېڭىپتۇ. يولدا «قىبلىگاھىم—ئانام» دېگەن سۆز ئېسىگە كېلىپ، مېنىڭ مەككەم ئۆز يۇرتۇمدا قالغان دەپ، ئۇنىمسا ئۇنىماي، قايتىپ كەپتۇ. ھەجدىن قايتىپ كەپتۇ دەپ ئاڭلاپ زىيارەتكە كەلگەن كىشىلەردىن بىرى سوراپتۇ:

—«ھەجرىل ئەسۋاد»نى كۆردىلىمۇ، قانداق ئىكەن؟

سەلەي سەل ئويلىنىپ، جاۋاب بېرىپتۇ:

—ھە، كۆردۈم. ئېگىز بويلۇق، قارامتۇل، قارا ساقال ئادەم ئىكەن. بىچارە بىزنىڭ تاۋاپ قىلىپ ھۇزۇرىغا بارغىنىمىزغا كۆپ خۇرسەن بولدى.

كىشىلەر بۇ گەپكە ئۇزاق كۈلۈشكەندىن كېيىن، مەھەللە ئىمامى تەكەببۇرانە ئىزاھ بىلەن يەنە سوراپتۇ:

—«ھەجرىل»، «ھەجرىل ئەسۋەد» دېگەن كەبىتۇللانىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان چوڭ ساماۋى قارا تاش دەپ ئاڭلىۋىدۇققۇ؟

—بەلكى، مەن كەلگەندىن كېيىن، تاۋاپ قىلىشنىڭ باھاسىنى ئۆرلىتىپ، كۆپنىڭ قارغىشىغا ئۇچراپ تاشقا ئايلىنىپ قالغان بولسا كېرەك، بىچارە ياتقان جايى تاغلىق بولسۇن!—دەپتۇ سەلەي چاققان

## بىر ئاش پىشىمچە...

زوردۇن ھاكىم سەلەي چاققانغا ئەمر قىپتۇ:

—بار، يېزا-قىشلاقلارنى ئارىلاپ، يامانراق بىر ئىت تېپىپ كەل!

سەلەي چاققان ئەكسىچە ناھايىتى ياۋاش بىر ئىت ئېلىپ كەپتۇ.

—ھەي ئەخمەق،—دەپتۇ ھاكىم غەزەپلىنىپ،—ساڭا

ئالغۇر ئىت تېپىپ كەل دېسەم، نەدىكى بىر ئۆلەرمەن ئىتنى ئېلىپ كەلگىنىڭ نېمىسى؟

—جانابىي تەقسىر،—دەپتۇ سەلەي چاققان،—بۇ ئىت يانلىرىدا بىر ئاش پىشمىچىلا تۇرسا، سىز ئويلىغاندىنمۇ ئالغۇر بولۇپ كېتىدۇ، ئىشىنىۋېرىڭ.

**ھەسەتخورلارغا جاۋاب**

سەلەي چاققانىنىڭ بەزمىدە مۇسەللەس ئىچكىنىنى كۆرگەن بايۋەچچە بىر كۈنى سەلەي مەسچىت ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقىنىدا ئۇنىڭدىن:

— سەلەي، ئاۋۇ كۈنى ياشلار بەزمىسىدە نېمە ئىچتىڭ؟—دەپ سوراپ قاپتۇ.

— ساڭا ئوخشاش كۆرەلمەس، غەيۋەتچىلەرگە كۈن بەرمەسلىك ئۈچۈن قەسەم ئىچتىم،—دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان شۇئانلا.

**گۆر كولاش**

زوردۇن ھاكىم تاپشۇرۇق بەرمەك بولۇپ سەلەيدىن سوراپتۇ:

— پادىشاھقا قانداق خىزمەت كۆرسىتىش قولۇڭدىن كېلىدۇ؟

—گۆر كولاش،—دەپتۇ سەلەي چاققان.

**نامەلۇم بولسا كېرەك**

بىر باي زىياپەتتە ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ كۆپ خوتۇنى بارلىقىدىن ماختىنىپ:

— باللىرىمنىڭ شۇنچە كۆپكى، بەزىدە ھەتتا قايسى بالام قايسى خوتۇندىن تۇغۇلغانلىقىنىمۇ بىلەلمەي قالىمەن،—دەپتۇ. شۇ چاغدا سەلەي چاققان:

—دېمەك، باي ئاكا، سىلى ئانىلىرىنى ئەسلىرىگە كەلتۈرەلمىگەن باللارنىڭ دادىلىرىمۇ نامەلۇم بولسا كېرەك؟!—دەپتۇ.

**تەخەي چوڭ بولسا ئېشەك بولىدۇ**

زوردۇن بەگنىڭ ئالدىغا كەلسە چىشلەپ، كەينىگە كەلسە تېپىدىغان ئادىتىگە قاراپ كىشىلەر ئۇنىڭغا «زوردۇن ئېشەك» دەپ لەقەم قويۇپتۇ. بەگ بۇ لەقەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، جامائەتنى چايغا چاقىرىپ:

—مېنى ئېشەك دېمەڭلار،—دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

ئادەملەردىن بىرى:

—ئېشەك دېمىسەك، نېمە دەيمىز؟—دەپ سوراپتۇ.

يەنە بىرى:

—خوتەك دەيمىز - دە، — دەپتۇ. بەگ نائىلاج ماقۇل بولۇپتۇ.

كۈنلەردىن بىر كۈنى زوردۇن بەگ سەلەي چاققانغا يولۇقۇپ:

—بۇنىڭدىن كېيىن خەلق مېنى ئېشەك دېمەي، خوتەك - تەخەي دەيدىغان بولدى، — دەپ كۆرەڭلەپتۇ.

سەلەي چاققان:

—تەخەيمۇ چوڭ بولسا بەرىبىر ئېشەك بولىدۇ - دە،—دەپتۇ كۈلۈپ.

**قوي ئۈستىدىن ماكان تاپقان**

پادىشاھ بىر كۈنى پۈتۈن يۇرت چوڭلىرى يىغىلغان سورۇندا مۇنداق دەپ ماختىنىپتۇ:

— بىرىنچىدىن ئاللا، ئىككىنچىدىن مېنىڭ شاپائىتىم بىلەن ھازىر «قوي ئۈستىدە تورغاي ئۇۋىلايدىغان زامان» بولدى!

شۇ چاغدا سەلەي چاققان قوشۇلغان بولۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— توغرا، تورغايلارمۇ ھېچيەردە ئارام جاي بولمىغاچقا، ئاخىر شۇ ياۋاش جانىۋار—قوينىڭ ئۈستىدىن ماكان تاپقان.

**ھەممە ئۆلۈم ئوردىدىن**

بىر كۈنى پادىشاھ سەلەينىڭ ھارغىنىغا قارىماي، ئۇزاقتىن - ئۇزاق قىزىق پاراڭلارنى قىلدۇرۇپ، كۆڭلىنى خۇش قىپتۇ. ئاخىرىدا، نايىسەنلىك قىلدىمۇ ياكى كۈلكە تەس كەلدىمۇ ئەيتاۋۇر، شاھ يەل قويۇپ قاپتۇ. پادىشاھ ئوڭايسىزلىنىپ، گەدىنىنى تاتىلاپتۇ ۋە گەپنى باشقا ياققا بۇراپتۇ:

—سەلەي، سەن زادى نەدىن؟

—ئوپالدىن.

—نېمشقا شەھەرگە كەپقالدىڭ؟

—قېچىپ نايىسەن، قوپالدىن...

—سەن يالغۇز ئوغۇلمىدىڭ؟

—ياق، بىز ئۈچ ئوغۇل ئىدۇق.

—سەن نەچچىنچىسى؟

—مەن كەنجىسى.

—ئاكىلىرىڭ بارمۇ؟

—ئۆلۈپ كەتكەن.

—ئۇلار نېمە بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن؟

—چوڭ ئاكام ئالۋاڭ تۆلىيەلمەي، چۆلگە پالىنىپ، ئىسسىقتا ئۆلگەن. كىچىك ئاكام زۇلۇمغا كۆنمەي، داردا—ئېسىقتا ئۆلگەن. ئەمدى مەن پاراڭ تۆگىمەي، ئوردىدا سېسىقتا ئۆلىدىغان ئوخشايمەن،—دەپتۇ.

## بايلارنىڭ گۆرىنى كولاش

سەلەي ئۆزىنى ئىشلىتىۋاتقان خوجايىنى بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ. گەپتىن ـ گەپ تۇغۇلۇپ باي:

—سەن گادايلار ئۆلسەڭ، گۆرۈڭنى كولاشقىمۇ ئادەم چىقمايدۇ. گادايىنىڭ گۆرىنى كولاش يەنە بىزنىڭ ئىمام ياكى بايىنىڭ ئىشى. قەدرىمىزنى بىلىپ يۈر،—دەپتۇ. سەلەي چاققان:

—توغرا ئېيتتىلا، باي ئاكا، گادايلارنىڭ گۆرىنى كولاش سىلەرگە ئوخشاش ئازلا ئادەمنىڭ ئىشى. ئەمما بايلارنىڭ گۆرىنى كولاش ھەممە گادايلارنىڭ ئىشى، ھوشلىرىنى يىغىپ يۈرسىلە!—دەپتۇ.

## نېمىسىنى تۆكمەن .

بىر كۈنى ھاكىم:

—سەلەي، سېنىڭ زادى مېنىڭ ئابرۇيۇمنى تۆكۈشتىن باشقا ئىشىڭ يوقمۇ؟—دەپتۇ.

—يوق،—دەپتۇ سەلەي چاققان ئەيمەنمەستىن. يوق دېگىنىگە ئاچچىقى كەلگەن ھاكىم تەنە قىلىپ:

—ئۇنداق بولسا، تۆكۈۋەر!—دەپتۇ.

—يوق ئابرۇيلىرىنىڭ نېمىسىنى تۆكمەن؟ ـ دەپتۇ سەلەي چاققان.

## تىلىمغا باغلاڭ

سەلەي چاققان ئۆزىنىڭ ئات سىغماس ئىشىكىدىن ئېشىكىنى ئاران چوڭ كوچىغا چىقىرىشىغا، ئاتلىق يېزا بېگى ئۇچرىشىپتۇ. سەلەي ھۆرمەت يۈزىسىدىن سالام بېرىپ:

—قېنى، تەقسىر، پېقىر پۇقرالىرىنىڭ ئۆيىگە بىر چۈشۈپ، چاي ـ پاي ئىچىپ، دەم ئېلىپ كەتسىلە! خۇرسەن بولۇپ قالايلى،—دەپتۇ.

—خوپ، خوپ،—دەپتۇ تەكلىپ خۇش ياققان بەگ ئاتتىن چۈشۈۋېتىپ، ـ سەن كەمبەغەلمۇ خۇرسەن بولۇپ قالساڭ قال...

سەلەي چاققان ئىچىدە: «... ھەر كىشى بالاغا قالارمۇ ئۆز ئىختىيارى بىلەن» دەپ تۇرۇشىغا، بەگ ئېتىنى ھويلىغا كىرگۈزۈشكە كۆزى يەتمەي سوراپتۇ:

—نېمە ئېشىكىڭگە ئېسىلىپ تۇرىسەن، ئېتىمنى نەگە باغلايمەن؟

سەلەيمۇ جىددىي قىياپەتكە كىرىپ:

—ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە دېگەن تىلىمغا باغلىسىلا!—دەپتۇ.

## ساقال دورا بولۇپ...

قەشقەرنىڭ ئەڭ چېتىدە بىر ئالىمنىڭ تېۋىپلىقتا نامى چىقىپ داڭقى ئالەمگە پۇر كېتىپتۇ. شۇ كۈنلەردە پادىشاھنىڭ ئاغرىق ئۇچىغا چىقىپ، تېۋىپلا بولسا چاقىرتىپ يۈرگەن چېغى ئىكەن. پادىشاھ شۇ داڭقى چىققان تېۋىپقا دەرھال ياساۋۇل ئەۋەتىپتۇ. لېكىن ئۇ «ماڭا ھارۋىدا يول ئازابى ئېغىر كېلىدۇ» دەپ كەلمەپتۇ. بۇنى بىلگەن شاھ گەپ بىلەن بولسىمۇ، ئەپ بىلەن بولسىمۇ ئېلىپ كېلەلەيدۇ، دەپ سەلەينى ئەۋەتمەكچى بوپتۇ. سەلەي:

—قولۇمغا بۇيرۇق يېزىپ بېرىڭلار—دەپتۇ.

سەلەي بۇيرۇقنى ئېلىپ داڭلىق تېۋىپنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. تېۋىپ پەرماننىڭ ئاخىرقى جۈملىسىنى ئوقۇپ كۈلۈپ، ئۇزۇن ئاق ساقىلىدىن ئىككى ـ ئۈچ تال بېرىپتۇ. ئىشنىڭ كۆتكىنىدەك بولغىنىدىن مەمنۇن بولغان سەلەي ئۇنى ئەپكېلىپ شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ.

—نېمە گەپ بۇ؟—دەپتۇ ۋارقىرىيالماي تىترىگەن ۋەزىر.

—ئۆزلىرى يازغان پەرماندا: «كەلمىسە، ساقىلىدىن يۇلۇپ ئېلىپ كېلىنسۇن» دېيىلگەنىكەن. ساقال دورا بولسا كېرەك دەپ، بىچارىنى چىرقىرىتىپ تۇرۇپ، ساقىلىنى يۇلۇپ كەلدىم، — دەپتۇ سەلەي چاققان. بۇ سۆزلەرنى غەزەپ بىلەن ئاران ئاڭلاپ تۇرغان شاھ:

—ھەممىڭ كاززاپ، تۈزكور،—دەپ بىرلا ۋارقىراپ يېتىپ قاپتۇ.

## ئوخشاپ قاپتۇ

سەلەي بىلەن يۇرتىدىكى سۇلتان باي كۆپ ئېيتىشىدىكەن. لېكىن سۇلتان باي قانچە يېڭىلىپ تۇرسىمۇ، شۇنچە يېپىشىدىكەن. سۇلتان بىر كۈنى كەچتە ئۇزاق ئويلاپتۇ:

«ئەمدى تاپتىم، ئەتە سەلەيگە ‹ئىتتىن قورقاملا› دەيمەن. ياق دېسە، ‹ئىتتىن قورققان گاداي بولماس› دېگەنىكەن دەيمەن. قورقمايمەن دېسە، ‹ناۋايچىلىق قىلىپ يۈرگىچە، قەلەندەر بولۇپ يۈرسىلە› دەيمەن» دەپ ئۆزىچە خۇش بولۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ.

ئەتىسى سەلەينى ئۇچرىتىپ سوراپتۇ:

—سەلەي ئاخۇن، سىلى ئىتتىن قورقاملا؟

—سىلىچۇ؟

—مەنغۇ قورقمايمەن، سىلىدىن سوراۋاتىمەن.

—ھە ـ ئە، مەنمۇ سىلىدەك ئىتتىن قورقمايمەن،—دەپتۇ سەلەي. شۇنىڭ بىلەن باي ئىتقا ئوخشاپ قاپتۇ.

توپلىغۇچى: جۇنەيد بەكرى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن



# مومامنڭ شپالق دورلرى*

2005 . 2

كامال هېسامدنوف (قازاقستان)

## باشنڭ تەلۇ بولۇشى

كۆندە يېتىپ يۈرگەن ئورنىڭىز، كۈندە قويۇپ يۈرگەن ياستۇقىڭىز بولغىنىغا قارىماي، بەزىدە ئەتىگەنلىكى ئورنىڭىزدىن ئۆزىڭىزنى ئېغىر ھېس قىلىپ تۇرىسىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە بېشىڭىز زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ. سەل ھەرىكەت قىلسىڭىز بېشىڭىزنىڭ ئىچىدە بىر يەر سانجىغاندەك قىلىدۇ ۋە ھەتتا كۆڭلىڭىزنىڭ ئېلىشىشىمۇ (بۇ تولىراق بالىلاردا كۆرۈلىدۇ) مۇمكىن. «يا ھاراق ئىچكىنىم يوق، بۇ نېمىشقا شۇنداق؟» دەپ ئەجەبلىنىسىز.

مېنىڭ كۆزىتىشىمچە، بۇ ئاغرىق ئادەمنىڭ جىسمانىي چارچىغانلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ھارغان ئادەم ئىشتىن كېلىپ ئاخشىمى ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ. ھەتتا بېشىنىڭ ياستۇقتىن چۈشۈپ كەتكىنىنى ياكى ياستۇقتىن ساڭگىلاپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇقمايدۇ. يۇمشاق ياستۇقتا يېتىپ نورمال ئۇخلاپ يۈرگەن ئادەم يۇقىرىدىكى ئەھۋالغا قالغاندا بېشى قايسى ياققا چۈشۈپ كەتكەن بولسا، شۇ تەرەپكە ساقىيدۇ. ئاغرىقمۇ شۇ تەرەپتە سېزىلىدۇ ياكى نورمال يېتىپ ئۆگەنگەن ئادەم يېتىپ ـ قوپۇشتا سەل ئۆزگىرىش يۈز بەرسە باش ئاغرىقنى چوقۇم ھېس قىلىدۇ. بۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئۆزىڭىزمۇ سىناپ كۆرۈشىڭىز مۇمكىن. بولمىسا، يىپ بىلەن باغلاپ قويغانغا باش ئاسانلا ساقىيىپ كەتمەيدۇ.

بۇ ئاغرىقنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ماڭا مومام مەريەم خانىمۇ ئادەمنىڭ قاتتىق ھېرىپ كەتكەنلىكىدىن دەپ چۈشەندۈرەتتى ۋە باش تەڭلەش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويغانىدى. ئۇنىڭ ئۇچۇن قائىدە بويىچە ئادەمنىڭ بېشىغا بەمالال يەتكۈدەك چوكا تومۇقىدا يىپ ئېلىنىپ ئولتۇرىدىن چىگىلىدۇ. بىر قولىڭىزدا شۇ تۈگۈچنى، يەنە بىر

* بېشى ئۆتكەن ساندا

قولىڭىزدا يىپنىڭ ئىككى ئۇچىنى چىڭ تۇتۇپ، بىمارنىڭ بېشىنى تۆت تەرەپكە ئۆلچەڭ. مۇبادا باش تەڭ بولۇپ قالغان بولسا، يىپنى چىقارغاندا باشنىڭ ساقىغان تەرىپى بىلىنىدۇ. يەنە شۇ تەرەپتىكى يىپ ساڭگىلاپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ بېشىنى ئىككى ئالقىنىڭىز بىلەن تۇتۇپ ئۇياق، بۇ ياققا ئىرغىتىڭ. ئاندىن باشقا بىر قولىڭىزنى مۇشت قىلىپ تۈگۈپ ئىككىنچى قولىڭىز بىلەن مۇشتنى ئاستا بىر نەچچە قېتىم ئۇرسىڭىز، تەڭ بولۇپ قالغان تەرەپ زىڭىلداپ ئاغرىيدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بىمارنىڭ بېشىنى يەنە ئىككى ئالقىنىڭىز ئارىسىغا ئېلىپ ئۇياقتىن بۇياققا سىلكىڭ ۋە پېشانىسىدىن چىمداپ ئۈزۈڭ. ئىككى قۇلاقتىن يۇقىرى كۆتۈرۈپ تارتىڭ. ئاخىرىدا بېشىنى تەڭلىگەن يىپ بىلەن تارتىپ چىڭ قىلىپ باغلاڭ. شۇنىڭدىن كېيىن تۈز يەرگە بەش مىنۇت ئوڭدىسىغا ياتقۇزۇڭ. بەش مىنۇتتىن ئوشۇق بولسا، باشنىڭ قايتىدىن ئاغرىپ كېتىشى ئېھتىمال. كېيىن بىمار ئۆز ئورنىغا چىقىپ ئارام ئالسا بولىدۇ. ئىمكانىيەت بولسا بىرەر سائەت كۆزىنى ئىلىۋالسا تېخىمۇ ياخشى.

بەزىلەرنىڭ «بۇنى يازمىسا نېمە بولاتتى. چۈنكى ئۇ ھەممە بىلىدىغان ئىشقۇ» دېيىشى مۇمكىن. بىراق بۇ ئۇسۇلنى تۇخۇم چېكىش بىلەن چاتاشتۇرىدىغان يولداشلارمۇ بار ئىكەن، ئارىمىزدا تېخى. ھاياتتا تېخى شۇ ئاددىي ئۇسۇلنى بىلمەي خىمىيۋى دورىلارنى ئىشلىتىشكە ئالدىرايدىغان يولداشلارمۇ كۆپ ئىكەن. خىمىيۋى دورىلارنىڭ بىر يەرگە داۋا بولغىنى بىلەن ئىككىنچى يەرگە ئەكسىچە تەسىر قىلىدىغانلىقى ھازىر كۆپچىلىككە مەلۇم. شۇڭا دورا بىلەن ئورگانىزمنى زەھەرلىمەي باش ئاغرىغاندا مۇشۇ ئاددىي ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىم.

### تەسۋى

تېخى دىني ئىشلارغا كەڭچىلىك بېرىلىشى ھېچكىمنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمىگەن چاغدا مەن ناماز ئوقۇشنىڭ سالامەتلىكنى مۇستەھكەملەشتە قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا سۆزلەپ، تالاي ـ تالاي زامانداشلىرىمنى قايىل قىلغانىدىم. ھازىر ئۇ شۇ يولدىن قايتقىنىم يوق. چۈنكى بۇ بىرىنچىدىن، «تەن ھەرىكىتى». موسكۋادا نەشر قىلىنىدىغان «زدوروۋيې» (سالامەتلىك) «كرېستيانكا» (دېھقان ئايال)، «رابوتنىتسا» (ئايال ئىشچىلار) ژۇرناللىرى ۋە «سېميا» (ئائىلە) ناملىق گېزىتتە تازىلىقنىڭ ئادەم ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىغا، قىزلار قانداق، ئوغۇللار قانداق يۇيۇنسا بولىدۇ، شۇ ھەقتە تۇراقلىق يېزىپ مەسلىھەت بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بىراق بىزنىڭ ئۇيغۇرلار ئارىسىدا كېيىنكى ئەۋلادتىن دەل شۇ كۆرسەتمىگە ئەمەل قىلىۋاتقان ئادەمنى ھازىرغا قەدەر كۆرمىدىم. بۇ مەسىلىگە دىن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. نامازغا تەييارلىق كۆرۈش قائىدىسىدە روشەن ئېيتىلغان. يەنى تەقۋادارلار كۈنىگە بەش قېتىم يۇيۇنىدۇ. ئۇلار ئۈچۈن ھېچقانداق تەشۋىق ۋە كۆرسەتمە كېرەك ئەمەس. ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى، يەنى سائەت ئالتىدىن ئون بەش، سائەت يەتتىدىن ئون بەش مىنۇت ئۆتكەندە مەخسۇس مۇزىكا چېلىنىپ، بىر ئادەم ئومۇمي خەلقنى تەن ھەرىكىتىگە تەكلىپ قىلىدۇ. تېلېۋىزورىمۇ تەن ھەرىكىتى ئەستىن چىقىرىلغىنى يوق. مېنىڭچە بولغاندا مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن بۇنىڭغىمۇ ئەمەل قىلىۋاتقانلار ساناقلىق بولسا كېرەك. بۈگۈن ھەممە ئىش جەريانلىرى مېخانىكىلاشتۇرۇلغان، ئاپتوماتلاشتۇرۇلغان، ترانسپورتمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇلغان دەۋردە ئىنسان ئۈچۈن تەن ھەرىكىتى ھاۋادەك لازىم. لېكىن ئۇنى ئويلاۋاتقان ئادەم يوق. ھەممە پەقەت تىرىكچىلىك كويىغا چۈشۈپ كەتكەن. ئىشتا ئولتۇرۇپ ئىشلەيمىز، ئۆيگە كېلىپ تېلېۋىزور ئالدىدا قېقىپ قويغان قوزۇقتەك ئولتۇرىمىز. ھەتتا ئاش ـ تاماقنىمۇ شۇ تېلېۋىزورغا تىكىلىپ ئولتۇرۇپ ئىچىمىز. مېھمان كەلگەندىمۇ تېلېۋىزورىمىز سايراپ تۇرىدۇ. تەقۋادارلاردا يەنە تىنىم يوق. ئۇلار يۇيۇنۇپ ـ چايقىنىپ كۈنىگە بەش قېتىم قازا قىلماي ناماز ئوقۇيدۇ. ھەرىكەتلىرىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ بېقىڭا؟ مۇشۇ كۈنلەردە مۇبادا دوختۇرخانىغا بارسىڭىز ناماز ئوقۇپ يۈرگەن چوڭلارغا نىسبەتەن ياشلار كۆپ. بىرىنىڭ ئۇ، بىرىنىڭ بۇ يېرى ئاغرىۋاتقان.

ئاساسي ماۋزۇدىن سەل چەتنەپ كەتتىم، ئەمدى تەسۋىگە كېلەيلى. ۋەتەن ئۇرۇشىغىچە قەدەر ناماز ئوقۇيدىغان مويسىپىت بوۋايلارنىڭ تەسۋى تاشلىرىنى سانىغاندەك ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆپ كۆرگىلى بولاتتى. كېيىن ئۇ تىرىكچىلىك تۈپەيلى تامامەن ئەمەلدىن قالغان. دىنغا كەڭچىلىك بېرىلگەن بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇمۇ يەنە

جانلاندى. مېنىڭچە بولغاندا، ئۇ تېخى دېگەندەك تەرەققىي ئەتمىدى. بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋال، ئەلۋەتتە. نېمىشقا دېسىڭىز دەڭ؟ مەن يۇقىرىدا ئادەم سالامەتلىكىنى مۇستەھكەملەشتە پاكىز يۈرۈشنىڭ، تەن ھەرىكىتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى تەكىتلىگەنىدىم. بۇ جەھەتتىن تەسۋىمۇ كېيىن قالمايدۇ. مەسىلەن، كېيىنكى يىللىرى نېرۋىسى ئاجىز ۋە ئاغرىق كىشىلەرگە كەشتە بېسىش، تور توقۇش ئىشلىرىنى بىۋاستە تەكلىپ قىلىپ، شۇ ئارقىلىق داۋالاۋاتىدۇ. چۈنكى بۇ ئۇسۇلدا نېرۋا ئاجىزلىقىنى بىر تالمۇ دورا ئىستېمال قىلماي داۋالاشقا بولىدىغانلىقى ئىلمىي تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق ئېنىقلاندى. ئەگەر بۇ ئۇسۇل جارى قىلىنمىغىنىدا بەل، پۇت ئاجىزلىقى تۈپەيلى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغان بىمارنىڭ ئىچ پۇشۇقىدا نېمە بولۇشىنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈپ كۆرۈڭ. بۇ ئۇسۇلنى ئويلاپ ئاخىرىغا چىققان ئادەمنىڭ ئاتىسىغا رەھمەت!

تور توقۇش ياكى كەشتە بېسىشنى مۇسۇلمان ئەرلەر پەقەت ئايال ـ قىزلارغىلا خاس ئىرىكچىلىك دەپ ھېسابلايدۇ. شۇنداق تور توقۇپ، كەشتە باسقۇسى كەلمەيدىغان بىمار ئەرلىرىمىزنىڭ نېرۋىسىنى نېمە بىلەن داۋالىشىمىز مۇمكىن؟ يا ئۇلار شۇ ئىلگىرىكىدەكلا قوپال، توڭ، سىركىسى سۇ كۆتۈرمەيدىغان، چېچىلاڭغۇ يۈرۈۋەرسۇنمۇ؟ ياق، دۇنيادا ئادەمدىن قىممەت ھېچنەرسە يوق. ئۇنداق بولسا تور توقۇشنى خالىمايدىغان ئەرلىرىمىزنىڭ نېرۋىسىنى قانداق مۇستەھكەملەش مۇمكىن؟ ئۇنىڭغا ئادەم ئورگانىزمىغا ئەكسىنچە تەسىر قىلمايدىغان دورا ياكى ھەرىكەت بارمۇ؟ بۇنىڭغا شەخسەن مەن «بار» دەپ ئىشەنچلىك ئېيتالايمەن. بۇ بولسىمۇ تەقۋادارلىرىمىزنىڭ قولىدىكى تەسۋى.

تەسۋىنىڭ شىپالىق خىسلىتىنىڭ بارلىقىنى باشقىلاردىن مىسال ئىزدەپ ئاۋارە بولماي، ئۆز ھاياتىمدىن ھېكايە سۆزلەپ بېرەي.

مۇبادا خاتالاشمىسام بۇنىڭدىن ئون يىل ئىلگىرىغۇ دەيمەن، ئۆيدە ناھايىتى قاتتىق خاپا بولدۇم. نېمىشقا، ھازىر ئەسلىيەلمەيمەن. ئۈستى ـ ئۈستىگە تاماكا چەكتىم. تالاغا چىقمەن، ئۆيگە كىرىمەن. قوللىرىم، پۇتلىرىم غال ـ غال تىترەيتتى. دەل شۇ دەقىقىدە ئۆيدە ماڭا بېرەرى لام دەپ ئېغىز ئاچتىمۇ بولدى، ئېغىز چىشىمغا ئېلىپ چاينىۋېتىشىم ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس. تالادىن كىرىپ نېمىشقىدۇر پەس ئىشكاپنىڭ تارتمىسىنى قوپاللىق بىلەن تارتىپ ئېچىپ يېپىۋاتىمەن. بىر تارتمىدا تەسۋى يېتىپتۇ. يۈز بىر دانە تېشى بار چوڭ تەسۋى. ئۇنى ئالدىم ـ دە، ياتاقخانىمىزغا كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالدىم. قولۇمدا تەسۋى، مولللىرىنىڭ ئۇنىڭ ھەر بىر تېشىنى نېمە دەپ سىرىيدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. بىسمىللاھىر رەھمانىررەھىم! دېدىم ـ دە، ئاندىن تاشلارنى بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت، بەش دەپ ساناشقا باشلىدىم. خاتالاشمىسام ئون قېتىمغۇ دەيمەن، ساناقنى بىردىن باشلىدىم، ئاندىن كېيىن يۈزدىن تۆۋەنلىتىپ بىرگىچە، كېيىن يۈزدىن ـ بىرگىچە توختىماي ئۆتكۈزدۈم. يىگىرمە قېتىمدىن ئوشۇقراق قىلغان بولسام كېرەك، بىر ۋاقىتتا ئۆزۈمنى شۇنداق تىنچشاپ كۆرسەم، پۈتكۈل ۋۇجۇدۇمدا بىر يېنىكچىلىك، تەمكىنلىك ھېس قىلدىم. بايا ۋۇجۇدۇمدا قايىنىغان غەزەپ بېسىلىپ، نېرۋىلىرىم خۇددى ئورنىغا چۈشكەندەك كۆرۈندۇ. ناھايىتى قاتتىق ئۇخلاپتىمەن، ئەتىگەنلىكى ئورنۇمدىن يېنىك تۇردۇم.

بۇ ئۇسۇلنى ئون كۈن كۈندە ئاخشىمى يالغۇز ئولتۇرۇپ داۋاملاشتۇردۇم ۋە دوپپامنى ئالدىمغا قويۇپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم سورىدىم. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ھەرقانداق شارائىتتا ئۆزىنى تۇتۇشقا، ئەرزىمەيدىغان نەرسىگە چېچىلىشقا يول قويماسلىققا تىرىشىپ يۈرىمەن. سالامەتلىكىم يامان ئەمەس.

بۇنىڭغا ئوخشاش شىپابەخش تەسۋىنى ھەركىمنىڭ ئۆزى بىمالال ياسىلىۋېلىشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇچچۇن چوڭ كۈچ، ئەمگەك ۋە مەبلەغمۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. تەسۋىنىڭ يۈز بىر تال بولۇشىمۇ شەرت ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈچۈن يوغان ئاددىي مونچاقتىن ئەللىك بىر تال كۇپايە. يېپقا ئۆتكۈزۈڭ ـ دە، پايدىلىنىڭ.

تەجرىبىدىن كۆرۈشىمىزچە، بۇ ئادەم ئۈچۈن ھېچقانداق زىيىنى يوق، پەقەت سالامەتلىك ئۈچۈن پايدىلىق ئۇسۇلدىن تۇراقلىق پايدىلىنىلسا، ئادەم ئۈچۈن شۇنچىلىك ياخشى ئىكەنلىكىنى ھايات ئىسپاتلىدى. مۇشۇ كۈنلەردە نېرۋا جەھەتتىن تەلتۆكۈس ئادەمنى تېپىش ناھايىتى تەس. شۇڭا، بۇرادەرلەرگە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە ئاخشىمى ئېرىنمەي تەسۋى تارتىشنى تەۋسىيە قىلىمەن.

## قارا كىشمىش

كىمدۇر بىرى «خەلق — ئۇ بىر خەزىنە» دېگەنىكەن. لېكىن شۇ خەزىنىنى دەمال بىلىۋەرمەيمىز. ئادەملەر بىلەن پات-پاتلا ئۇچراشسىڭىز، سۆھبەتلەشسىڭىز ئېچىلمىغان ساندۇق، كۆمۈلۈپ ياتقان سىرنىڭ تولىلىقىغا كۆزىڭىز يېتىدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، نى-نى قىزىق، ئىبرەتلىك گەپلەرنى، ئىشلارنى ئاڭلايسىز. تېبابەتتىمۇ خۇددى شۇنداق. بىراق، ئېچىنارلىق يېرى شۇكى، دەل بۇگۈنكى كۈنلەردە ئۇلارنى تېرىپ تەپچىپ يىغىۋاتقان، توپلاپ كېيىنكى ئەۋلادقا قالدۇرۇش مەقسىتىدە تەر تۆكۈۋاتقان بىرەرىنى كۆرمەيسىز.

مەن تا كېيىنكى يىللارغا قەدەر كىشمىش دېگەن ئۆيگە پەقەت مېھمان كەلگەندە، توي-تۆكۈن، چايلاردا جوزىنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان نەرسە دەپ چۈشىنەتتىم. ئۇنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقى ھەتتا چۈشۈمگىمۇ كىرمەپتىكەن. ھەر نەرسىنى پەقەت بېشىڭغا كەلگەندىلا بىلىپ، قەدرىگە يېتەمسەن نېمە؟

يېقىندا تاشكەنسازغا مىسرەت ئىسىملىك شىرەم تۇغقان بىلەن بىللە باردۇق. خەلق تېبابەتچىلىكىدىن ئاز-تولا بىلگىنىم ئۈچۈن يەتمىشكە تاقاپ قالغان بۇ ئادەم مېنى گەپكە تۇتتى، ئاغرىق داۋالاشنىڭ خىلمۇخىل ئۇسۇللىرى، ئاماللىرى توغرىسىدا سۆزلەشتۇق. قېيناتا ئاغرىپ ياتاتتى. «باھانىدىن-باھانىغا سىز بىلەن بىللە بېرىپ بوۋاينىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ قوياي. بىر ساۋابلىق ئىش بولسۇن» دېدى ئۇ.

—كامال مۇنۇ بوۋاينىڭ بېشىنى پۈركۈۋېلىپ ھېچ نېمىنى ئېيتقۇسى كەلمەيدىكەن، —دېدى مىسرەت ئاكا مەن ئۇنى ئۈزىتىپ تالاغا چىققاندا، —ئەمما بايقىشىمچە ئۇنىڭ بېغىرى (جىگىرى) ئاغرىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئىلگىرى مېنىڭمۇ بېغىرىم ئاغرىپ، ئاغىنىلەردىن بەرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قارا كىشمىش قايناتىپ ئىچىپ، ياخشى بولۇپ قېلىۋىدىم.

—نورمىسى، قايناتىش تەرتىپى يادىڭىزدا بارمۇ؟!

—بولمايچۇ، بىر كىلوگرام كىشمىشقا بىر كىلوگرام سەۋزە، سوغۇق سۇدىن چاغلاپ ئالىسىز. ئەپلىكرەك بولسۇن دېسىڭىز يېرىم كىلوگرام كىشمىش بىلەن يېرىم كىلو سەۋزىنى بىر قايناتىپ ئىچكۈزۈڭ. ئىچىش نورمىسىدا چەك يوق.

مىسرەت ئاكا كەتتى. مەن ئويلاشقا قالدىم. قارا كىشمىشمۇ، سەۋزىمۇ ئادەم يېسە ئۆلىدىغان نەرسە ئەمەس. ھەر ئىككىسى ئوزۇقلۇق مەھسۇلات. راست سەۋەب بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس. سەۋزىغۇ ئۆيدە بار، بىر كىلوگرام كىشمىش دېگەن نېمە؟ ئالمۇتىنىڭ كۆكتات بازىرىدا كۆپ. ئەتە بېرىپ دەررۇ ئەۋەتىپ بېرەي، ئۇنىڭ ئۈستىگە دورا دېگەنىمۇ نورما بىلەن مەلۇم بىر ۋاقىتتا ئىچكەن ياخشى. ئۆيدىكىلەرگە شۇلارنى چۈشەندۈرۈپ يولغا سالاي.

يەكشەنبە كۈنى تاشكەنسازدىن ئوتتۇر بازارغا كەلدىم-دە، بىر كىلوگرام قارا كىشمىشنى ئېلىپ ئۆيگە كەلدىم. ئۆيدىكىلەرگە ھەممىنى چۈشەندۈرۈپ يولغا سالدىم. قارا كىشمىش بىلەن سەۋزە قايناتمىسىدىن كۈنىگە تۆت مەزگىل تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى ۋە ئاخشىمى يېتىش ھارپىسىدا 75 گراملىق ئىستاكاندا بىر ئىستاكاندىن ئىچىشكە بېرىلىدۇ. مۇبادا ئۇسساپ قالدىم دېسە، سۇنىڭ ئورنىدا بەر. بوۋاي بەربىر كۆپ ئىچمەيدۇ.

ئومۇمەن سەۋزە بىلەن كىشمىشنىڭ ئادەمگە قۇۋۋەت بېرىدىغانلىقى مەلۇم. ئۇنىڭدىن تاشقىرى قاننى تۈزەيدۇ، قاننىڭ پائالىيىتىنى ئوڭشاشقا ياردەم بېرىدۇ. بۇ مېنىڭ چۈشەنچەم. ئىككىسى بىرلەشسە بېغىردىكى، بۆرەكتىكى، سۈيدۈك يولىدىكى توسالغۇلارنى ئېچىپ، سوغۇق تەگكەن يەرلەردىكى زەخمىنى قايتۇرسا كېرەك. شۇنداقلا ئادەم ئىچىنى بوشىتىش خۇسۇسىيىتىمۇ بار. شۇڭا بۇ دورىغا كۆپ ئۈمىد باغلىدىم.

ئۆيدىكىلەر بىر ھەپتىدىن كېيىن قايتتى. ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا بوۋاينىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈپتۇ. تالا-تۈزگە چىقىشىمۇ نورماللىشىۋاتقان ئوخشايدۇ.

—قىزىم، مەن ياخشى، ئەمدى ئۆيىڭىزگە بېرىڭ، تىرىكچىلىكىڭىزگە ئىگە بولۇڭ، دەپ قايتۇرۇۋەتتى، —دېدى ئۆيدىكىلەر مېنىڭ سوئالىمغا جاۋابەن، —ئۇنى ئۆزىمۇ سوراپ ئىچىۋاتىدۇ. يەنە بىر كىلوگرام كىشمىش ئەۋەتىپ بەرسەم نېمە دەيسىز؟

—گەپمىكەن شۇ، ئەۋەت، بولمىسا ئۆزۈڭ ئاپىرىپ بېرىپ كەل.

بۇ يەردە مۇنداق بىر لەتىپە ئېسىمغا چۈشۈۋاتىدۇ.

ئۇنى دېمەي مۇمكىن ئەمەس. ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، يەھۇدىيلار ــ مەن ئەتىگىچە ئاغرىپ قالىدىغاندەك قىلىۋاتىمەن. بۈگۈن دوختۇرغا باراي، دەپ كېتەرمىش. رۇسلار بولسا بۈگۈن ئاغرىپ قېلىۋىدىم، دەپ دوختۇرنىڭ ئالدىدا ھازىر بولار ئىكەن. بىزنىڭ مۇسۇلمانلار دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئۆز ۋاقتىدا ئەمەس، ئاغرىق ئۇبدان جاندىن ئۆتكەندىلا يۈگۈرەيدۇ. مۇبادا «بېغىرىڭىز قاچاندىن بېرى ئاغرىيتتى؟» دەپ سورىسىڭىز. بەزىلەر ئۈچ ـ تۆت كۈننىڭ، بەزىلەر ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ۋاقىتنى ئېيتىدۇ. «بۈگۈن بولمىسا ئەتە توختاپ قالار» دەپ ئاغرىقنى راسا كۈچەيتىۋالىمىز. «قانداق قىلىمىز تىرىكچىلىك!» دەپ ئۆزلىرىنى ئاقلىغۇسى كېلىدۇ. قېيناتىنىڭمۇ ئاغرىقى خۇددى شۇنداق ئۇزاق يىللىق سىتاژغا ئىگە ئاغرىقلاردىن. شۇڭا قارا كىشمىش بىلەن سەۋزە قانچە يۆلەكچىلىك قىلىسىمۇ، ئاغرىق بىلەن كۈچ ئېلىشىش تەس. كونىنىڭ كونىلىقى بار. ئەگەر ئۆز ۋاقتىدا داۋالانغاندا ئاغرىق ئۇنىڭ بويىنغا مۇنچىلىك مىنىۋالماس ئىدى.

## ناسۋال

بەزىلەرنىڭ «بۇ ئادەم خىيالىغا كەلگەنلا نەرسىنى يېزىۋېرىپتۇ ـ دە!» دېيىشى مۇمكىن. بىراق، مەن خىيالىمغا كەلگەننىلا قەغەزگە چۈشۈرۈشنى ئەمەس، ھېچبولمىغاندا بىرەر ئادەمنىڭ جېنى ئارام ئالسۇن، دېگەن پىكىردە بولدۇم. بەلكى يازغانلىرىمدىن بىرەر ـ يېرىمى بەزىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقماسلىقىمۇ مۇمكىن.

ھاكىمجان ئىسمىلىك بىر يىگىتنىڭ ھەر ئىككى كۆزى كۆزگە ئاق چۈشۈش ئاغرىقى بىلەن تۇتۇلۇپ قالدى. قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن، قاۋۇل يىگىتنىڭ بۇ پاجىئەسى خېلى ـ خېلىسىنى ئېچىندۇردى. ئاغرىقخانىلاردا ياتتى. تېۋىپلارغا كۆرۈندى. لېكىن ھېچنەرسە داۋا بولمىدى. كېيىنكى يىللىرى موسكۋادا ئەنە شۇنداق بىمارلارنى داۋالاش بويىچە مەخسۇس كلىنىكىلىق ئاغرىقخانا ئېچىلىپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ ئايالى بىچارە ئۈمىد بىلەن موسكۋاغا قاراپ يول ئالدى. ھاكىمجانلار «موسكۋاغا بېرىپ كەپتۇ» دەپ ئاڭلاپ، ھال سوراش مەقسىتىدە ئۇلارنىڭ ئۆيىگە باردۇق.

—دوختۇرلىرى تولىمۇ سىلىق، مېھرىبان ئادەملەردىن ئىكەن،—دەيدۇ ھاكىمجان مىننەتدارلىق بىلەن،—ناھايتى جىددىي، ئېرىنمەي تەكشۈرۈشتىن ئۆتكۈزدى. مېنىڭ قان بېسىمىم يۇقىرى. شۇ باھانە بىلەن ئوپېراتسىيە قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

—باشقا دورا بەرمىدىمۇ؟

—كۆل ئىشلەتۈرۈلمىگەن ناسۋال بىلەن سۇمبۇل (ۋالېرىئانا) يىلتىزىنى ئارىلاشتۇرۇپ يۇمشاق ئېزىپ پۇرا، دېدى.

ھاكىمجان چوڭ ئۈمىد باغلىغان دوختۇرلارنىڭ گېپىنى دەسلەپ چۈشەنمىدىم. ئۆيگە كېلىپ ئۇزاق ئويلاندىم. ھەممە پەرەزلەر بىلەن تەخمىنلەرنى تەھلىل قىلدىم. ناسۋالمۇ، سۇمبۇلمۇ بۇرۇندىكى شىللىق پەردىگە يەتكەندە ئادەم مەجبۇرىي يوسۇندا چۈشكۈرىدۇ. ئادەم ئۇنىڭسىزمۇ چۈشكۈرىدىغۇ. كۆپ ئويلىدىم، ھەممىگە مەلۇمكى، چۈشكۈرگەندە ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئورگانىزمى كۈچلىنىدۇ. قاتتىق چۈشكۈرۈش تۈپەيلى ھەتتا بەزىلەرنىڭ بۇرنىدىن قان چىقىپ كېتىشىمۇ ئېھتىمال. بەزىدە كۆزدىن ياش چىقىپ كېتىدۇ. دېمەك، گلائۇكوما بىلەن ئاغرىۋاتقان ئادەم ئۈچۈن بۇ جەريان پايدىلىق بولسا كېرەك. قاتتىق ۋە يېنىپ ـ يېنىپ چۈشكۈرگەندە قان تومۇرلىرى، كلېتكىلار ھەرىكەتكە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن تومۇرلار ئېچىلىدۇ. ياش بولسا يوللاردىكى «ئەخلەتلەرنى» ئېلىپ چىقىپ كېتىدۇ، قېتىپ قالغان نېرۋا تالالىرى ھەرىكەتكە كېلىشى چوقۇم.

ئۇغۇ شۇنداق. بىراق كۆل ئارىلاشتۇرماي تەييارلىغان ناسۋال قانداق؟ زادى ئەقلىم يەتمەيدۇ. چۈنكى مەن بالا مەزگىلىمدە بوۋامنىڭ قازاق ئاغىنىلىرىنىڭ ئۆيىدە ناسۋال ياساش جەريانىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن. ئۇ بوۋايلار تاماكا يوپۇرمىقىنى ھاۋانچىدا سوقۇپ تالقانلاپ، ئاندىن چاكاندىنى كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى ئارىلاشتۇراتتى. بۇ بىرىنچى سورتلۇق ناسۋال ھېسابلىناتتى. ئۇنداق بولسا كۆل ئارىلاشتۇرماي ياسالغان ناس قانداق بولىدۇ؟

نۇرغۇن پېشقەدەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ سۆھبەتلەشتىم. كۆپچىلىكى ناسنى قانداق ياسايدىغانلىقىنى كۆرمىگەن ئىكەن. ئاخىرى 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدا ئۆمۈرلۈك جۈپتى ناس ياساپ ساتقان بىر مومايىنى تاپتىم:

—ھەي ئۇكام، ئۇ ئاسانلا ئىشقۇ،—دېدى موماي مىيىقىدا كۈلۈپ،—تاماكىنى ھاك سۈيىگە چىلاپ، ئاندىن

2005.2

قۇرۇتۇپ سوقسا، ناسۋال ئاسان تەييار بولىدىغۇ. مانا سىزگە كۆل ئارىلاشتۇرمىغان ناسۋال. ھاكىمجانغا مەن بۇ ئۇسۇلنى سۆزلەپ بەردىم. لېكىن شەھەردىن ناسقا كېرەكلىك ماتېرىيالنى تېپىپ بېرىش قولۇمدىن كەلمىدى. ئىككى كۆزى كۆرمىسە ئۆزى نەدىن تاپسۇن. ئەمدىلا 50 نىڭ قارىسىنى ئالغان ئادەم ئۆيگە يېپىسىز باغلىنىپ ئولتۇرىدۇ.

## توخۇ ۋە توخۇ تاشلىقى

توخۇ گۆشى بىلەن شورپىسىنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتى توغرىسىدا مەن كىتابلاردىن ئازدۇر ـ تولا ئوقۇغان. زامانىۋى ئىلمىي تېبابەتچىلىك بولسا، توخۇ گۆشى بىلەن شورپىسىنى سىڭىشلىك يېنىك غىزا، دەپ ھېسابلايدۇ. ئومۇمەن تۇرمۇشتا توخۇ شورپىسى تولىراق ئىچىنى بوشىتىش، تازىلاش مەقسىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. لېكىن بۈگۈن تۇرمۇشىمىزدا شورپا قاينىتىش ئۇسۇلىمىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلار ئۇسۇلىغا ھېچ ياندىشالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بەزىلەر «مەن توخۇ شورپىسى ئىچىپ بىر راھەتلەندىم» دېسە، ئىككىنچى بىرلىرى «مەن ئۆيدىكىلەرگە توخۇ شورپىسى قاينىتىپ قوي دېدىم. تاماكا تاشلىغاندىم. شورپا بىلەن ئىچىمنى تازىلىماقچىمەن» دەپ ماختىنىدۇ. توغرا، نۇرغۇن مۆتىۋەرلەردىن ئاڭلىشىمغا، ئاتامدىن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىنىمگە قارىغاندا، بۈگۈن بىز قاينىتىۋاتقان شورپا ئۇ پەقەت غىزا ئۇچۇنلا، ئۇنىڭ ھەقىقىي مەنىسىدىكى شىپالىق خۇسۇسىيىتى تۆۋەن. بىزنىڭ ئائىلىدە ئاتام ئۇچۇن توخۇ شورپىسى تۆۋەندىكىچە تەييارلىناتتى:

ئانام قازانغا سۇ قۇيۇپ، توخۇ گۆشىنى سالاتتى. كېيىن قازانغا قاسقىنى كۆيۈپ، ئۇۋۇلىپ چۈشۈپ تۈگىگەن كونا جىمبىلنى قوياتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە كىچىك چىنە بولاتتى. شۇ تەييارلىقتىن كېيىنلا ئوچاققا ئوت تۇتاشتۇرۇلاتتى. قازان ئاستا قايناتتى. قازان قايناشقا باشلىغاندا ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن ھور بېرىپ تۈۋاققا تېگىدۇ ۋە سۇ بولۇپ چىنىگە چۈشىدۇ. بىر توخۇ گۆشىدىن ئوتتۇرا چىنە شورپا ئېلىناتتى. بۇ شورپا ئادەمنىڭ ئىچىنى بوشىتىپلا قالماي، ئۆت خالتىسى، بۆرەك، دوۋسۇندا پەيدا بولغان تاشلارنىمۇ ئېرىتىپ سۈيدۈك بىلەن سىرتقا چىقىشىنى چاپسانلاشتۇرىدۇ، ئاشقازانغا قۇۋۋەت بېرىدۇ.

ـــ بۇرۇنقى زاماندا داڭلىق بىر تېۋىپ قىز چىققان ئىكەن، ـــ دەپ ئاتام سۆزلەپ بەرگەن ھېكايە تا ھۇشۇ كۈنگىچە يادىمدا ـــ ئۇ ساقايتالمايدىغان ئاغرىق يوق ئىكەن. بىر كۈنى قىزنىڭ دادىسى ئاغرىپ قاپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى سېلىپ بار ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپتۇ. بىراق ئاتىسىغا قىلغان دورىسى ھېچ داۋا بولماي ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. قىز ئەجەبلىنىپتۇ. ئاخىرى ئاتىسىنىڭ ئىچىنى يېرىپ، ئۆلۈش سەۋەبىنى ئېنىقلاپتۇ. ئوپېراتسىيە قىلغاندا ئاتىسىنىڭ ئىچىدىن كىچىك تۇخۇم چوڭلۇقىدا تاش دېسە تاش ئەمەس، گۆش دېسە گۆش ئەمەس، بىر نەرسە چىقىپتۇ. ئۇنى سۇتكە سالسا ئېرىمەپتۇ. پىچاق بىلەن كەسسە كېسىلمەپتۇ. بولقا بىلەن ئۇرسا ئېزىلمەپتۇ. قىزنىڭ بېشى قېتىپتۇ. ئاخىرى ئۇنى توخۇ شورپىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ. ئەتىسى قارىسا، ھېلىقى نەرسە مىچچىدە ئېرىپ كېتىپتۇ. شۇندا قىز ئاتىسىغا توخۇ شورپىسىنى بەرمىگىنىگە ناھايىتى ئېچىنغان ئىكەن.

بۇ لەتىپە مەنتىقىگە توغرا كېلىدۇ. ئاتامغا تەييارلانغان شورپىدىن ئۆزۈممۇ ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئىچىپ كۆردۈم. ئۇنى ئىچكەندىن كېيىن ئادەم ئۆزىنى ھەقىقەتەنمۇ يېنىك ھېس قىلىدىكەن.

كېيىنكى يىللىرى بەزىلەر ئۆت خالتىسىدا، بۆرەكتە ۋە دوۋسۇندا تاش پەيدا بولغاندا ئۇنى چۈشۈرۈش مەقسىتىدە توخۇ تاشلىقى ئىچىدىكى يۇپقا پەردىنى قاينىتىپ، ئىچىپ يۈرگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە ئۆزۈممۇ باشقىلارغا شۇنى سىناپ كۆرۈشنى ئېيتتىم. ۋ. ئىسىملىك ئەللىكتىن ئەمدىلا ھالقىغان بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئۆت خالتىسىدا تاش پەيدا بولغانلىقىنى ۋە دوختۇرلارنىڭ ئوپېراتسىيىگە يات دەۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قورقۇپ قېچىپ يۈرگەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. مەن بۇ ئۇسۇلنىڭ ئادەم ھاياتىغا دەخلى يەتكۈزمەيدىغانلىقىنى، ئۆتنى ئوپېراتسىيە يولى بىلەن ئېلىۋېتىلگەن بەزىبىر تونۇشلىرىمنىڭ سەكسەن يىلدىن ئۇشۇقراق ھايات كۆچۈرگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردىم. لېكىن ئۇ ئوپېراتسىيىگە زادى رازى ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. شۇڭا قولۇمدىكى توخۇ تاشلىقىدىن بەردىم ـ دە، تۆت قېتىم قاينىتىپ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم، تاماقتىن يېرىم سائەت ئىلگىرى ئوتتۇز گرامدىن ئىچىشنى چۈشەندۇردۇم.

ـــ سىز دېگەندەك تۆت كۈنلا ئۇدا ئىچىۋىدىم،

ئاغرىپ يېتىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن توختىتىپ قويدۇم ـــ دېدى ئۇ بىر كۈنى.

مەن ئۇنىڭغا تاشنىڭ تېز پارچىلانمايدىغانلىقىنى ۋە ئاسان چىقىپ كەتمەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردۇم. تاش ئۇۋۇلىنىپ سىرتقا قاراپ ماڭغاندا، ئەلۋەتتە ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ، ئاغرىيدۇ. شۇنداق ۋاقىتتا سۇلۇ پاخلى بولسا، ئۇنى قايىنىتىپ ياكى ئاددىي سۇنىڭ ئۆزىنى قايىنىتىپ ئىلمان ۋاننا (يېزىلاردا شەھەردىكىدەك ۋاننىسى يوق ئۆيلەردە تەگنىنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ) ئېلىش كېرەك. ئۇ تاشنىڭ چىقىشىنى تېزلىتىدۇ.

توخۇ تاشلىقى پەردىسى قايناتمىسى ئۆت خالتىسى، دوۋسۇن ۋە بۆرەكتىكى تاشنى ئۇۋۇتىدۇ، ئېرىتىپ چىقىرىدۇ، دېيىشمىدىكى سەۋەب، توخۇ سويغاندا تاشلىقىنى يارسىڭىز، ئىچىدىن قۇم ۋە ئەينەك پارچىلىرى چىقىدۇ. دېمەك، تاشلىق تاش، قۇملارنى ئېرىتىپ، ئۇلاردىن توخۇ ئورگانىزمىغا لازىملىق ماددىلارنى چىقىرىپ بېرىش تۈگمىنى. مۇبادا ئۇنىڭ توخۇغا بىرەر پايدىسى بولمىسا، توخۇ ئۇلارنى شۈبھىسىز ئىستېمال قىلماس ئىدى. يەنە بىر نەرسە توخۇلار دانلاپ بولۇپ، تام تۈۋىدە تۇرىدۇ ـ دە، بوينىنى سوزىدۇ ۋە ئۇياقتىن ـ بۇياققا تولغىنىدۇ. شۇندا توخۇ تاشلىقىدىكى تاشلارمۇ، ئەينەكلەرمۇ ئۇۋۇلىنىدۇ. شۇنىڭغا قاراپ مەن ئىشەنچلىك ھالدا ئۆت خالتىسىدىكى تاشنى چۈشۈرۈش ئۈچۈن، توخۇ تاشلىقى پەردىسىنى قايىنىتىپ ئىچىشكە بەرگەنىدىم ۋە ھەر كۈنى بىر-بىلىنى بەش ـ ئون مىنۇت تولغاپ ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ لازىملىقىنى تەكىتلىدىم.

مېنىڭ پەرەز قىلىشىمچە، ئۇ تاشلىق پەردىسى قايناتمىسىنى ئىككىنچى قېتىم ئىچكەندىن كېيىن ئوڭ بىقىنىنىڭ قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئىچىشنى توختاتقان ياكى ئۇ تاشلىق قايناتمىسىنى ئۆزىنى سەل ياخشى ھېس قىلغاندىن كېيىن ئاخىرىغا يەتكۈزمەي توختاتقان. چۈنكى، كېيىنكى بىر ئۇچرىشىشتا ئۇ ئوڭ بىقىنىم يەنە ئاغرىپ تۇرىدۇ، دېگەنىدى. كەسپىي دوختۇرلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا ۋاقىت ئۆتۈشى بىلەن ئۆت خالتىسى، دوۋسۇن ياكى بۆرەكتىن كەتكەن تاش ئورنىدا يەنە تاش پەيدا بولار ئىمىش. شۇڭا دوختۇرلار ئوپېراتسىيە قىلغان بىمارنى ئاغرىقخانىدىن ئۆيىگە چىقارغاندا شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ، بىر يىلغا يېقىن سۈيىدۈك كۆپەيتىدىغان شىپالىق گىياھلار قايناتمىسىنى ئىچىشنى تەكلىپ قىلىدۇ. ۋ. غا مەن ئۇنىمۇ ئېيتقانىدىم. ئەگەر ۋ. ئۇنىڭ ئوڭ بىقىنى يەنە ئاغرىپ يۈرگەن بولسا، ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىلغان چارىلەرنىڭ بىرىگە ئەمەل قىلمىغان ياكى ياخشى بولۇپ قالدىم دەپ ئاچچىق ـ چۈچۈكلەردىن ئۆزىنى تارتمىغان.

بەزىلەر توخۇ تاشلىقى پەردىسىنى ھەتتا ئاشقازان راكىغىمۇ ئىشلىتىپ، نەتىجىگە ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئالتە دانە توخۇ تاشلىقى پەردىسىنى قۇرۇتۇپ تۈمۈر ھاۋانچىدا سوقۇپ تالقانلاپ، سەككىز قېتىم كاپ ئەتكۈدەك دورا ياساش لازىم. ئۇنى كۈنىگە بىر قېتىم، تاماقتىن بىر سائەت ئىلگىرى سەل سوۋۇغان قايناق سۇ بىلەن ئىچىش تەكلىپ قىلىنىدۇ.

بۇ ئۇسۇلنى ئاڭلىغىنىم بىلەن تۇرمۇشتا سىناپ كۆرمىدىم. پايدىلىنىپ سىناپ كۆرۈش كېرەك. يۇقىرىدا ئېيتىلغان مىقداردا ئىچسە، ئۇنىڭ ئادەم ئورگانىزمىغا زىيىنى يوق.

## قازان قۇرۇمى

بىزدىكى تاماق (بوغۇز) ئاغرىقىغا ئىلمىي تېبابەتچىلىكتە ئانگىنا، تانزىلىت ياكى يۇقىرىقى نەپەس يوللىرىنىڭ ياللۇغى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ دېسەم لاپ بولماس بەلكى. چۈنكى ھەممىسىنىڭ تومۇرى بىر. سوغۇق تېگىشتىن يۈز بېرىدىغان ئاغرىقلار. ئۇ ھەممىگە مەلۇم. بۇلاردا شىپالىق گىياھلاردىن غاڭزىگۈل، تىكەنگۈل، ئېۋكالىپت دەملەنمىسى بىلەن غارغار قىلىپ داۋالانسىمۇ بولىدۇ. ئۇ توغرىسىدا «شىپالىق يۈز ئون گىياھ»دا خېلى تەپسىلىي يېزىلغانىدى. شۇڭا ئۇنى تەكرارلاپ ئولتۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرمىدۇق.

بۇ يەردە پەقەت قازاننىڭ قۇرۇمى توغرىسىدا ھېكايە قىلىشنى كۆزدە تۇتتۇم. مېنىڭچە، بولغاندا ئانگىناغىمۇ، تانزىلىتقىمۇ ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈكرەك دورا يوقمىكىن دەپمۇ ئويلايمەن. ئۇنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە مۇنداق بىر پاكىتنى ئەسلەپ ئۆتۈشنى مۇۋاپىق كۆردۈم. بۇنىڭدىن خېلى ئۇزاق يىللار ئىلگىرى، بىر كۈنى كەچكى تاماقتىن كېيىن، گېزىت ئوقۇپ ئولتۇراتتىم، چوڭ قىزىم:

ـــ دادا، ئوغلىڭىزنى سوراپمۇ قويمايسىزغۇ؟ ـــ دەيدۇ.

ـــ ئۇنىڭغا نېمە بوپتۇدەك؟ ـــ دېدىم.

2005.2

ـــ ئىككى كۈن بوپتۇ، بېشىنى كۆتۈرمەي ياتقىنىغا،
بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەپتۇ، ھەتتا پاراڭمۇ قىلالمايدۇ.
ـــ توۋا!ـــ دېدىم ـ دە، ئورنۇمدىن تۇردۇم، بالا ـ
چاقا بىلەن ئۈچ ئېغىز ئۆيدە بىللە تۇرىمىز. ئوغلۇم با-
لا ـ چاقىسى بىلەن ئاشخانا يېنىدىكى بىر بـۆلـمـىـدە.
ئاش ـ تامىقىمىز بىر. ئەمما مەن كەلگەندە ئۇ ئىشتا بو-
لاتتى، مەن ئىشقا ماڭغاندا ئۇ ئۇخلايتتى. قانداق قىلسەن،
تىرىكچىلىك!

ئىككىنچى بۆلمىگە چىقسام، راست، ئوغلۇم بېشـىـنى
يۇركەپ يېتىپتۇ. نېمە بولدۇڭ دېسەم، گەپ قىلالماي تا-
مىقىنى كۆرسەتتى. تەرلەپ تۇرىدۇ. مېھمانخانىغا چىقتىم.
بۇ يەردە ئۇنى ـ بۇنى قويىدىغان جاي بار ئىدى. قازاد-
ىنىڭ قۇرۇمى سېلىنغان قۇتام شۇ يەردە تۇراتتى. ئۇنى
تاپتىم ـ دە، ئوغلۇمنى باشلاپ ئاشخانىغا چىقتىم. قۇرۇم-
دىن ئاق قەغەزگە ئازراق تۆكۈپ سەرەڭگە تۇتاشتۇردۇم.
ئوغلۇم دېرىزە ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. كۆر-
سەتكۈچ بارمىقىم ۋە ئوتتۇرانچى قولۇمنىڭ تۇخۇمى بە-
لەن بېسىپ قۇرۇمنى ئەزدىم. بارماقلىرىم قاپقارا بويالدى.
ئاندىن ئوغلۇمنىڭ شىلىملىشىپ تۇرغان ئاغزىنى ئاچقۇ-
زۇپ، تامىقىنى بارماقلىرىم بىلەن ئۈچ نۆۋەت كۆتۈردۈم.
ھەرقانداق داۋالاش ئۇسۇلىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكى مەلۇم.
ئوغلۇمنىڭ پېشانىسىدىن مونچاق ـ مونچاق تەر چىقىپ
كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدۇم ۋە مو-
مامنىڭ ئۇسۇلى بويىچە تامنى غۇلاچلاتتىم. ئاندىن ھا-
جەتخانىغا كىرگۈزۈپ، ئورنىغا ياتقۇزۇپ قويدۇم. ئارىدىن
يېرىم سائەتتىن ۋاقىت ئۆتۈپ، ئاشخانىغا چىقسام ئوغلۇم
تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇپتۇ.
ـــ ئەھۋالىڭ قانداق؟ـــ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
ـــ ياخشى. تامىقىم خېلى قويۇپ بەردى.
ـــ تاماكاڭنى سەل توختىتىپ تۇرساڭ بولاتتى بالام،
ئاز جاپا تارتىمدىڭغۇ.
ـــ ئۇنىڭ دورىسى ئاسان ئىكەنغۇ، بىلمەپتـمـەن.
ئەمدى ئۆزۈمگە ئۆزۈم دورا قىلىمەن،ـــ دېدى كۈلۈپ.
شۇنىڭدىن بۇيان ئۇزاق يىللار ئۆتتى، لېكىن ئوغلۇمنىڭ
بوغۇزۇم ئاغرىۋاتىدۇ، دەپ ياتقىنىنى كۆرمىدىم. بەزىلەر
يىرگىنەمدۇ، يا كۆزىگە ئىلغۇسى كەلمەمدۇ بىلمەيـمـەن،

داۋالاشنىڭ بۇ ناھايىتى ئاددىي ئۇسۇلىدىن پايدىلانماي،
دوختۇرغا يۈگۈرۈشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. دوختۇرنىڭ ئال-
دىغا بارما، دەپ ئېيتالمايمەن. ئاساسىي نەرسە، ۋاقىت
ئۆتكۈزمەي ئۆيدە چاپسانراق داۋالان، دېمەكچىمەن. بە-
زىلەر «بىز شەھەردە تۇرساق، قازاننىڭ قۇرۇمنى نەدىن
تاپىمىز؟...» دەپ بۇنى چوڭ بىر مەسىلىگە ئايلاندۇرد-
دۇ. مۇشۇ كۈندە شەھەر ئاھالىسىدىن يېزا بىلەن تامامەن
مۇناسىۋىتى يوق بىرەر ئائىلىنى تېپىش مۇمكىن ئەمەس
دېسەم لاپ بولماس، بەلكى. قەلەي چۆمۈچ بىلەن قازاد-
ىنىڭ تۈۋىنى قىرساڭ قۇرۇم چۈشىدۇ، ئۇنى بىر قۇتىغا
قويۇپ ئېلىپ قويساڭ تۇرىدۇ، سېنىڭدىن نانمۇ، چايمۇ
سورىمايدۇ، خالىغان چاغدا ئىشلىتىسەن.
بەزىلەر: «بۇ ئىش پەقەت ئاتا ـ بوۋىسى شۇنىڭ بە-
لەن ھەپىلەشكەن ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ. ئۇ ئۇ-
دۇم تالىشىدۇ» دېگەن پەتىۋاسىنى ئېيتىشىدۇ. بىكار گەپ.
ئۇنداق دېيىشىمگە سەۋەب، مومام رەھمەتى راست، داۋالاش
ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى. لېكىن ئۇ تىل سېلىپ كۆزگە
چۈشكەن ئەخلەتنى ئالمايتتى. بۈگۈنكى كۈنلەردە ئۇنىڭ
چوڭ قىزى تۇغمەن يېزىسىدا كۆزگە چۈشكەن ئەخلەتنى
تىل سېلىپ ئالغۇچى بىردىنبىر ئادەم. قېنى ئۇدۇم تالاش-
قىنى؟

مېنىڭچە بولغاندا، ئادەم قىلغان ئىشنى ئادەم چوقۇم
قىلالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئادەمدە ھەۋەس، تىرىش-
چانلىق بولۇشى كېرەك.
مومام مەريەمخان رەھمەتى تامىقىغا قاپارتقۇ چىقـقـان
ئادەمنىمۇ داۋالايتتى. قولىنى يەنىلا شۇ قازان قۇرۇمى
بىلەن مايلاپ قاپارتقۇنى يېرىپ، ئىچىدىكى قان ـ يې-
رىڭنى چىقىرىۋېتەتتى. بىراق ئۇنىڭغا ئوبدانراق سەپسې-
لىۋالمىدىممۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدىممۇ، ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن
كەلمەيدۇ. شۇڭا مۇبادا ئۇنداق ئاغرىقى بار بىمار ئالدىمغا
كەلسە، ئېۋكالىپت دەملەنمىسى بىلەن چايقاشنى تەكـلـىپ
قىلىمەن. ئۇ تېپىلمىغان تەقدىردە، غاڭزىگۈل قايناتمىسى
بىلەن چايقىسىمۇ بولىدۇ. يېقىندا بىر قىزىق ئىش بولدى.
قوشنىمىز كىرىپ:
ـــ ئوغلۇمنىڭ (ئۈچ يېرىم ياشتا) تامىقى ئـاغـرىپ،
دوختۇر بەرگەن دورىنى ئىچىپ، تامىقنى چايقىغىلى ئۇ-
نىمايۋاتىدۇ. سىزدە بۇنىڭغا دورا يوقمۇ؟ـــ دەيدۇ. مەن

قازاننىڭ قۇرۇمىدىن ئازراق بېرىپ، مومامنىڭ ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ قويدۇم. ئەتىسى قوشنىمىز:

ــئاكا، دورىڭىز ئاجايىپكەن، ئوغلۇمنىڭ تامىقىدىكى قاپارتقۇنى بېسىۋىدىم، ئىچىدىن يىرىڭ دېگەن ئېتىلىپ چىقتى. جېنىم بالام، شۇنىڭدىن كېيىن ياخشى، ــ دەپ رەھمىتىنى ئېيتتى.

خەلق ئارىسىدا ئانگىنا، تانزىلىت ئومۇمەن بوغۇز ئاغرىقىنى زەمچە دەملەنمىسى بىلەن چايقاش ئادىتى بار. مەن ئۇنىمۇ سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ كۆردۈم. ئەمما بۇ كۈنلەردە ئۇنى تېپىش تەس. زەمچىدىن دەملەنمە تەييارلاش ئۇسۇلى: ئارا چىنىدە ئوتتۇرا قايناق سۇ ئېلىپ، زەمچىنى شۇنىڭغا سالىمىز ۋە قوشۇق بىلەن ئارىلاشتۇرىمىز. تاماقنى كۈنىگە تۆت ــ بەش قېتىم چايقايمىز.

بەزىلەر «تاماق ئاغرىسا يىلان شورپىسى بىلەن بوغۇزنى چايقىسىمۇ ياخشى تەسىر قىلغۇدەكقۇ. بۇنىڭغا سىز قانداق قارايسىز؟» دەپ سورايدۇ. توغرا، تەجرىبىدە كۆرۈلۈشچە تاماق ئاغرىقىدا ئۇمۇ ياخشى تەسىر قىلىدىكەن. تامىقىڭىزدا چايقىغان شورپىنى يۇتۇۋالسىڭىزمۇ زىيىنى يوق. ئۇ بوغۇزنىڭ ئىچكى قاتلىمىدىن سوغۇق تەگكەن يەرلەرگىمۇ، ئىچىڭىزدىكى باشقا ئاغرىقلارغىمۇ ياخشى تەسىر قىلىدۇ. لېكىن، يىلاننى مۇشۇ كۈنلەردە شەھەردە تۇرماق يېزىدا تېپىشمۇ تەس.

ماگىزىنلاردا ئالما سىركىسى سېتىلىپ تۇردى. ئۇنى ھەركىمنىڭ ئۆزىمۇ ياسىۋېلىشى مۇمكىن. مۇبادا قازان قۇرۇمىغا مىلانغان قولىڭىزنى ئاغزىڭىزغا سېلىشقا كۆڭلىڭىز تارتمىسا، بوغۇزىڭىزنى شۇ سىركە بىلەن داۋالىسىڭىزمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، بىر ئىستاكان قايناق سۇغا (ئېغىز كۆيمىگۈدەك) چاي قوشۇقتا بىر قوشۇق ئالما سىركىسى ۋە بىر قوشۇق ھەسەلنى ئارىلاشتۇرۇپ تاماق چايقايسىز. تاماق چايقالغان دورىنىڭ ھەممىسىنى بولمىسىمۇ، يېرىمىنى ئىچىۋېتىڭ. ئۇ قىزىلئۆڭگەچتىكى سوغۇق تەگكەن يەرلەرنىمۇ داۋالاپ، ئۆگىلەرگە يىغىلىپ قالغان تۇزنى ئېرىتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

### تۇخۇم

تۇخۇمنىڭ ئىنسان ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى چوڭ ــ كىچىكنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقىنى ھەممە ئادەم بىلىۋەرمەسە كېرەك، دەپ ئويلايمەن.

تۇخۇم پەقەت مومام مەريەمخان ئىشلەتكەن دورا ئەمەس. ئومۇمەن ھەممە ئىشلىتىپ يۈرگەن نەرسە. مەسىلەن، باللىق ئانىلار يىراق سەپەرگە ماڭسا، بىر تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى قەغەزگە تۆكۈپ، نارەسىدىنىڭ بېشىنى چېكىلەيدۇ. بۇ بالىنىڭ مېڭىسى چايقىلىپ كەتمىسۇن، دېگەنلىك. ياكى بالا يىقىلىپ چۈشسىمۇ تەجرىبىلىك ئانىلار بالىسىنىڭ بېشىنى تۇخۇم بىلەن چېكىلەيدۇ. چۈنكى بۇمۇ بالا مېڭىسىنىڭ چايقىلىپ كېتىشىگە قارشى دورا، ھەممىسى توغرا. بۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئىنكار قىلالمايمىز ھەم زىيىنى يوق ئادەتلەر.

ياكى مەسىلەن، بەزىدە ئۆزىڭىز بىپەرۋالىق قىلىپ يۇتىڭىزغا قايناق سۇنى تۆكۈۋالدىڭىز دەيلى. ئۇنى دەرھال داۋالىغۇدەك دورىمۇ يوق، شۇنداقتا نېمە قىلىش كېرەك؟ دەررۇ بىر تۇخۇم چېقىپ ئۇنىڭ ئېقىنى ساقتىۋېتىپ، سېرىقىنى كۆيگەن يەرگە سۈركەڭ. ئاغرىق چاپسان بېسىلىدۇ ۋە چاپسان ساقىيىدۇ.

باش ئاغرىقى دەيمىز. ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا ئانالگىن ياكى تسىترامون ئىزدەيمىز. بۇ توغرا ئەمەس. باش ئاغرىغاندا، ئۇنىڭ تېگى ــ تەكتىنى ئىزدەپ تېپىش لازىم. بەزىدە باش قان بېسىمىنىڭ يۇقىرىلىقىدىن ئاغرىشى ئېھتىمال. دوختۇرغا بارسىڭىز ئۇنى بىردەمدىلا ئېيتىپ بېرىدۇ. بۇ يەردە تەجرىبىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئەھۋالنى سۆزلەپ بېرەي. ئۇيغۇرلار ياشايدىغان يېزىلارنىڭ بىرىگە بارسام، خېلىلا ياشانغان بىر ئادەمنى قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ دېيىشتى. سالام بەرگەچ ھالىدىن خەۋەر ئالاي، دەپ ئۆيىگە باردىم. قان بېسىمى 220 گە يېتىپ، دوختۇرخانىدا يىقىلغىلى تاستاماس قاپتۇ. ئۇ كۆل سالدۇرۇپ، ئۆيىگە تېخى يېڭىلا كېلىپ ياتقانىكەن.

ــ تۇخۇم بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدىم بىرىدىن.

ــ بىزنىڭ ئۆيدە ئۇنداق نەرسە يوق. ئۆيدىكىلەرنىڭ چۈشلۈك تاماققا كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى. شۇ كەلگەندە قوشنىلاردىن ئېلىپ چىقمىسا، ــ دېدى ئۇ. شۇ گەپلەرنى ئېيتىشنىڭ ئۆزى ئۇنىڭ ئۈچۈن نەقەدەر مۇشكۈل بولۇۋاتقانلىقى چىرايىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن ئورنىدىن قوزغالماسلىقىنى ئۆتۈندۈم. مەن ئالدىرىماي ھەممىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا ئاغىنىنىڭ ئايالى چۈشلۈك

تاماققا كېلىپ قالدى. ئۇنىڭغا ئېيتتىم.

— كەڭلىكى تۆت ـ بەش سانتىمېتىر، ئۇزۇنلۇقى باش گورىغىدەك لاتا ئېلىڭدە، بىر تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى شۇنىڭغا سۈركەڭ، دۇكاننىڭكىگە قارىغاندا، ئۆينىڭ تۇخۇمى ياخشىراق. ئاندىن لاتىنى مانا مۇنداق: قاشنىڭ ئۈستىدىن باشلاپ باشقا ئورالڭ. بىر قېتىمدىلا قان بېسىمى تۆۋەنلەپ، باش ئاغرىقى توختايدۇ. ئەمما ئۇنى ئۈچ كۈن ئۇدا تەكرارلاش كېرەك.

ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ ئاي ئۆتۈپ، بۇ يېزىغا يەنە يولۇم چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئاغىنىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەقسىتىدە ئۇنىڭ ئۆيىگە يەنە بېرىشقا توغرا كەلدى.

— مەسلىھەتىڭگە ئاپىرىن، — دېدى ئۇ.

— نېمە بولدى؟

— شۇ كۈنگىچە بىز ئەخمەقلەر تۇخۇمنىڭ قۇدرىتىگە كۆز يۇمۇپ يۈرۈپتىمىز، — دېدى ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ، — ئۇنى پەقەت ئوزۇق قاتارىدا بىلىپ، شىپالىق خۇسۇسىيىتى يوق، دەپ يۈرۈپتىمىز. سەن دېگەندەك بىرىنچى كۈننىڭ ئەتىسىلا ئەسلىمگە كەلدىم. شۇنىڭدىن بۇيان مانا ئىككى ئايدىن ئۇشۇقراق ۋاقىت ئۆتتى. قان بېسىمىم ئۆرلىمىدى. خۇدايىم، بىر جېنىڭغا مىڭ جان بەرسۇن.

بۇ تاسادىپىي نەرسە ئەمەس. چۈنكى بۇ ئۇسۇل بىلەن ئۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆز جېنىغا ئارام تاپتى.

تۇخۇم توغرىسىدا سۆزلىگەندە خېلى گەپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بەزىلەر، ئېغىر يۈك كۆتۈرۈپ، بېلىنى چىم قىلىۋالغاندىمۇ تۇخۇم سېرىقى ياردەم بېرىدۇ. بەزىلەر تەرتىزنى هاۋانچىدا سوقۇپ تالقانلاپ، بىر قوشۇق تالقانىنى بىر تۇخۇم سېرىقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەلگە چاپلايدۇ. بەزىلەر قارىمۇچ بىلەن ھەسەل، تۇخۇم ئۈچىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىدىكەن. قارىمۇچ بىلەن تۇخۇم سېرىقى ئارىلاشتۇرۇپ بەلگە چاپلىغاندا، يۇقىرى ئۈنۈمگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۇسۇلى مۇنداق: تۇخۇم سېرىقى، قارىمۇچ (چوڭ قوشۇقتا سىيپاپ بىر قوشۇق) ھەسەل (بىر قوشۇق) بىلەن ئارىلاشمىسىنى تۆت قاتلانغان قول ياغلىققا مايلاپ، بەلنىڭ دەل ئاغرىيدىغان يېرىگە قويىمىز ۋە ئۈستىنى بىر نەرسە بىلەن تارتىپ باغلىۋالىمىز. بۇ ئۇسۇل كېچىسى يېتىش ئالدىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئەتىگەنلىكى ئىشقا ماڭغاندا ئۇنى ئېلىۋېتىمىز. دەسلەپكى ئۈچ كۈننىڭ ئۆزىدىلا ئادەم ئۆزىنى تېتىك ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. مېنىڭچە بولغاندا داۋالاشنى ئۈزۈلدۈرمەي بىر ھەپتە قىلغان ياخشى. بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېيتىپ كېتىش كېرەككى، داۋالانغان ئادەم بىر ئاي ئۆزىنى ئېغىر ئىشلاردىن تارتىمىقى لازىم.

تۇخۇم يېغى. ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇش تىرىكچىلىكىدە غاز، ئۆردەككە قارىغاندا، توخۇ ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا تېبابىتىمىزدە كۆپرەك توخۇ تۇخۇمى ئىشلىتىلىدۇ. تۇخۇم يېغىمۇ مانا شۇ توخۇ تۇخۇمىنىڭ سېرىقىدىن چىقىرىلىدۇ. ئۇنى مومام مەرىيەمخاننىڭ ياساۋاتقىنىنى تالاي قېتىم كۆرگەنمەن. ھېلىمۇ يادىمدا، تۇخۇم يېغى چىقىرىش ئۇسۇلى: تۇخۇمنى پۈتۈن پېتى قايناتىپ پىشۇرۇپ ئاندىن تازىلىنىپ سېرىقى ئېلىنىدۇ. ئاندىن ئۇنى ئاستا كۆيۈۋاتقان ئوتقا قويسا ئېرىپ، مايغا ئايلىنىدۇ. ئۇ كۆيگەن يەرگە، ھۆل تەمرەتكىگە داۋا.

ھېلىمۇ يادىمدا، مومام رەھمەتى ئالدىغا قورسىقى ئاغرىپ، ئىچى توختىماي ماغدۇرى ئۈزۈلگەن بالىنى ئېلىپ كەلسە، بىر پارچە كىگىزگە (تولىراق قارا قوينىڭ كىگىزى ئىشلىتىلەتتى) بىر تال تۇخۇمنى چېقىپ قۇيۇپ، ئاغرىق نارەسىدىنىڭ ئىشتىنىنى يەشكۈزۈپ شۇنىڭغا ئولتۇرغۇزاتتى. 10 ـ 15 مىنۇتتىن كېيىن بالىنى كۆتۈرۈپ ئالاتتى. شۇندا قارىغۇدەك بولسىڭىز، تۇخۇمنىڭ ياكى سېرىقى، ياكى ئېقى يوق بولۇپ چىقاتتى. مەن ھەيران بولۇپ بىردەم كىگىزگە، بىر دەم مومامغا قارايتتىم.

— بۇنىڭ ئەجەبلىنىدىغان ھېچ نېمىسى يوق، — دەپ چۈشەندۈرەتتى مومام، — مۇبادا نارەسىدىنىڭ قورسىقى سوغۇقتىن ئاغرىسا، تۇخۇمنىڭ سېرىقىنى، ئىسسىقتىن ئاغرىسا، ئېقىنى بالىنىڭ ئىچى شۈمۈرىۋالىدۇ ۋە ئۇ داۋا تاپىدۇ. مانا كۆردۈڭمۇ، تۇخۇمنىڭ سېرىقى يوق، دېمەك بالىنىڭ ئىچى سوغۇقتىن ئاغرىغان.

تۇخۇمدا نارەسىدىنى قانچە كۈن ئولتۇرغۇزىدىغانلىقىمۇ يادىمدا، ئۈچ كۈن ئاخشىمى ئولتۇرغۇزۇلىدۇ. شۇندىلا بالىنىڭ ئىچى ئۆتۈش توختايتتى. ئانىلار مومامغا سوۋغا ـ سالاملىرىنى ئېلىپ كېلەتتى.

نارەسىدىلەر ئارىسىدىكى مۇنداق قورساق ئاغرىقلىرىنى داۋالاشتىكى بۇ ئاددىي ئۇسۇل ھازىر تامامەن ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ ئەمەلدىن قالغان. مۇبادا بالىمىزنىڭ ئىچى

ئۆتۈپ قالسا، دەررۇ دوختۇرغا يۈگۈرەيمىز. دوختۇرلارنىڭ دورىسى بولسىمۇ كاشكى. دوختۇردا بەزىلەرنىڭ ئىچى ئۆتۈشى توختىسا، بەزىلەرگە ھېچنەرسە كار قىلمايدۇ. ئۇنى ئۆز پەرزەنتلىرىم، نەۋرىلىرىم ۋە بەزى تونۇشلارنىڭ بالىلىرىدىنمۇ كۆرۈپ، ئۆز دورامنى ياساشقا مەجبۇر بولغانمەن.

بۇ يەردە تەجرىبىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ئەھۋالنىمۇ ئەسلەپ ئۆتمەي مۇمكىن ئەمەس ئوخشايدۇ. مۇبادا گېموروي تېشىغا چىقۋالسا، ئۈچ كۈن ئۇدا، ھەر كۈنى ئاخشىمى ئىككى دانە توخۇ تۇخۇمىنى چېقىپ، بىر پاكىز لاتىغا قويۇڭ - دە، ئۈستىدە 10 - 15 مىنۇت ئولتۇرۇڭ. يارا ئۈچ كۈندە ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن توخۇ يېغىدا بەش كۈن داكا بىلەن تېڭىڭ.

### يىلان

بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئۆزبېك تىلىدا چىقىدىغان «سائادەت» ژۇرنىلىدىمۇ ياكى «بەن ۋە تۇرمۇش» ژۇرنىلىدىمۇ بىر ئالىمنىڭ يىلان توغرىسىدىكى ماقالىسىنى ئوقۇغانىدىم. ئالىم ماقالىسىدە يىلاننىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتى بارلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى «بىمەنە گەپ» دەپ، يوققا چىقىرىدۇ. مەن شۇندا ئۇ ئالىمنىڭ ئۆزىنى بىمەنە گەپ قىلىدىغان ئادەم ئىكەن دېدىم. چۈنكى مەن ئۇ توغرىسىدا سەل كېيىنرەك ھېكايە قىلىمەن. يىلاننىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئادەممەن. كېيىنكى يىللىرى تۇغقان يوقلاش مەقسىتىدە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بارغىنىمدا ئۈرۈمچى، ئاقسۇ، قەشقەر ۋە خوتەن بازارلىرىدا تىرىك، قۇرۇتۇلغان، بوتۇلكىغا قاچىلانغان يىلانلارنىمۇ (ئەپسۇس بۇ جانۋارنىڭ قانداق ئاغرىقلارغا قوللىنىلىدىغانلىقىنى سۈرۈشتۈرمەپتىمەن) ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. بۇ پاكىتلار ئۇيغۇر تېبابىتىدە يىلاننىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئورنى بارلىقىنى ئىسپاتلىسا كېرەك.

تەپسىلاتقا بېرىلمەي، ئېنىق پاكىتلارغا تايىنىپ كۆرەيلى.

1946 - يىلى ئالدىدا ئىسسىق قوتۇرغا مۇپتىلا بولغانىدىم. كېيىن ئۇ تۇرۇپلا سوغ قوتۇرغا ئايلىنىپ كەتتى. پۇت - قوللىرىمنىڭ بارماقلىرى ئارىسىدىمۇ، پۈتكۈل بەدىنىمدىمۇ شەلۋەرەپ، قىچىشىپ ئارامىمنى قويمىدى. ئولتۇرۇپ - قوپۇش مېنىڭ ئۈچۈن مۈشكۈل ئىش بولدى. ئۆزىمىز يىپ ئېگىرىپ توقۇپ، كىيىۋالغان ئىشتان - كۆڭلەككە چاپلىشىپ قالاتتى - دە، ئورنۇمدىن تۇرسام، جېنىم قاقشاپ كېتەتتى. چۈنكى بىر پارچە يەرنىڭ تېرىسى سويۇلۇپ چىقاتتى. دوختۇرغا كۆرۈنۈۋېدىم. سېسىقتىن - سېسىق دورا بەردى. قانچە ئىخلاس قىلىپ ئىشلەتسەممۇ، ئۇنىڭدىن بىر تىيىنلىق پايدا بولمىدى.

ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتى بولمىغانلىقتىن دەرستە پارتىغا جەينەك تىرەپ ئولتۇرسام، رۇس تىلى مۇئەللىمى ئولتۇر، دەپ بۇيرۇق بەردى. ئولتۇرۇۋاتىمەن، مۇئەللىم، دېدىم. لېكىن ئۇ ماڭا مىختەك قادىلىپ تۇرۇۋالدى. ساۋاقداشلار ئالدىدا ھەممىنى ئوچۇق ئېيتىش مۇمكىن ئەمەستە. چۈنكى 8 - سىنىپتا ئۆزۈمنى يىگىت ھېسابلاپ يۈرگەن بالىلارنىڭ بىرىمەن. سىنىپتا قىزلار ئولتۇرىدۇ. شۇڭا خۇددى سوغ سۇدا يۇغۇرۇلغان خام نانىدەك بېزىرىپ تۇرۇۋالدىم. مۇئەللىم مېنى سىنىپتىن چىق دېدى. ئىلاج قانچە، چىقىشقا توغرا كەلدى. تەنەپپۇستا بالىلار مېنى ئىلمىي مۇدىرنىڭ ئىزدەۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى يەتكۈزدى. رۇس تىلى مۇئەللىمى دەرستىن كېيىن ئىلمىي مۇدىرغا مېنىڭ «تەرتىپسىزلىكىمنى» ئېيتىپ شىكايەت قىلغانىكەن. ئۇمۇ ئەر، مەنمۇ ئەر بولغانلىقىمىز ئۈچۈن ھېچ نەرسىنى يوشۇرماي ئوچۇق ئېيتتىم.

—بۇ يامان بوپتىغۇ،—دېدى ئۇ مېنىڭ ھالىمنى ئاڭلىغاندىن كېيىن،—بىرەر موماي، بوۋايلاردىن مەسلىھەت سوراپ كۆرمىدىڭمۇ؟ مۇنداق يۈرگىنىڭ بولمايدۇ. ئۆزۈڭگە نېمىشقا ئىچىڭ ئاغرىمايدۇ،—دېدى ئىلمىي مۇدىر.

شۇ دەقىقىدە بىردىن بوۋام رەھمەتلىك ھايات چاغدا ئارىلىشىپ يۈرگەن ئاپپاق ساقلى تۆشىنى يېپىپ تۇرىدىغان ئەرشىدىن ئىسىملىك بوۋاي يادىمغا كەلدى، ئۇ كىشى چوڭ ئاقسۇ يېزىسىدىكى شۇ يىللاردىكى چوڭ گۆش دۇكىنىنى تۇتاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئۆيى مەكتەپ ياتاقخانىسىغا يېقىن ئىدى. شۇ بوۋاينىڭ ئالدىغا كىردىم ۋە ئەھۋالىمنى ئېيتتىم. بۇ ياز ئايلىرىنىڭ باشلىرى ئىدى.

—ئوغلۇم، بىر يىلان تۇتقىن - دە، بېشىنى كېسىۋال، بوتۇلكىغا قاچىلاپ يەرگە كۆم. ئون كۈن بولغاندا ئاچساڭ، يىلان ئېرىپ مايغا ئايلىنىدۇ، شۇ مايدا بەدىنىڭنى

2005.2

ئۇدا بەش كۈن مايلاپ، ئاندىن مۇنچىغا چۈش، ئاغرىقلىق مۇنچىدا قالىدۇ، ـ دەپ مەسلىھەت بەردى ئەرشىدىن بوۋاي. يىلان ئېرىپ چىققان ماي سېسىق بولغىنى ئۈچۈن دەرستىن كېيىن ياتاقخانىمىز نېرىسىدىكى ئەسكى تام ئىچىگە كىرەتتىم ـ دە، پۇتكۇل كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى يېشىۋېتىپ مايلايتتىم ۋە دەرس تەييارلاپ ئولتۇراتتىم.

ئالتىنچى كۈنى كەچ مۇنچىغا بېرىپ يۇيۇنۇپ قايتتىم. ئەتىسى قارىسام بەدىنىمدە مېنى بىئارام قىلغۇدەك نەرسە قالماپتۇ.

قىسقىسى، شۇنىڭ بىلەن قوتۇلدۇم ھەمدە خۇشاللاندىم. ئەرشىدىن بوۋاينىڭ ياتقان جايى ئىلاھىم جەننەتتە بولسۇن! يېقىندا قوشنىمىز مەخسۇت دېگەن كىشى كىرىپ كەپتۇ. چاي ئۈستىدە قىلمىغان گېپىمىز قالمىدى. مەن ئەرشىدىن بوۋاينىڭ دورىسى بىلەن ساقايغانلىقىمنى سۆزلەپ بەردىم.

ـ توغرا ئېيتىسىز، ـ دېدى ئۇ بىردىن سۆزۈمنى قۇۋۋەتلەپ، ـ بۇنىڭدىن خېلى يىل ئىلگىرى ئاغرىقخانىغا چۈشۈپ قالدىم. مېنى ئورۇنلاشتۇرغان بۆلۈمدە چوڭ ياشتىكى بىر كىشىمۇ بار ئىكەن. ئۇ كىشىنىڭ بەدىنىدە تەمرەتكىدەك قىچىشقاق يارا بار ئىكەن. ئوكۇل ئۈستىگە ئوكۇل، دورا ئۈستىگە دورا ئېلىۋاتىمىز. بىراق، قىلغان دورىلار ئۇ كىشىگە ھېچ تەسىر قىلمىدى. مېنى ئاغرىقخانىدىن چىقىرىدىغان بولدى. شۇندا ھېلىقى كىشى:

ـ ئۇكا، سەن ئۆيۈڭگە چىقىپ كېتىپ بارسەن، گېپىڭگە قارىغاندا يېزا بىلەن ئالاقەڭ خېلى چىڭ ئوخشايدۇ. ئوغۇل باللىق قىلىپ، ماڭا ئىككى تال يىلان تېپىپ بەرگىن. خىزمىتىڭ بىكار كەتمەيدۇ، ماڭا ئوخشاش ئاغرىقى بار بىر كىشى بۇ كاساپەت كېسەلدىن شۇ يىلاننىڭ گۆشىنى يەپ ساقىيىپ كېتىپتۇ، ـ دەپ نالە قىلىپ تۇرۇۋالدى. مەن ئاتام دېمەتلىك بۇ چوڭ ياشلىق كىشىنىڭ گېپىنى يىرالمىدىم. رەھمەتتى تا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە كۆرگەنلا يەردە رەھمەت ئېيتىپ، مۇرەمگە قاقاتتى. چۈنكى يارىسى شۇ يىلان گۆشىنى يېگەندىن كېيىن ساقىيىپ كېتىپتۇ.

يىلاننىڭ پەقەت مېيىلا ئەمەس، شۇنداقلا گۆشىنىڭ قىچىشقاققا شىپالىق ئىكەنلىكىنى مۇشۇ ئىككى پاكىت ئىسپاتلاپ تۇرسىمۇ، دەرد تارتىۋاتقانلار ئاڭلاپ قالسۇن، دېگەن ئويدا يەنە بەزى نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە قارار قىلدىم.

بەزىلەر يىلاننى تىرىكلا بوتۇلكىغا سولاپ، ئاغزىنى ھىم ئېتىپ ياز بويى ئاپتاپقا قاقلاپ قويىدىكەن. جانلىق نەرسە بولغىنى ئۈچۈن يىلان بوتۇلكا ئىچىدە ھاۋا يېتىشمەي، ئالدىدا كۆپۈپ، ئاندىن يېرىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قۇياش نۇرىدا پەيدىنپەي ئېرىپ ماي ھاسىل بولىدىكەن. يىلاننىڭ بۇ مېيى ئاساسەن بەل ئاغرىقلىرىغا ئىشلىتىلىدىكەن. يىلاننىڭ بېشى كېسىلمىگەنلىكتىن ماي زەھەرلىك بولۇپ، ئېچىشتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن پەلكۈچ ياساپ، ئۇنى قويۇق سۈركىمەي، بەلكى ئىككى ياكى ئۈچ سىزىقچە تارتىپ قويۇشنىڭ ئۆزى كۇپايە ئىكەن. ئادەم چىدالماي قالىدۇ، دەيدۇ بىلگەنلەر. بۇ ماي بەل ئاغرىقىدىن تاشقىرى، بەزى تەمرەتكىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

چونجا ئاپتوبۇس پاركى شوپۇرلىرىنىڭ بىرى بىلەن يولدا يولداش بولۇپ قالدىم. ئۇ ماڭا تۆۋەندىكىلەرنى ھېكايە قىلىپ بەردى.

ئۇنىڭ 8 ـ سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ئىنىسى زىققا بىلەن ئاغرىپتۇ. ئوقۇشنىمۇ تاشلاپتۇ. ياتمىغان ئاغرىقخانىسى، يېمىگەن دورىسى، سالمىغان ئوكۇلى قالمىغان. ئاخىر ئۇ مېنىڭ ئەرشىدىن بوۋامغا ئوخشاش بىر ئاقساقال بىلەن ئۇچرىشىپ قاپتۇ ـ دە، سۆزىدىن سۆز چىقىپ قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ـ بىر پارچە يېڭى كالا گۆشىنى تاپ، ـ دەپتۇ ئۇ، ـ ئۇنى بىر تال يىلان گۆشىگە ئارىلاشتۇرۇپ، راسا چاناپ، بىر ئاپقۇر چۆچۈرە ئەتكۈزۈپ ئىنىڭغا ئىچكۈز. ئۇنىڭغا بۇنىڭدىن ئېسىل دورىنى تاپالمايسەن.

شوپۇر بۇرادەر بوۋاينىڭ دېگىنىنى ئىشلەپتۇ. شۇ كېچىسى ئىنىسى دۇنيادىن بىغەم ئۇخلاپتۇ. راسا تەرلىگەن بولسا كېرەك. ئەتىسى يۆتەلمۇ كەسكىن ئازىيىپتۇ. بالا ئۈچىنچى كۈنى ئۆزىنى ئوبدانلا ھېس قىلىپتۇ. كېيىن بىمار ئاكىسىدىن نېمە بەرگىنىنى سوراپتۇ. ئاكىسى «گۆشكە بىر موللا بوۋايغا دۇئا قىلدۇرغانىدىم، خالاس» دەپ تىرەجەپ تۇرۇۋاپتۇ. ئەمما، بۇ جاۋاب بالىنى قانائەتلەندۈرەلمەپتۇ:

ـ ئاكا، سەن ئوچۇقىنى ئېيتقىن، جېنىمغا ئارام

بېرىۋاتىدۇ. ئۇنىڭدىن يىر گەنگىنىم يوق؟ قورقما!ـــ دەپتۇ بىمار. بىمار ئەتىسى قوشنىسىنىڭ ئېشىكىنى سوراپ مىنىپ، باھار يېزىسى تەرەپكە بېرىپ، ئۆز قولى بىلەن يەنە بىر يىلان تۇتۇپ چۆچۈرە ئەتكۈزۈپ يەپتۇ.

ـــ شۇنىڭ بىلەن ئىنىم سەللىمازا ساقايدى، ئوتتۇرا مەكتەپنىمۇ تۈگەتتى. ئارمىيىگىمۇ بېرىپ قايتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇ ئىككى پەرزەنتنىڭ ئاتىسى، ـــ دەپ شوپۇر ھېكايىسىنى ئاياغلاشتۇردى.

مۇشۇلارنى ھېكايە قىلىۋاتقاندا خىيالىمغا رىۋايەتتەك يېقىن بىر رىۋايەت كەلدى. ئۇنى قاچان، كىمدىن ئاڭلىغىنىم ئېسىمدە يوق. بىر كىشىنىڭ يالغۇز ئوغلى بولۇپ، ئۇ زىققا بىلەن ئاغرىۋاتقان ئىكەن. ئاتىنىڭ ئوغلىنى ئايرىمىغان يېرى قالمىغان بولسا كېرەك. يېقىنلىرىدىن بىرى پالانچى مەلىدە قالتىس بىر تېۋىپ باركەن. ئۇ زىققىنى ئاسانلا ساقايتار ئىمىش، دەپتۇ. ئاتا ھارۋىنى قوشۇپتۇ ـ دە، سەپەرگە چىقىپتۇ. ئاتا ـ بالا ئۇزاق يول مېڭىپتۇ. بىر يەرگە كەلگەندە، كۈن ئولتۇرۇشقا يېقىنلىشىپتۇ. يول چۆلدىن ئۆتىدىكەن. يول بويىدا يالغۇز ئۆي بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر بوۋاي ياشايدىكەن. بوۋاي مېھمانلارنى ئىللىق قارشى ئېلىپ، ئۆيىگە باشلاپتۇ.

ساھىبخان كۆپنى كۆرگەن ئادەم ئىكەن. «كەلگۈچە مېھمان، كەلگەندىن كېيىن ئۆي ئىگىسى ئۇيۇلىدۇ» غۇ. ساھىبخان قەدىر ئەھۋال ياشايدىكەن. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويىغۇدەك ھېچنەرسىسى يوق. دۇنيالىقتا يالغۇز ئۆچكىسى ئىكەن. ئۇنى سويماي دېسە، مۇنۇ مېھمانلار ئالدىدا سەت، سوياي دېسە، ئۇ قورسىقىنى شۇ ئۆچكىنىڭ سۈتى بىلەن بېقىۋاتقانلىقىنى ئويلاپتۇ. ساھىبخان ئاخىر مېھمانلارنىڭ دۇئاسىنى ئاپتۇ ـ دە، تىرىكچىلىكتىكى يالغۇز ئۆچكىسىنى سويۇپ، پارچىلاپ قازانغا ساپتۇ. بوۋاينىڭ ئۆيى ئالدىدا بىر تۈپ چېقىر جۇجەم دەرىخى بولۇپ، ئوچاق شۇنىڭ ئاستىدا ئىكەن. ئۆچكە گۆشى خۇددى شۇ ئوچاقتىكى قازاندا قاينايدۇ. ساھىبخان قازان قايىنغاندا، ئۈستىدىكى كۆپۈكنى ئېلىپ، تۇۋاقنى قىيا ئوچۇق قويۇپ مېھمانلىرى ئالدىغا كىرىدۇ. گۆشنى قازاندىن ئۇسسۇش مەقسىتىدە ئاخىرقى قېتىم چىقىپ تۇۋاقنى شۇنداقلا كۆتەرسە، قازان ئىچىدە ئارغامچا كېسىمى ياتقۇدەك. ساھىبخان ئۇنى تاياققا ئېلىپ چىقىرىپ قارىسا، يىلان! ساھىبخان نېمە قىلارىنى بىلمەي ھاڭ بېقىپ تۇرۇپ قاپتۇ. چۈنكى گۆش بىلەن شورپىنى تۆكۈۋېتەي دېسە مېھمانلارغا بەرگۈدەك ھېچ نەرسە يوق. كۆزنى يۇمۇپ گۆشنى مېھمانلار ئالدىغا قوياي دېسە، مۇنۇ ئەھۋال. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆچكىنى سويۇپ قازانغا سالغانىنى مېھمانلار كۆردى. ئەگەر ھەق گەپنى ئېيتسا، مېھمانلارنىڭ ئىشەنمەسلىكىمۇ مۇمكىن. ھەتتا ساھىبخانىنى «بۇ راسا پىخسىق ئادەم ئىكەن» دېيىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ـــ بۇمۇ خۇدايىمنىڭ بىر بۇيرۇقىدۇ، ـــ دەپ، ساھىبخان گۆشنى قازاندىن چىقىرىپ، مېھمانلارغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇزاق يولدىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەن ئاتا ـ بالا مېھمان گۆش يەپ، شورپا ئىچىپ قورساقلىرىنى ئوبدان تويغۇزۇپ راھەتلىنىدۇ. بىراق، تاڭ ئاتقۇچە تالاغا يۈگۈرەيدىغان بالا ناھايىتى خاتىرجەم ئۇخلايدۇ. ئاتىمۇ، بالىمۇ بۇ يولدا ھېرىپ كەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى دەپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرىدۇ. تېۋىپ بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ:

ـــ بالىڭىزنىڭ ئىچىدە ھېچقانداق ئاغرىقى يوق. مېنى ئەخمەق قىلغىلى كەلدىڭلارمۇ؟ ـــ دەپ ناھايىتى خاپا بولىدۇ.

بالىنىڭ ئاتىسى ئاللا نامى بىلەن قەسەم ئىچىدۇ ـ دە، ئوغلىنى ئېلىپ ئۆيىگە قايتىدۇ. ئۆيىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ بالا خۇددى ھېچقاچان ئاغرىمىغان ئادەمدەك يۈرىدۇ. خۇدانىڭ بۇ كارامىتى ئاتىنىمۇ، بالىنىمۇ ئويلاندۇرۇپ قويىدۇ.

ـــ دادا، ـــ دەيدۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇل، ـــ تا ھېلىقى چۆلدىكى بوۋاينىڭ ئۆيىگە يەتكۈچىلىك مەن ئاغرىق ئىدىم. شۇ بوۋاينىڭ ئۆيىدە قونغان كۈنىدىن باشلاپ خاتىرجەم ئۇخلىدىم. تېۋىپ توغرا تاپتى. ھازىر مېنىڭدە ھېچقانداق ئاغرىق يوق. شۇ بوۋاي ماڭا دورا بېرىپ ساقايتتى. شۇ كىشىنىڭ ئالدىغا بارماي زادى بولمايدۇ.

ـــ ئوغلۇم ئىككىمىزنىڭ ئويى بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ. ئەتە ئاناڭ نان ياقسۇن. ئۆگۈنلۈككە يولغا چىقايلى.

ساھىبخان ئالدىدا ئىللا ـ بىللا مەن ھېچنەرسە بەرمىدىم، دەپ يېقىن كەلمەيدۇ. ئەمما ئاتا ـ بالا مېھمانلار قادىلىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ساھىبخان بولغان ۋەقەنى باشتىن ـ ئاخىر تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ.

ـــ قېرىنداش، ـــ دەيدۇ ئاخىرىدا بالىنىڭ ئاتىسى، ـــ

ھەر ھالدا پېشانەمگە پۈتكەن يالغۇز ئوغلۇم سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە داۋا تاپتى. مۇنۇ ئىككى ئۆچكە سىزگە قىلغان سوۋغىمىز بولسۇن، بوپتۇ دېسىڭىز يۇرتىمىزغا كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، ئۆي ـ جايلىق قىلىشمۇ قولىمىزدىن كېلىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، چۆلدە ياشاۋاتقان بوۋاي ئۆيلەنمىگەن يەردىن تۇغقان تېپىپ، ئادەملەرگە كېلىپ قوشۇلغانىكەن.

بۇغۇ رىۋايەت، ئەمدى ئۆز تەجرىبەم توغرىسىدا ئىككى ئېغىز گەپ. ئېغىر زىققىنى ساقايتىشنىڭ مۇمكىن ئىكەنلىكى توغرىسىدا «شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق كىتابىمنىڭ «غەندىغەرە» قىسمىدىنمۇ ئاز ـ تولا گەپ قىلغانىدىم. زىققىغا بېرىلىدىغان دورىنى مۇنداق تەييارلىدىم: ئوتتۇز گرام ياۋايى غەندىغەرە يىلتىزىنى يېرىم لىتىردىن سەل كۆپرەك سۇدا ئاستا كۆيۈۋاتقان ئوتتا ئون مىنۇت قاينىتىپ، ئاندىن غەندىغەرە يىلتىزى قايناتمىدىن چىقىرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا قۇرۇتۇلغان يىلاننىڭ تۆتتىن بىر قىسمى سېلىنىپ، قاينىتىلىدۇ. بۇ قايناتما زىققا كېسىلىگە گىرىپتار بولغان ئادەمگە كۈنىگە ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا 30 گرامدىن يىلمان بېرىلىدۇ. ئىچكەندە ھاپىلا قىلىپ كۆتۈرۈۋەتمەي ئاز ـ ئازدىن ئىچكەن مەقسەتكە مۇۋاپىق، ئۇ قىزىلئۆڭگەچنى يۇيىدۇ.

قايناتما ئاغزى بۇراپ ئېتىلىدىغان بوتۇلكىغا قاچىلىنىپ توڭلاتقۇدا ساقلىنىدۇ.

بەزىلەرگە ئىككى، بەزىلەرگە تۆت بوتۇلكا قايناتما لازىم بولىدۇ.

بىرسىنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك، ئادەم ئۈچۈن دورىغا يىلان تۇتقاندا سۇ يىلىنى ئەمەس، بوز يىلىنى لازىم. چۈنكى سۇ يىلىنى شورپىسى بوز يىلىنى شورپىسىغا نىسبەتەن قۇۋۋەت جەھەتتىن تۆۋەن. بۇ مېنىڭ پىكرىم، سىناپ كۆرمەكچى بولسىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى.

## كىندىك لاتا ۋە بەش تىيىن

ئۇيغۇر خەلق تېبابىتى توغرىسىدا يېزىۋاتقىنىمغا قاراپ بەزىلەرگە ھەممىنى بىلىدىغان ئەۋلىيادەك كۆرۈنىۋاتقاندىمەن. لېكىن ئۇنداق ئەمەس. ياراتقان ئىگەم، ھەر ھالدا ماڭا خېلىلا پۇختا ئاڭلاش، كۆرۈش، تەھلىل قىلىش، ئەستە ساقلاش قابىلىيىتىنى بەرگەن ئوخشايدۇ. شۇ تۇپەيلى پەقەت ئويلىغانلىرىمنى خاتىرىلەپ، ئاز ـ تولا تەجرىبەمنىلا ئاق قەغەزگە چۈشۈرۈۋاتىمەن. قىسقىسى مېنىڭدە ھېچقانداق ئەۋلىيالىق يوق دېمەكچىمەن. مۇبادا ئەۋلىيالىق بولغىنىدا، بىر ياش ئانىنىڭ «قۇچقىمدىكى بالا ئۈچ ئايلىق بولۇپ قالدى. بىراق ئۇنىڭ كىندىكى پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭغا بىر نەرسە دەپ بېرەلەمسىز؟» دەپ مۇراجىئەت قىلغىنىدا، تۈكۈرۈكۈمنى يۇتۇپ، يەرگە قاراپ ئولتۇرماس ئىدىم، راستقۇ؟

بىلمىگەن نەرسىنى بىلمەن دەپ مەيدىسىگە ئۇرۇش ئەخمەقنىڭ ئىشى. ياش ئانىنىڭ بۇ سوئالىغا جاۋابىنى مۇشۇ يېقىندا ئويلىمىغانلا يەردىن تاپقاندەك بولدۇم.

قېرىنداشلىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش مەقسىتىدە ئەمگەكچى قازاق ناھىيىسىنىڭ تاشتىقارا يېزىسىغا بارغانىدىم. گەپتىن ـ گەپ چىقىپ يەنە شۇ خەلق تېبابەتچىلىكى توغرىسىدا سۆز بولۇپ قالدى ـ دە، يېشى ئاتمىشقا ئۇلىشىپ قالغان سىڭلىم جەننەتبۇۋىگە:

—قېرىنداش سەن ئالتە ـ يەتتە بالىنىڭ ئانىسى، ئون بەشكە يېقىن نەۋرىنىڭ مومىسى بولغان ئانىسەن. تۇرمۇشتا كىندىكى چىقىپ قالغان نارەسىدىنى كۆردۈڭمۇ؟— دەپ سورىدىم.

—نېمىشقا ئۇچراشمىسۇن؟—دېدى ئۇ،—مەسىلەن، تۇنجى ئوغلۇم (سىڭلىمنىڭ بۇ ئوغلى ھازىر قىرىقنىڭ بوسۇغىسىغا باراي دەپ قالدى) ئىككىمىزنى تۇغۇتخانىدىن ئۆيگە ئېلىپ چىقتى. ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتۈپلا ئۇنىڭ ئىچى سانجىغاندەك قىلىپ يىغلايدۇ، بىئارام بولىدۇ. قېينانام دەم سالاتتى، ئاشلايتتى، بىراق، ئۇنىڭ بەلەن ياخشى بولۇپ كېتەلمىدى. كېيىن قېيناتام ئۆرنەكتە تۇرىدىغان تۈركمۇ، ئەزەربەيجانمۇ، ھازىر يادىمدا يوق، بىر موللا مومايغا ئېلىپ بېرىڭلار، دېدى. ئۇ موماي بىر ئاي داۋالىدى. ئەمما ئۇنىڭدىنمۇ مەنپەئەت بولمىدى. شۇ ئارىدا ئۇيغۇر ناھىيىسىدىن ئۆزۈمنىڭ تۇغقان ئانام كېلىپ قالدى. ئۇ بالامنى كۆرۈپ:

—ۋاي، ئەخمەق قىز، بۇنىڭغا كىندىك لاتا تۇتماپسەنغۇ،—دېدى.

قېينانام بىلمىگەن نەرسىنى ياش، تەجرىبىسىز مەن نەدىن بىلەي؟ ئاپام ئۇنى ئۆز ئاپىسىدىنمۇ ياكى قېينا-

نىسىدىن ئۆگەنگەندىمۇ بىلمەيمەن، ھەر ھالدا نەۋرىسىگە
كىندىك لاتا تەييارلاتتى. بىر قوشۇق كالىنىڭ تازا سېرىق
يېغىنى تەلەپ قىلدى. بۆشۈكنى تەييارلاپ قويۇپ بالىنى
قۇچىقىدا ئوڭدا ياتقۇزۇپ قوشۇقتىكى سېرىق ياغدىن
كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئېلىپ، نەۋرىسىنىڭ كىندىكىنى
مايلىدى ھەم ئۇۋۇلىدى.

ئاخىردا بۆشۈككە ياتقۇزۇپ، پۇتلىرىنى باغلىغاندىن
كېيىن بالىنىڭ كىندىكىنى كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئاستا
بېسىۋېدى كىندىك «غىچ» قىلىپ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.
شۇندا ئاپام يانچۇقىدىن مىستىن ياسالغان بىر دانە بەش
تىيىننى ئېلىپ كىندىك ئۈستىگە قويۇپ كىندىك لاتا بىلەن
چىڭ قىلىپ باغلاپ، ئوراپ، بالىنى بۆلىدى. بۇ ئۇسۇل
ئۈدا ئۈچ كۈن داۋاملاشتۇرۇلدى. تىيىننى ئىشلەتمىگىنىم
بىلەن كىندىك لاتىنى بالا تا بىر ياشقا تولغىچە تاشلىمى-
دىم. ئەۋزەللى مۇشۇ كۈنلەردە كېلىنلىرىممۇ، قىزلىرىممۇ
بالىنى بۆشۈككە سالغاندا كىندىك لاتىنى ئەستىن چىقار-
مايدۇ.

قېرىندىشىمنىڭ ھېكايىسىدىن كېيىن مەن ئويلىنىپ
قالدىم. چۈنكى، بۈگۈنكى ياش ئانىلار ئىپارخان، نۇزۇ-
گۇم، گۈلەمخان قاتارلىق نۇرغۇنلىغان ئارزۇلۇق قىزلە-
رىمىز چوڭ بولغان ئۇيغۇر بۆشۈكنى بالىمىز مايتۇق ـ
سايتۇق ئۆسىدۇ، دەپ مەنسىتمەي، بالا ھارۋىسىدا بې-
قىشنى ئەۋزەل كۆرىدۇ. بالا ھارۋىسىدا باققان بالىدا نە-
دىن كىندىك لاتا بولسۇن! كىندىك لاتا تۇتقان تەقدىر-
دىمۇ ئۇ بۆشۈكتىكىدەك چىڭ تۇتمايدۇ، توختىمايدۇ.
شۇڭا بۈگۈنكى نارەسىدىلەر ئارىسىدا گىرىجا كۆپ. كىن-
دىك پولتىيىپ چىقىپ قالغىنى كىندىك چىقىش ئىكەن. شۇ
تۈپەيلى ياش ئانىلار ئوقۇشنى بىلىدىغان رۇس موماي-
لارنى ئىزدەپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرىدۇ. بۆشۈك، بىرىنچى-
دىن، ئانىنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ يېرىمىنى بۆلۈشۈۋال-
ىدىغان نەرسە. بۆشۈكتە ياتقان بالىلار ئارىسىدا ئۆپكىسىگە
سوغ تېگىش ئاغرىقى بۆشۈكتە ياتمىغان بالىلارغا نىسبە-
تەن ئاز بولىدۇ. ئىككىنچىدىن، بۆشۈكتە ياتقان بالىغا
كىندىك لاتا لازىم بولىدۇ ـ دە، كىندىك چىقىش ئاغرىقىغا
يېقىن بولمايدۇ.

بوپتۇ، بۆشۈكنىڭ، كىندىك لاتىنىڭ شۇنداق مۇھىم
ۋەزىپىسى بار دەيلى. خەلق تېبابەتچىلىكىدە سېرىق ياغ
ئىسسىقلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، دەپ تەكىتلىنىدۇ. ئۇمۇ
توغرا. دېمەك، كىندىك چىقىش سوغدىن بولىدىغان ئاغ-
رىق. سېرىق ياغ، بىرىنچىدىن، كىندىكنى يۇمشاتسا،
ئىككىنچىدىن، سوغ تەگكەن كىندىكنى داۋالاش خۇسۇ-
سىيەتكە ئىگە. مىستىن ئىشلەنگەن بەش تىيىنچۇ؟ بۇ مې-
نىڭ بېشىمنى ئوبدان قاتۇردى. شۇ ئارىدا 1946 ـ يىلىنىڭ
كەچ كۈزىدە يۈز بەرگەن بىر ۋاقىئە يادىمغا چۈشتى.

ئاتامنىڭ ئېلى ئىسىملىك ئاغىنىسى بولۇپ، ئۇ ئىككى
ئوغلىنى بىللە خەتنە قىلدۇرۇپتۇ. ئاقسۇدىن كەلسەم ئانام
كاۋا، ياڭيۇ، كېچىك چىنىدە بىر قورۇلغان كۆممىقۇناق
بەردى ـ دە، شۇ بالىلارنى مۇبارەكلەپ قايتىشىمنى تاپ-
شۇردى. ئېلى ئاكىلارنىڭ ئۆيى ئالدىدا يوغان قارا ئىت
ياتاتتى. مەن ئۆيگە كىرىپ كېتىپ بارغاندا ئۇ بېشىنى
كۆتۈرۈپ، ياقتۇرمايۋاتقان ھالدا ئۇنچۇقمىغان. قايتىشىمدا
مېنى ئېلى ئاكىنىڭ جىيەنى ئۇزىتىپ چىقتى. شۇنداقلا مې-
نىڭ شىمغا قارا ئىت يۈگۈرۈپ كەلگەن پېتى مېنىڭ ئوڭ
تېقىمىمغا ئېغىز سالدى. چىشلىگەن يەر كۆيۈشۈپ قالغاند-
ىن كېيىن سەل قان چىقىپ تۇراتتى. ئالدىدا ئانچە بىلىنمە-
گەن، بارا ـ بارا پۇتۇمغا بىر ئاغرىق كىرىپ كەتتى، جې-
نىمنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالدىم.

بۇ ۋەقەنى ئاڭلاپ يۈگۈرۈپ كىرگەن مومام ئىككى
سىڭلىمنى قوشنىلارغا بەش تىيىنلىق پۇل بولسا تېپىپ
كېلىڭلار، دەپ يۈگۈرتتى. ئەتىمالىم، شۇ يىللىرىمۇ بۈ-
گۈنكىدەك پارچە تىيىن ئەتىۋا بولسا كېرەك. ئىزدەپ
قويسا ئۇمۇ تېپىلمايدىكەن. سىڭىللار ئىككى ۋە ئۈچ تە-
يىندىن بىر قانچىسىنى تېپىپ كىرىپتۇ. مومامنىڭ ئېيتىشى-
چە، ئىتنىڭ چىشى پاتقان يەرگە مىستىن ئىشلەنگەن تە-
يىننى قويسا، زەھەرنى تارتار ئىمىش، تىيىنلار ياردەم
بەردىمۇ، ھەرھالدا پۇتۇمنىڭ ئاغرىقى چاپسان بېسىلىپ،
جاراھەت تېز ساقايغان. شۇنداق قىلىپ، مىس تىيىنلار ئىت
چىشى زەھىرىنى تارتىدىكەن. چۈشەنچىمدە ئۇيغۇرلار
كىندىك چىقىشتىمۇ زەھەر بار، دەپ ھېسابلىسا كېرەك.
شەخسەن مەن مىستىن ئىشلەنگەن تىيىنلار تەركىبىدە ئىت
چىشلىگەن بەدەندىكى زەھەرنى تارتىدىغان قانداق ماد-
دىلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما ئۇنىڭ زەھەر تار-
تىش كۈچىنىڭ بارلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن ئا-
دەممەن.

پولتىيىپ چىقىپ تۇرىدىغان كىندىكنى كىندىك لاتىسى
ۋە بەش تىيىن بىلەن قانداق داۋالاش ـــ ئاساسەن ياش

ئانىلار قۇلىقىدا تۇرىدىغان بىر مەسلىھەت.

## جان تاتلىق

ج. ئارمستروڭنىڭ «جىۋايا ۋودا» (جانلىق سۇ) ناملىق كىتابى قولۇمغا چۈشكەنگە قەدەر مەن بۇ بابنى ئاللىقاچان يېزىپ بولغانىدىم. كىتابنى ئوقۇپ كۆزۈم تېخىمۇ ئېچىلدى. چۈنكى شۇ كۈنگە قەدەر مەن سۈيدۈكنىڭ كۆيدۈرۈلگەن خىشنى ئۇۋۇتىشنى ۋە ھەرخىل تاشقى ئىششىق، زەخىملەرگە داۋا بولۇشىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە كىسلاتانىڭ، ھەرخىل تۇزلارنىڭ بولۇشىدىن، دەپ تەخمىن قىلىپ يۈرەتتىم. يەنە بىر نەرسە، ئۇيغۇر خەلق تېبابىتىدە ئۇنىڭغا ئانچىلا چوڭ ئورۇن بېرىلمىگەن. ئوقۇغان كىتابلىرىمنىڭ كۆپچىلىكىدە ھەتتا ئۇنىڭ نامىمۇ ئاتالمايتتى. ئەمەلدە بەزى ـ بەزىدە ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكى ئىشلىتىلەتتى.

ج. ئارمستروڭنىڭ تەكىتلىشىچە، سۈيدۈك ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ تېبابىتىدە قەدىمدىن ئىشلىتىلىپ، ئۇ ھەتتا ئۈرىنىتېراپىيا دەپمۇ ئاتىلىدىكەن. شۇنداقلا سۈيدۈك تەركىبىدە مەن بىلىدىغانلاردىن تاشقىرى گورمونمۇ مەۋجۇت ئوخشايدۇ. ياۋروپادا بىزدىكىگە ئوخشاش پەقەت ئوغۇل بالىنىڭلا ئەمەس. شۇنداقلا بارلىق ئادەملەرنىڭ، ھەتتا كالىنىڭمۇ سۈيدۈكى ئىشلىتىلىدىكەن.

ئوقۇرمەنلەرنىڭ بارلىقى ج. ئارمستروڭنىڭ «جىۋاياۋودا» كىتابىنى ئوقۇغىنى يوق. شۇڭا ئۇنىڭ قىسقىچە مەزمۇنىنى بېرىش زىيانلىق بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. ج. ئارمستروڭ كىتابىدا ئاغرىقنى تاماق يېمەي، سۈيدۈك ۋە سوغ سۇ ئېچىش يولى بىلەن ياكى ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى ۋە كۈن بويى يەنە بىر قېتىم سۈيدۈك ئېچىش بىلەن داۋالاش ئىدىيىسىنى ئالغا سۈرىدۇ. ئاپتور كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئەنگلىيە، شوتلاندىيە ۋە ئىرېلاندىيىدە نەشر قىلىنغان «تىسياچا زامېتېلنىخ ۋېششېي» (ئاجايىپ ـ غارايىپ مىڭ نەرسە) ناملىق كىتابتىن تۆۋەندىكى پارچىلارنى كەلتۈرىدۇ.

تاشقى ۋە ئىچكى ئاغرىقلارنى داۋالىغاندا ئەڭ ئۈنىۋېرسال ۋە ئالىي دورا ـــ ئون كۈن ئۇدا ئەتىگەنلىكى ئۆزۈڭنىڭ سۈيدۈكۈڭنى ئىچ، ئۇ كۆك ـ قۇيانى داۋالايدۇ، بەدەننى يېنىك ۋە خۇشخۇي قىلىدۇ؛

ئۇ سۇلۇق ئىششىقلارنى (ۋودىيانكا)، سېرىق ئاغرىقنى داۋالاشتا ياخشى نەتىجە بېرىدۇ، خۇددى يۇقىرىدا تەكىتلىگەندەك ئىچ؛ ئىسسىق سۈيدۈك بىلەن قۇلىقىڭنى يۇ، ئۇ قۇلاقنىڭ ئېغىرلىقىنى، غوڭۇلدىشىنى ۋە قۇلاق ئەتراپىدا بولىدىغان ئاغرىقلارنى داۋالايدۇ.

كۆزۈڭنى (سۈيدۈكۈڭ) بىلەن يۇ، ئۇ كۆزدىكى ئاغرىقنى ساقايتىدۇ، كۆزنى تازىلايدۇ، كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرىدۇ.

ئۇنىڭ بىلەن قولۇڭنى يۇ ۋە ئۇۋۇلا، تارتىشىشنى يوقىتىدۇ. تېرىنىڭ يېرىلغان، سۈرۈلگەن يەرلىرىنى ساقايتىدۇ، ئۆگىلەرنى تۈزەيدۇ.

بەدەندىكى ھەرقانداق كېپەكلىشىپ تۇرغان يەرنى يۇساڭ، قىچىشىشنى باسىدۇ.

بەدەننىڭ تۆۋەن قىسمىنى يۇساڭ گېموروي ۋە باشقا يارىلار ساقىيىدۇ، مۇئەللىپ شۇنداقلا 1695 ـ يىلى نەشر قىلىنغان بىر كىتابتىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆچۈرگەن:

ئۈرىن (سۈيدۈك) ئادەملەردىن، بولۇپمۇ تولاراق تۆت پۇتلۇق ھايۋانلاردىن ئېلىنىدۇ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ۋراچلار ۋە ئاپتېكىلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلىدۇ. ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۈرىنى ئىسسىق، شىلىملىق ئەمەس، ئېرىتىش، تازىلاش، چىرىتمەسلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ بېغىردىكى، تالدىكى، ئۆت يوللىرىدىكى توسالغۇلارنى ئاچىدۇ، ئاياللاردىكى ھەيزنىڭ توختاپ قېلىش، ۋابا ۋە باشقا خەتەرلىك تىترىمە ئاغرىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. ئىسسىق ۋە يېڭى سۈيدۈك تاشقىرىدىن ئىشلەتكەندە تېرىدىكى زەھەرلەنگەن يارىلارنى تازىلايدۇ. داۋالايدۇ ۋە قۇرۇتىدۇ. باشتىكى كېپەكنى يوقىتىدۇ. تومۇرغا باغلانسا، بىمارنىڭ ھارارىتىنى چۈشۈرىدۇ. تىترىمە، قېتىپ قېلىش، پالەچ ئاغرىقلىرىنى داۋالاشتا ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقىرى، تال ئۈستىگە كومپرېسس قىلسا تالدىكى ئاغرىقنى باسىدۇ.

بۇ ج. ئارمستروڭ كونا مەنبەلەردىن كەلتۈرگەن پاكىتلار، ئۇنىڭ زىققا، راك ۋە سىل (تۇبېركۇليوز) ۋە باشقا ئاغرىقلارنى داۋالاشتىكى ئۆز تەجرىبىسىمۇ دىققەتكە سازاۋەر. راست، ئىلمىي تېبابەتچىلىكتە، شىپالىق گىياھلار بىلەن داۋالاش تەجرىبىسىدە، ئېكستراسېنستا ئىخلاس مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئۇنى ئۆز زامانىسىدا ھەتتا ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنامۇ تەكىتلىگەن. ئۇ ئۆز ئالدىغا نىجاتلىق سوراپ كەلگەن بىمارغا، مەسىلەن: «سەن كىم تەرەپ؟ مۇبادا سەن ئاغرىق تەرەپتە بولساڭ، مېنىڭ ئاغرىقنى يەڭمىكىم



MIRAS

تەس. ئەگەر سەن مەن تەرەپتە بولساڭ، ئۇ ۋاقىتتا ئىككىمىز بىرلىشىپ ئاغرىقنى يېڭەلەيمىز» دېگەن. ئۇلۇغ ئۆلىمانىڭ ھەقلىقنى بىزمۇ تۇرمۇشتا ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ، قولىمىز بىلەن تۇتۇپ يۈرىمىز. ئەمما سۈيدۈك بىلەن داۋالاش خىزمىتى، تەسىرى تامامەن باشقىچە ئىكەن. مۇبادا ج. ئارمستروڭ تەكىتلىگىنىدەك يىرگەنمەي قائىدە بويىچە ئىچىدىغان بولساڭ، ئىچىڭدىكى جىمىكى ئاغرىقلارغا، جۈملىدىن بۆرەك، دوۋسۇندا پەيدا بولغان تاشلارغىمۇ قاتتىق تەسىر قىلىدىكەن. جانىڭ بىر كۈن بولسىمۇ ئارامى كېرەكمۇ، يا مەمەدانلىق كېرەكمۇ؟ بىراق، ئۇنىڭ بىلەن سالامەتلىكنى مۇستەھكەملەش مۇمكىن ئەمەس.

سۆز نۆۋىتى كەلگەندە مۇنداق بىر پاكىتنىمۇ ئەسلەپ ئۆتكىنىم ئارتۇقلۇق قىلمىسا كېرەك، دەپ ئويلايمەن. مېنىڭچە بولغاندا، دۇنيادا ئادەمدەك جاھىل، تەرسا نەرسە يوق بولسا كېرەك. مۇنداق دېيىشىمدىكى سەۋەب، مېنىڭ ئالدىمغا نۇرغۇنلىغان ئاجايىپ گۈزەل، پەرى چوكان ۋە جۇگانلار كەلدى.بىرىنىڭ ئۇ، بىرىنىڭ بۇ يېرى ئاغرىيدۇ. مەن ساق دەپ كەلگىنىنىڭ سەپراسى ئۇستۇن. كۆپچىلىك سوغ تېگىش بالاسىغا گىرىپتار بولغان. مەن ئۇلارغا ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاددىي رەختلەردىن كىيىم كىيىشنى، سۇنئىي، ۋال ـ ۋۇل نەرسىلەردىن قېچىشنى ئېيتتىم. چۈنكى سۇنئىي نەرسىلەردىن تىكىلگەن ۋال ـ ۋۇل كەيىملەر بىرىنچىدىن، ئىسسىق تۇتالمايدۇ.ئىككىنچىدىن، ئادەمنىڭ بەدىنىنى قاتتىق ئىسقىلايدۇ. سۆھبەتداشلىرىم مېنىڭ دېگەنلىرىمگە قايىل بولۇپ ئالدىمدىن كېتىشتى. ئىككىنچى قېتىم كەلگىنىدە يەنە ۋال ـ ۋۇل كىيىنىپ كېلىپ مېنىڭ كۆزلىرىمنى قاماشتۇردى. بەزىلىرىگە تەنە قىلدىم، بەزىلىرىگە ئويۇمدىكىنى ئېيتتىم. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز يولىدىن قايتماي، تا شۇ كۈنگىچە ئاغرىقنىڭ دەردىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ. ئاغرىقنى خۇدايىم ئەكىلىپ بىزنىڭ بەدىنىمىزگە تىقىپ قويمايدۇ. ئۇنى تاپىدىغانمۇ، ئەدىتىۋېتىدىغانمۇ، ئالەمدىن ئۆتتۈشىمىزگە زامىن بولىدىغانمۇ ئۆزىمىز.

ئىككى ياش ئايالنىڭ تۇغقانلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا سۈيدۈكنى ئىچىشنى ئېيتقىلار، دەپ ئىچىشنىڭ يوللىرىنى قايتا ـ قايتا چۈشەندۈردۈم. لېكىن ھەر ئىككىسى «زەھەرنىمۇ ئېغىزغا ئېلىشقا بولامدۇ» دەپ تەرسالىق قىلىپ ياپىاشلا ئالەمدىن ئۆتتى. يامانىنىڭ دورىسى يامانغۇ. بەزىلەر تەرسالىق قىلىپ ھەتتا سۈيدۈك بىلەن كومپرېس قىلىشقىمۇ ئۇنىمايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇنداق جاھىللار پەقەت ئۆزىگە ئۆزى قىلىدۇ.

تۇرمۇشتا هاراقكەشلەرگە نىسبەتەن غەزەپنى ئېپادىلەيدىغان «زەرىڭنى ئىچكۈز» دېگەن ئىبارە بار. بۇ يەردە زەر ـــ زەھەر بولۇپ، سۈيدۈك كۆزدە تۇتۇلىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم بولسا كېرەك. شۇڭا ئۇنى چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق. زەھەر دېگەن سۆز نەدىن چىقتى. سۈيدۈك نېمىشقا شۇنداق ئاتالدى؟ ئۇنىڭ تېگىنى تەكشۈرۈش تىلشۇناسلارنىڭ ئىشى. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئادەم بەدىنى، كالىنىڭ تۇيىقى، ئاتنىڭ دولسى، تۇيىقىدىكى ئىششىقلارنىڭ شۇ زەھەرلىك سۈيۈقلۇق بىلەن يېتىشنى ھېكايە قىلىش. شۇنىڭ ئۇچۇنمۇ بىز ئاساسەن سۈيدۈكنى شىپالىق سۈيۈقلۇق دەپ تونۇيمىز ۋە كۆرگەن ـ بىلگەنلىرىمىزنى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرمەكچەمىز. چۈنكى بۇگۈنكى تاپچىللىق، قىممەتچىلىك زاماندا شۇ ئەۋزەلرەك.

مەن سۈيدۈكنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتى بارلىقىنى بەش ـ ئالتە يېشىمدا ئاڭلىغان دېسەم لاپ بولمايدۇ. سەۋەبى، 30 ـ يىللىرى ئاپام بۆشۈكتىكى نارەسىدىسى بىلەن ئېتىزدا يېتىپ ـ قوپۇپ ئىشلەيتتى. مېنى بۆشۈك يېنىدا بولىدۇ دەپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتەتتى. ھېلىمۇ يادىمدا، بىر كۈنى كىمدۇر بىرى قازان بېشىدىن قايناقسۇ ئېلىپ كېلىۋاتسا، ئۈچ ـ تۆت ياشلىق قىز ئۇنىڭغا ئۈرۈلۈپتۇ ـ دە، قايناق سۇ قىزنىڭ ئۈستىگە تۆكۈلۈپ كۆيۈپ قاپتۇ. چوڭلار شۇ ھامان خۇددى ئوغۇل بالىنىڭ سۈيدۈكىدە جاراھەتنى يۇغان ئىدى. جاراھىتى ئانچە شەلۋەرەپ كەتمەي، چاپسان ساقايغانىدى.

40 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ماڭا ئوخشاش ئون بىر ياشلاردىكى بالىلار ئات سوقىسىنىڭ، لابوگرېيكىنىڭ، ئورۇش ماشىنىسىنىڭ ۋە تولۇقنىڭ ئاتلىرىنى مىنىپ بېرەتتى. چۈنكى ئۇ ۋاقىتلاردا تېخنىكا يېتىشمەيتتى، ئۇنىڭ ئەمدىلا دەم تۇرۇۋاتقان ۋاقتى ئىدى. جاۋەن ـ بوغۇتنىڭ قوپاللىقىدىن پات ـ پاتلا ئاتلارنىڭ دولىسى كىچىك بالىنىڭ بېشىدەك ئىششىپ كېتەتتى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

1993 ـ يىلى ئالمۇتىدا نەشر قىلىنغان «شىپالىق يۈز ئون گىياھ» ناملىق كىتابتىن نەشرگە تەييارلاندى.

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابلىز ئورخۇن

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ھاياتنىڭ خوجايىنى بول



ئابدۇرەھىمجان يۇسۇپ ئۈمىد

بۈرۈن تۇرمۇشىمىز ناھايىتى جاپالىق ئۆتەتتى. ئەمما دادامنىڭ بىرەر قېتىممۇ تەقدىردىن زارلانغانلىقىنى ياكى نېمىلەردىندۇر ئاغرىنغانلىقىنى زادى بىلمەيمەن. ئۇ ھازىرغا قەدەر كۈنلىرىمىزنىڭ قانچىلىك ئۆزگىرىپ بېردىشىدىن، ئۇچرىغان قىيىنچىلىق ۋە ئوڭۇشسىزلىقلىرىمىزدىن زادىلا مەيۈسلىنىپ باقمىغانىدى. ھەرقانداق چاغدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتاتتى. ھەممىمىزگە ئۆزىنىڭ ھاياتقا خوجايىنلارچە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن ئۈنسىز تەربىيە بېرەتتى. بىز ئۇنىڭ چىرايىدىن ئۈمىد نۇرلىرىنى كۆرگەنىمىزدە ئائىلىمىز يولۇققان قىيىنچىلىقلار ۋە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن قانداقلارچە ھالقىپ كەتكەنلىكىنى قايتىدىن ھېس قىلاتتۇق ـ دە، قەتئىي بەل قويۇۋەتمەيتتۇق. ئىرادىمىز قايتىدىن ئۇرغۇيتتى.

يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چوڭ بولۇپ مۇستەقىل تۇرمۇشقا قەدەم قويدۇق. ھەر بىرىمىز ئاز بولمىغان ھايات ئۆتكەللىرىگە دۇچ كەلدۇق. ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتسام مەن تۇنجى قېتىم تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمىدىم. دەسلەپتە كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولغان بولسىمۇ ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئويۇن قىپلىقىدىن كۆرۈپ تېزلا قەددىمنى رۇسلىۋالغانىدىم. ئۆز نۆۋىتىدە بۇنداق ھېسسىيات دادامنىڭ ئاشۇ چاغدا مېنىڭ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىگەنلىكىمنى ئېغىزىغا ئېلىپمۇ قويماستىن، مېنى يەنە يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئۈچۈن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئاپىرىپ بەرگەنلىكىدىن پەيدا بولغانىدى. دەل شۇ سەۋەبتىن ئۆزۈمگە ئىگە بولۇش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ، ئۈزلۈكسىز تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ بارا ـ بارا كىشىلىك پەزىلەت ۋە ئۆگىنىشتە يۈكسىلىشكە باشلىغانىدىم. كېيىن ئېغىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ ئوقۇشتىن قېلىپ نەچچە يىللاپ ئازاب تارتسامۇ، يەنىلا ئۆز چىرايىمدا دادامنىڭ ھاياتقا بولغان غالىبلارچە كۈلۈمسىرەشلىرىنى ئەكس ئەتتۈردۈم. قايتا ئوقۇپ ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم. مانا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈش ئالدىدا تۇرىمەن. گەرچە شۇنچە يىلدىن بېرى ياكى ئۇنداق ياكى مۇنداق كۆڭۈلسىز ئىشلار تۇرمۇ-

شۇمدا دائىم دېگۈدەك يۈز بېرىپ تۇرسىمۇ ئاشۇ غالىبلارچە كۈلۈمسىرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالمىدىم.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمدا قانداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىنى بىلمەيمەن. ئەمما ھاياتنىڭ گۈزەل ۋە بەختلىك دەملىرىگە بولغان ئىشەنچنى بىر مىنۇتمۇ يوقىتىپ قويمايمەن. چۈنكى ھايات كۆڭۈل ئاچىدىغان باغچا ئەمەس. ئۇنىڭغا بىز ۋە باشقىلارنىڭ چەكسىز ئارزۇ ـ ئارمانلىرى يۈكلەنگەچكە، ئۇ بىزنىڭ ئۇنىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىمىز سەۋەبلىك بىزنى تۇرلۇك مەپكۇرىلەردە ئۆز قىممىتىنى تونۇشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ھايات ئۆزىنىڭ قىسقىلىقى ۋە تىنچسىزلىقى بىلەن بىزگە يېڭى پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. ئەمما ھاياتىمىزغا بولغان مەسئۇلىيەت ئېڭى زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىسە، ئۇنىڭ بىزگە بېرىدىغىنى قايسى مەنىدىن بولمىسۇن يوقىتىشتىن ئىبارەت.

ھاياتىمدا قانداقلا كۆڭۈلسىزلىكلەرگە يولۇقاي دادامنىڭ ئۇللۇق كۈلۈمسىرەشلىرىنى ھەر قېتىم كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، ئۇ ماڭا «ھاياتنىڭ خوجايىنى بول!» دەۋاتقاندەك تۇيۇلىدۇ. ھازىر شۇنى ھېس قىلدىمكى ھاياتنىڭ خوجايىنى بولالمىغان ئادەملەر بېجىرىم ئادەملەردە بولۇشقا تېگىشلىك ياشاش ھوقۇقىدىنمۇ مەھرۇم بولىدىكەن. روھىي قۇلچىلىقتىن قۇتۇلۇپ مېھنەت كۈرىشى ئارقىلىق تەقدىرنىڭ خوجايىنىغا ئايلانغاندىلا، ئۆزىمىزنىڭ دۇنياغا كېرەكلىكىنى ھېس قىلالايدىكەنمىز.

دادامنىڭ بىزنىڭ بەختلىك ۋە شۇنداقلا مۇرۇۋەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئۈچۈن قەلبىمىزدە قالدۇرغان ئاشۇ غالىبلارچە كۈلۈمسىرەپ تۇرغان نۇرانە چىرايى خۇددى ئۆچمەس مەشئەلدەك ھايات يولىمىزنى مەڭگۈ يورۇتىدۇ. بىزنىڭ ئۆز تەقدىرىمىزنى گۈزەل قىلىپ يارىتىشىمىزغا ئىلھام ۋە تۈرتكە بولىدۇ.

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

## ماقال ـ تەمسىللەر

▲ ياخشىنىڭ ئايىغىدا قۇرت ئۆلمەس.
▲ ياخشىلار تېپىشار ھەر يەردىن كېلىپ،
يامانلار پېتىشماس بىر يەردە تۇرۇپ.
▲ ياخشىلىق يەردە ياتماس،
يامانلىق ئۆزىدىن ئاشماس.
▲ ماڭغان پۇتقا توپا يۇقار.
▲ ھۇرۇننىڭ ھۈنىرى ــ ئۇيقۇ.
▲ ئۆم ئەمگەكتە ئۇنۇم بار.
▲ كالا يەپ ياتار،
ھەسەتخور گەپ تاپار.
▲ تېرىلغانغا يەر قېرىماس،
ئىشلىگەنگە ئەر قېرىماس.
▲ دان سۈيى ــ جان سۈيى.
▲ زىغىر تېرىغان يەر ــ كېزىك بولغان ئەر.
▲ نامەردنىڭ دوستى بولماس.
▲ تەڭرىنىڭ كۆنى تېرىقتىن تولا.
▲ ۋاقىتنى ئاسرىغىننىڭ ــ جاننى ئاسرىغىننىڭ
▲ كۈن چىقمىسىمۇ كەچ بولار،
توخۇ چىللىمىسىمۇ تاڭ ئاتار.
▲ مۇزنىڭ ئۆمرى باھارغىچە.
▲ ئوت بىلەن سۇ ــ تىلسىز يېغى
▲ ئەگرىنىڭ سايىسىمۇ ئەگرى.
▲ ئەگرى كۆڭۈلدە ئەگمە تولا.
▲ توغرى ئادەم سايىسىنىڭ ئەگرىلىكىدىن قورقماس.
▲ تۆھمەتخور تۆھمەت بىلەن ئۆلەر.
▲ تۆھمەتخورنىڭ يۈزى يوق.
▲ قۇۋلۇقتىن شۇملۇق تۇغۇلار.
▲ گېپىدە تۇرمىغان ئەر ئەمەس.
▲ قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر.
▲ ھىيلىلىك ئىشتا خەير يوق.
▲ ئاز سۈتلۈك ئىنەك كۆپ مۆرەر.
▲ دىمىغى ئۈستۈن ئازگالدا ئۆلەر.
▲ مېۋىلىك دەرەخنىڭ بېشى تۆۋەن.
▲ كىرپە تىكىنى بىلەن ماختىنار.
▲ ئارسلاندەك كۈچلۈك بولسۇن،
تايغاندەك ھوشۇك بولسۇن.
▲ بۆركۈت ئۆمرىدە بىر قېتىم ئازار.
▲ بىر سىرلىق، سەككىز قىرلىق بول.
▲ ئويلىمىغان يەردىن تۈلكە چىقار.
▲ ئىتنىڭ كۆڭلى سۆڭەكتە.
▲ ئۆتمەس پېچاق قول كېسەر.

توپلىغۇچى: يۈسۈپ
مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەتىمىن

# كېرىيە خەلقىنىڭ ئۆزگىچە ئۆرپ ـ ئادەتلىرى



مەتكېرەم ئىسمائىل

«كېرىيە» ـ تارىم ئويمانلىقىدا ئەڭ بۇرۇن تارىخ سەھىپىسىدىن ئورۇن ئالغان قەدىمىي ئاتالغۇ بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تەكلىماكاننىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدە مىلاددىن بىر نەچچە ئەسىر بۇرۇن ھاكىمىيەت ئورناتقان بىر دۆلەتنىڭ نامى. كېرىيىدىن ئىبارەت بۇ گۆھەر زېمىننى كېرىيىلىكلەرنىڭ قەدىمىي ئەجدادلىرى ئۆزلىرىنىڭ جاپالىق مېھنىتى ئارقىلىق ئاچقان، گۈللەندۇرگەن. قەدىمىي يىپەك يولىنىڭ جەنۇبىي لىنىيىسىگە جايلاشقان بۇ ئانا تۇپراقتا تارىخ مۇساپىسىدە كۆپ خىل مەدەنىيەت تەركىبلىرى ئۆزئارا سىڭىشىپ، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ئىزنالىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

كېرىيە ئۇيغۇرلىرىدا باشقا رايونلاردىكى ئۇيغۇرلاردىن پەرقلىنىدىغان بىر نەچچە تۈپ ئالاھىدىلىك بار بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئادەتلىرىدە، توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ۋە مېھماندارچىلىق جەھەتلەردىكى كۈتۈش ئادەتلىرىدە، تىل شېۋىسى ۋە تەلەپپۇز ئادەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**1. كىيىم ـ كېچەك ئادىتى**

كىيىم ـ كېچەك جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىك ئەڭ ئاۋۋال شۇ رايون خەلقلىرىنىڭ ئېتنىك تەركىبى، ئىرقى، ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى، ئىجتىمائىي ئالاقىلىرى بىلەن، شۇ خەلق ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن ھەم شۇ خەلقلەرنىڭ ئېستېتىك ئېڭى ۋە بېشىدىن كۆچۈرگەن كەچمىش ـ تارىخلىرى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بىر رايوندا ياشايدىغان بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە يەنە كىچىك دائىرىلىك پەرقلەر مەۋجۇت بولىدۇ. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، گەرچە پۈتكۈل خوتەن ئەرلىرى قىشتا بېشىغا تەلپەك (قوي تېرىسىدە تىكىلىدىغان بىر خىل باش كىيىمى) كىيىسمۇ، لېكىن ئوبدان سىنچىلاپ قارايدىغان بولساق، بۇ تەلپەكلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئېگىز پەسلىكى، رەڭگى ۋە شەكلى جەھەتلەردىن روشەن پەرق بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. كېرىيىدە ھازىر ساقلىنىپ قالغان ئۆزگىچە كىيىنىش ئادەتلىرى ماھىيەتتە قەدىمىي دەۋردىن قېپقالغان، مەلۇم مىللىي رايونغا ۋە مەلۇم قەبىلىلەر توپىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان مىللىي ۋە ئېتنىك خاسلىقنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئادىتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىشى دېيىشكە بولىدۇ.

مەسىلەن، كېرىيە ئەرلىرىنىڭ تەلپىكىنىڭ شەكلى ماتېماتىكىدىكى كېسىك كونۇسقا ئوخشايدۇ، بۇ خىل تەلپەك

كېرىيە، نىيە، چىرا ۋە چەرچەننىڭ بىر قىسىم رايونلىرىغا تارقالغان بولۇپ، شەكلى ۋە رەڭگى ئاساسەن ئوخشايدۇ، چىرا ۋە گۇما ناھىيىلىرىدىكى ئەرلەرنىڭ تەلپىكىدە روشەن پەرق بار، يەنى چىرا ئەرلىرىنىڭ تەلپىكى گەرچە شەكىل جەھەتتىن كېرىيىنىڭكىگە ئوخشىسىمۇ، رەڭ جەھەتتىن ئوخشىمايدۇ. يەنى كېرىيىلىكلەرنىڭ تەلپىكىنىڭ رەڭگى قارا بولسا، چىرىلىقلارنىڭ تەلپىكىنىڭ رەڭگى قوڭۇر رەڭ (بوز) ياكى قارارەڭ ئارىسىغا قوڭۇر رەڭ جىيەك (زىغزىق) تارتىلغان بولىدۇ. گۇمىلىقلارنىڭ تەلپىكىنىڭ شەكلى سىلىندىر شەكلىدە بولۇپ، ئۈستى كەڭلىكى بىلەن ئاستى كەڭلىكى ئاساسەن ئوخشاش ھەم قاسقىنى بىر قەدەر ئېگىز بولىدۇ. رەڭ جەھەتتىن كېرىيىنىڭكى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. لوپ، خوتەن، قاراقاش بۇ ئۈچ ناھىيىنىڭ تەلپەك شەكلى بىر خىل بولۇپ، پەس قاسقانلىق، تەلپەك ئۈستى تاشلانغان ۋە تاشلانمىغان ھالەتتە بولىدۇ، رەڭگى قارا، قوڭۇررەڭ، ئاق رەڭلىك بولىدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، كېرىيە بولسۇن ياكى چىرا، گۇما ۋە ياكى يەكەن، يېڭىسارلىقلارنىڭ تەلپىكى بولسۇن، ھەممىسى قەدىمكى زاماندىكى ئۈچلۈق قالپاقلىق ساكلارنىڭ باش كىيىمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. كېرىيىلىكلەرنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى ئىچىدە قەدىمىيرەك ھالىتىنى ساقلاپ قالغىنى يەنىلا ئاياللارنىڭ باش ۋە ئۈستى كىيىمىدۇر.

**كىچىك تەلپەك:** بۇ، ھەم قەدىمىي، ھەم ئۆزگىچە باش كىيىمدۇر. كېرىيە ئاياللىرى بۇ تەلپەكنى بېشىنى سوغۇقتىن ساقلاش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مۇراسىم كىيىمى ئورنىدا ئىشلىتىدۇ. بېشىغا بىۋاسىتە كىيمەستىن، بەلكى ئاۋۋال ئاق رەڭلىك داكا ياغلىق ئارتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنى باشنىڭ دەل چوققىسىغا ياكى سەل ئوڭ تەرەپكە قىيپاش ھالەتتە قوندۇرۇپ يىڭنە ياكى ئىلغاق بىلەن ئورناشتۇرۇۋالىدۇ.

ئۆزىنى «خوتەندىكى بىردىنبىر مەدەنىيەت ئەربابى، تارىخچى ۋە ئارخېئولوگ» دەپ ئاتىشىۋالغان بىر قىسىم كىشىلەر 80 ـ يىللاردا بۇ تەلپەككە تۇيۇقسىز قىزىقىپ قېلىپ، بۇ تەلپەك ئۈستىدە «تەتقىقات» ئېلىپ بارغان، تار دائىرىدە ئەھۋال ئىگىلىگەن. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتىچە: «بۇ تەلپەكنىڭ تارىخى بەك قىسقا ئىكەن، سەۋەبى ـ بۇ تەلپەك ئەسلىدە چوڭ بولۇپ، كوپېراتسىيە ۋە ‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› دەۋرلىرىدە تەلپەك تىكىشكە كۆرپە (يەنى ـ قوزىنىڭ تېرىسى) بولمىغاچقا، بىر تەلپەك تىكىدىغان كۆرپىدە بىر قانچە تەلپەك تىكىشكە توغرا كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ تەلپەك يىلدىن ـ يىلغا كىچىكلەپ كەتكەن...» مىش.

مېنىڭچە، بۇ خىل ھۆكۈم ـــ تۇرمۇش چىنلىقىغىمۇ، تارىخ چىنلىقىغىمۇ ئۇيغۇن ئەمەس. گەرچە كېرىيىنىڭ تارىخىغا دائىر يازما ماتېرىياللاردىن ياكى كېرىيە دائىرىسىدىكى قەدىمىي مەدەنىيەت ئىزلىرىدىن بۇ تەلپەكنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بىرەر يازما خاتىرە، بىرەر ماددىي ئىسپات تېپىلمىغان بولسىمۇ، مېنىڭچە، مەزكۇر كىچىك تەلپەكنىڭ تارىخى كەم دېگەندىمۇ 10 ـ ئەسىردىن كېيىن ئەمەس. چۈنكى كېرىيە تارىخىدا زور بۆرۈلۈش پەيدا قىلغان ۋەقە، ھادىسىلەرلا ئەنە شۇنداق مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرالايدۇ. بەزى ئىزدەنگۈچىلەر بۇ تەلپەكنى شامانىزم ئېتىقادى بىلەن باغلاپ، ئۇنى «قۇياش ئېتىقادچىلىقى»نىڭ مەھسۇلى، تەلپەكنىڭ شەكلى نۇر چېچىۋاتقان قۇياشنىڭ ياكى ئاسمان گۈمبىزىنىڭ سىمۋولى دەپ قارايدۇ، بەزىلەر بولسا ئۇنى بۇددا دىنىي بىلەن باغلاپ، تەلپەكنىڭ شەكلىنى بۇددانىڭ چوققىسىدىكى چاچ تۈگۈنچىكىگە ياكى بۇددانىڭ نىلۇفەر سۇپىسىغا ئوخشىتىدۇ. دەرۋەقە، يەنە ئۇ يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇقنىڭ سىمۋولى دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ مۇمكىن. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئېھتىماللىق شۇكى، بۇ كىيىملەر يا 11 ـ ئەسىردە كېرىيىگە شىمالىي يۆنىلىشتە كەلگەن قاراخانىيلار قارلۇق قىسىملىرىدىن ياكى 16 ـ ئەسىردىكى موڭغۇللار ئىستىلاسىدىن قالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما بۇ مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدىغان پىكىر ئەمەس. مەزكۇر تەلپەكنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ماتېرىيالىنىڭ كېرىيىدىن چىقىدىغانلىقى، كېرىيىلىكلەرنىڭ ئۇنى ئەۋلادمۇ ئەۋلاد كىيىپ كەلگەنلىكى، بۇ تەلپەكنىڭ ھازىرقى دۇنيادا كېرىيىدىن باشقا يەردە مەۋجۇت ئەمەسلىكى قاتارلىق پاكىتلار بۇنىڭ كېرىيىدىن ئىبارەت مۇشۇ زېمىندا ئاپىرىدە بولغانلىقىنى، كېرىيىلىكلەرنىڭ تارىخىي كەچمىشى، تەبىئىتىنى بىلىش ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىش پائالىيىتى، دىنىي ئېتىقادى، گۈزەللىك قاراشلىرى، ئېتنىك يېتىلىشى بىلەن زىچ بىردەكلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش مۇمكىن.

**پەرىجە:** كۆڭلەك پەرىجە ۋە يەكتەك پەرىجە دەپ

ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. كۆڭلەك پەرىجە يۈپقا، ئاق ياكى ناۋات رەڭ رەختتە تىكىلىدۇ، ئۇنى ياز كۈنلىرى ئۇزۇن كۆڭلەك ئورنىدا كىيىدۇ. كۆپىنچە توي ـ تۆكۈن، ئۆلۈم ـ يىتىم ۋە مېھماندارچىلىق مۇراسىملىرىدا كىيىلىدۇ. يەكتەك پەرىجە بولسا ئەستەرلىك بولۇپ، ئاساسىي قىسمى قارا رەڭدە بولىدۇ، ياقا، پەش، يەڭ ئۇچلىرىغا ئاسمان كۆكى رەڭلىك تاۋاردىن جىيەك تۇتۇلىدۇ. پەرىجىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئوڭ ـ سول ئىككى ياقىسىغا (يەنى مەيدە قىسمىغا) يەتتە دانىدىن جەمئىي ئون تۆت دانە قىلىچ شەكىللىك هاۋارەڭ جىيەك تارتىلغانلىقىدا. يەكتەك پەرىجىدە قارارەڭ بىلەن كۆك رەڭ ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. شۇنداق مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، بۇ كىيىمدىكى ھەرقانداق بەلگە ۋە رەڭدە سىمۋوللۇق مەنە بار دەپ قاراشقا بولىدۇ. مەسىلەن، يەتتە دانە قىلىچ شەكىللىك زەڭگەر رەڭلىك جىيەك ــ يەتتە قات ئاسمان ياكى يەتتە پىلانىتنىڭ سىمۋولى بولسا، بۇ كىيىمدە ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدىغان قارارەڭ ــ بۇيۇكلۈك، مۇقەددەسلىك، كۈچلۈكلۈكنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قاراڭغۇلۇقنى، قاراڭغۇلۇقتىنلا يورۇقلۇقنىڭ روشەنلىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. باش كىيىمدىكى ئاق رەڭ (يەنى ـ ئاق رومال) يورۇقلۇقنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇ قاراڭغۇلۇق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشنىڭ سىمۋولى. چۈنكى ئۇنىڭ ئورنى قارا رەڭنىڭ ئۈستىدە. بۇ خىل جايلىشىش ھەرگىزمۇ تاساددىپىي ھادىسە ئەمەس، كىيىمنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغان ھاۋارەڭ بولسا ــ ئالەمنىڭ چەكسىزلىكىنىڭ سىمۋولى. مۇشۇنداق تەھلىل قىلغاندا، مەزكۇر كىيىم كېرىيە خەلقىنىڭ شامان ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ دەۋر دەل مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ 3 ـ ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدۇ.

يۇقىرىقىدەك بەلگىلەر ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا كۆڭلەك پەرىجىدىمۇ، يەكتەك پەرىجىدىمۇ بار، بۇنى كېرىيىلىكلەرنىڭ ئالەم ۋە تەبىئەت قارىشىنىڭ كىيىم ـ كېچەك ئادىتى ئارقىلىق ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ.

ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك بىر نۇقتا شۇكى، پەرىجە كىيگەندە چوقۇم ئاق ياغلىق چىگىلىدۇ، ئاق ياغلىق چەگكەندە چوقۇم كىچىك تەلپەك كىيىلىدۇ. بۇ، بىر قېلىپلاشقان ھەم رەسىم ـ قائىدە تۈسىنى ئالغان ئۆرپ ـ ئادەت.

**كېرىيىچە يازلىق بۆك:** كېرىيىدە ئەرلەر كىيىدىغان يەنە بىر خىل يازلىق باش كىيىمى بار، كىشىلەر ئۇنىڭ شەكلىگە قاراپ ئۇنى «شاپاق بۆك» دەپ ئاتايدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ سۇس يۇلغۇن چېچىكى، زەيتۇن رەڭ، ناۋات رەڭ خاڭدەن تاۋاردا ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تىكىپ تەييارلىنىدۇ. بۇ بۆكمۇ باشقا دوپپىلارغا ئوخشاش ئايرىم ـ ئايرىم تۆت تالانىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئىچى پاختا رەخت بىلەن ئەستەرلىنىدۇ. بۇ بۆكنىڭ شەكلى يېرىم شار ھالىتىدە بولۇپ ھەم يېنىك ھەم يارىشىملىق.

## 2. مېھماندارچىلىق ۋە مۇراسىم ئادەتلىرى

كېرىيە ئۇيغۇرلىرى چايخۇمارلىق جەھەتتىن قەشقەرلىكلەرگە ئوخشاپ كېتىدۇ. دائىم قىزىق چاي ئىچىش، قېنىق چاي ئىچىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن. چاي ــ كېرىيەلىكلەرنىڭ پۈتكۈل توي ـ تۆكۈن، ھېيت ـ ئايەم، ئۆلۈم ـ يىتىم ۋە باشقا مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ، شۇڭا چاي دەملەش، پىيالىلەرنى تەييارلاش، چاينى قۇيۇش، مېھماننىڭ ئالدىغا ئەكىلىشكىچە بولغان جەريانلاردىمۇ بىريۈرۈش قائىدە ـ يوسۇنلار شەكىللەنگەن.

چاي دەملەش، چاي قۇيۇشتىكى ئۆزگىچە يوسۇنلار: كېرىيىلىكلەر ئۆيگە كەلگەن مېھمانغا يازنىڭ تومۇز كۈنلىرىدىمۇ قىزىق چاي تەييارلايدۇ، مېھمان ئۆزى تەلەپ قىلمىغان ئەھۋالدا، مېھمانغا سوغۇق سۇ قويۇش ــ ھۆرمەتسىزلىك، مېھماننىڭ ئىززىتىنى قىلمىغانلىق دەپ قارىلىدۇ. ئۆيگە مېھمان كەلگەندە، ئوچاق ياكى مەشكە دەرھال ئوت يېقىپ، چەينەك ياكى چۆگۈندە سۇ قۇيۇپ قويىدۇ. چاي قايناپ بولغۇچە سىنچاي چىنىنى (پىيالىنى) پەتنۇس بىلەن قوشۇپ ئۇدا بىر نەچچە قېتىم يۇيىدۇ. ئادەتتە ھەممە كېرىيىلىكلەرنىڭ ئۆيىدە مەخسۇس چاي دەملەشكە ئىشلىتىلىدىغان كىچىك چىنە چەينەكتىن كەم دېگەندە بىرەرسى بار، قاراچاي ۋە دورا چاينى چەينەككە سېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن قايناق سۇنى قۇيىدۇ. چەينەكنىڭ ئاغزىنى ھەم يېپىپ، ئوچاقتىكى چوغقا يېقىن قويىدۇ ياكى چەينەكنى مەخسۇس تەييارلانغان رەخت ياپقۇ (ياكى

لۆڭگە) بىلەن چىلاپ يۆگەپ قويىدۇ. ئون مىنۇتلاردىن كېيىن، چاينى سىنچاي چىنىگە قۇيۇپ، رەڭگىنى تەكشۈرىدۇ، تەمىنى تېتىپ كۆرىدۇ. رەڭگى سۇس بولسا، سىنچاي چىنىگە قۇيۇپ، يەنە چەينەككە ياندۇرۇپ، بىر نەچچە قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن، قايتا تەكشۈرىدۇ. ئەگەر مېھمان ئايال كىشى ياكى ئاياللار توپى بولسا، يۇقىرىدىكى ھەرىكەتلەرنى بىرمۇبىر كۆزىتىپ تۇرۇشىدۇ. چاي دەملەش تۈگىگەندىن كېيىن، داستىخان سېلىنىپ مەزە تىزىلىدۇ. ساھىبخان ئاۋۋال ئۆزى چىنىلەرنى چاي بىلەن چايقاپ بولغاندىن كېيىن، چىنىگە چاينى قۇيۇپ، پەتنۇس بىلەن مېھماننىڭ قولىغا تۇتىدۇ. بەزى ساھىبخانلار چىنىلەرنى چايقىغان توپلانما چاينى ئۆزى يۇتۇۋېتىدۇ. بۇ، مەن يۇيغان چىنىلەر پاكىز، دەملىگەن چايلىرىمدىمۇ مەسىلە يوق دېگەننى مېھمانلارغا بىلدۇرۇپ قويۇش، يەنە بىر تەرەپتىن چاينىڭ تەملىك دەملەنگەن ـ دەملەنمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈندۇر. ئەگەر ئېتىغۇچى چاينىڭ بەك سۇس، بەك قويۇق ياكى بەتتەم دەملەنگەنلىكىنى ھېس قىلسا، مېھمانلارغا چاي قۇيماي، چاينى قايتا دەملەشكە بۇيرۇيدۇ. بۇ يوسۇنلار مېھمانلارنىڭ ئالدىدىلا بېجىرىلىدۇ. يەرلىك ئايال مېھمانلارنىڭ نازارەت قىلىدىغىنى چاينىڭ رەڭگى ۋە تەمى تەلەپكە لايىقمۇ ـ يوق، چىنىلەر پاكىز يۇيۇلدىمۇ ـ يوق، چىنىلەر پاكىز سۈرتۈلۈپ قۇرۇتۇلدىمۇ ـ يوق دېگەنلەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر قايسى بىر تۈردىن قۇسۇر تېپىۋالسا، كىچىكرەك بولسا ئۆزئارا قېيىدىشىپ قالىدۇ، چوڭراق بولسا پۈتۈشۈپ بولغان قۇدا ـ باجىلىقتىن يېنىشىپ كېتىشىدۇ.

چاينىڭ سۇس دەملەنگىنى مېھماننى قارشى ئېلىشنىڭ سۇسلىقى دەپ قارىسا، چىنىلەرنىڭ پاكىز بولماي قېلىشى ۋە سۈرتۈلمەي ھۆل قېلىشىنى مېھمانغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قارايدۇ. ئەگەر ساھىبخان چاي قۇيغاندا چىنىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا قۇيۇپ كۆپۈكچە پەيدا قىلسا ياكى گىرۋىكى ئۈچۈپ كەتكەن، دەز كەتكەن، دېغى بولغان چىنىدە چاي تۇتسا، ساھىبخاننى تەربىيە كۆرمىگەن، ئەدەپسىز، مېھمانغا ھۆرمەتسىزلىك قىلدى دەپ ئەيىبلىشىدۇ، قۇيغان چېيىنى ئىچمەيدۇ، قالغان ئادەتلەر مەسىلەن، ئاۋۋال سىنچاي (يەنى پىيالىغا بىر يۇتۇم كەلگۈدەك ھالەتتە قۇيۇلغان چاي) قويۇش، قولغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن، مەزە بىلەن تەلەڭ لىقلاپ چاي قۇيۇش، چايغا بەزىدە قەنت، ناۋات سېلىش ئادەتلىرى باشقا جايلار بىلەن ئوخشاش.

3. توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ ئادەتلىرى

توي ئادىتى: كېرىيىلىكلەرنىڭ توي ئادىتىدە ئومۇمىي جەھەتتىن روشەن ئۆزگىچىلىكى بار. مەسىلەن، كېرىيەلىكلەر توي ئېشىنى سەھەردىلا پىشۇرۇپ تەييارلايدۇ، تويدا پولۇ ئېتىدۇ. ئەرلەر ئەتىگەندە بېرىپ مېھمان بولۇپ قايتىپ كېلىدۇ، چۈشتە ئاياللار ۋە باللار بېرىپ مېھمان بولۇشىدۇ ھەمدە «شوكۇم» (يەنى تويغا ئاتىغان سوۋغات) قويۇشىدۇ. كېرىيە ئاياللىرى بىرەر خون (دەستە) كاكچا ناننى داستىخانغا يۆگەپ تويغا بارىدۇ ۋە ئۇنى ساھىبخانغا تاپشۇرىدۇ. ئاياللارغا ئاش تارتىلغاندىن كېيىن، ئاز بىر قىسمىنى ئاياللار داستىخاندا يەيدۇ. قالغىنىنى توي ئىگىسى ئۇنىڭ ئۆز يېستۇڭكىسىغا (يەنى لېگەنگە) زەللە (تويغا كەلگەنلەر ئۆز ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىدىغان پولۇ) قىلىپ يۆگەپ بېرىدۇ. قىز كۆچۈرۈش چۈشتىن كېيىن بولىدۇ. قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئوغۇل تەرەپ مېھمانلىرىنىڭ ئالدىغا قىز تەرەپ مېھمانلىرى ئالدىراپ چىقماستىن، ئۆز ئۆيىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇۋالىدۇ. ئوغۇل تەرەپتىن قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن ئاياللار 15 ـ 20 قەدەم نېرىدا توختاپ ئۆيگە يېقىنلاشماي تۇرۇۋالىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپ ئاياللىرى ئوتتۇرىسىدا دىئالوگ باشلىنىدۇ.

قىز تەرەپ: ئالغىلى كەلگەن بولسىلا تۇجا (مەرد، كەڭ قورساق مەنىسىدە) بولۇپ يېقىنراق كەلسىلە.

ئوغۇل تەرەپ: بىز يىراقتىن كەلدۇق. ئۆزلىرىمۇ تۇجا بولۇپ ئالدىمىزغا چىقسىلا.

مۇشۇ تەرىقىدە سۆز تاشلىنىپ تويىنى قىزىتىدۇ. ئاندىن ئىككى تەرەپ ئالدىغا مېڭىپ يېقىنلىشىدۇ ۋە كۆرۈشىدۇ. كېرىيە ئاياللىرى، ئۆزئارا سالاملاشقاندا خوتەن ۋە باشقا جايلاردىكىدەك قول ئېلىشمايدۇ بەلكى مەڭزىنى يېقىپ كۆرۈشىدۇ. قىز يۆتكەشكە كەلگەن يىگىتلەرنىڭ ئالدىغا بىر دەستە ناننىڭ ئۈستىگە قەنت ـ گېزەك كۆتۈرۈپ بىرەيلەننى تۇرغۇزۇپ قويىدۇ. يىگىت قولداشلىرى بۇنى پۇت بىلەن تېپىپ پارە ـ پارە قىلىپ تاشلىشى لازىمدۇر. لېكىن قىز تەرەپ نان، قەنت ـ گېزەك كۆتۈر-

2005 . 2

گۈچىنى تاللىغاندا بويى ئېگىزرەك، چاققان، سەزگۈر ئادەمنى تاللايدۇ. يىگىت تەرەپمۇ چەبدەس، زېرەك يىگىتلەرنى تېپىشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ. يىگىتلەر قەنت – گېزەكلەرنى تېپىپ چۇۋۇپ تاشلىيالمىسا خىجالەت تارتىدۇ. قىز تەرەپ مەغرۇرلۇق بىلەن غادىيىۋالىدۇ. بۇ ئىشلار بىردەمدىلا تۈگەيدۇ.

تولا ھاللاردا، قىز تەرەپنىڭ ئۆيىدە پولۇدىن باشقا سوقتا كۆمەچ (ئىچىگە گۆش قىيمىسى سېلىپ، قازاندا پىشۇرۇلىدىغان قىيمىلىق قۇيماق) ئېتىدۇ. بۇ خىل نان ئوغۇل تەرەپنىڭ يىگىت ۋە يىگىت قولداشلىرىغا بېرىلىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇشتىن ئىلگىرى يىگىتلەرنىڭ «كۆمەچ تالىشىش» تاماشىسى بولىدۇ. قىز كۆچۈرۈشكە كەلگەن يىگىتلەر شوخلۇق قىلىشىپ قىز تەرەپنىڭ لېگەن، پىيالىلىرىنى تىقىۋالىدۇ. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا پىچاق بىلەن گىلەملەرنى كېسىدىكەن. قىزنى يۆتكەپ ماڭغاندا، يىگىتلەر ئاۋازنى كۆتۈرۈپ يول بويى: «ئاللا ئاللا... بەرگەنلىرىگە ھەشقاللا...!» دەپ توۋلاپ ماڭىدۇ. بۇ، توي خۇشاللىقى ۋە قىز ئىگىسىگە ئېيتىلغان رەھمەت – تەشەككۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

كېرىيەدە توي بىر كۈنلا ئۆتكۈزۈلىدۇ. «ناشتىلىق ئاپىرىش» ۋە يوقلىششلار ئەتىسى ئۆز ئىچىدىلا ئېلىپ بېرىلىدۇ. قالغان ئادەتلەر مەسىلەن، يىگىت تەرەپنىڭ مېھمانلىرى قىزنى يۆتكەشكە قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، ئاياللارنىڭ ئۆزئارا چىللاشلىرى (قىز تەرەپنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ۋە قىز تەرەپنىڭ ئايال مېھمانلىرى يىگىت تەرەپ ئايال مېھمانلىرىنى ئىشىك ئالدىغىچە چىقىپ قارشى ئالىدۇ، يىگىت تەرەپ ئايال مېھمانلىرى ئىشىك ئالدىغا يېقىن بارماي، ئەتەي 40 – 50 مېتىر يىراقلىقتا توختۇۋېلىپ، قىز ئىگىسىنى يېقىنلاپ كېلىشكە دەۋەت قىلىدۇ، قىز تەرەپ ئاياللىرى ئالدىغا ئىككى مېتىر ماڭسا، يىگىت تەرەپ ئاياللىرىمۇ ئىككى مېتىر ماڭىدۇ. شۇ تەرىقىدە ئاز – ئازدىن يۈرۈشۈپ يېقىنلاشقاندىن كېيىن ئاندىن كۆرۈشۈپ ئۆيگە كىرىشىدۇ)، توي يۆتكەگەندە ئارغامچا تارتىش، ئۇسسۇل ئويناتتىش، قىزنى تاش ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇش، قىز چۈمبىلىنى نوغۇچتا قايرىپ ئېچىش... ئادەتلىرى خوتەننىڭ باشقا جايلىرى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش.

**جۈۋان توي ئادىتى:** قىزلار توي قىلىپ، بىر – ئىككى بالىلىق بولغاندىن كېيىن، يېشى 30 لاردىن ئاشقاندا، ئۇلارنىڭ ئەسلىدىكى زىلۋا بەدىنى تولۇپ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. ئېرىنى كۈتۈش، قېيىن – بۇيان (قۇدا باجا)لار مۇناسىۋىتى ۋە قېينانا – قېيناتىلارغا ھۆرمەت قىلىش، بالىلارنى پەرۋىش قىلىش، ئائىلە ئىشلىرىنى يۈرۈشلەشتۈرۈش جەھەتلەردە تەجرىبىگە ئىگە بولىدۇ. كېرىيە ئاياللىرى مانا مۇشۇنداق ۋاقىتتا جۈۋان تويىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇ خىل تويىنى تولا ھاللاردا ئانىلار قىزلىرى ئۈچۈن ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئانىسى بولمىسا ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئامراق ئايالىغا يەنى يۇقىرىقىدەك شەرتلەرنى ھازىرلىغان خوتۇنىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. تويغا ئۇرۇق – تۇغقانلىرىدىن، دوست – بۇرادەرلىرىدىن بىرنەچچە كىشى چاقىرىلىدۇ. جۈۋان بولغۇچى تۆرلۈك يارىشىملىق كىيىملەرنى كىيىپ، مېھمانلارغا كۆرۈنۈش قىلىپ بېرىدۇ. ھەرقېتىم كۆرۈنۈش قىلغاندا «ئەسسالام! مانا بۇ ئانام تىككۈزگەن كىيىم» دەپ ئېيتىدۇ. مېھمانلار «مۇبارەك بولسۇن!» دېيىشىدۇ. جۈۋان بولغۇچى كىرىپ كېتىپ، كىيىم ئالماشتۇرۇپ چىقىپ «ئەسسالام! مانا بۇ بالىلىرىمىزنىڭ دادىسى تىككۈزۈپ بەرگەن كىيىم» دەپ ئېيتىدۇ. مۇراسىم ئەھلى مۇبارەكلەيدۇ، قول – ئىلكىدە بارلىرى جۈۋان تويى بولغان خوتۇنغا مۇشۇ پۇرسەتتە ئالتۇن جابدۇق ياكى بىر قۇردىن يېڭى كىيىم ئېلىپ ئالدىغا قويىدۇ. شۇ كۈندىن باشلاپ بۇ ئايال چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈۋالىدۇ، ئەسلىدىكى پېشانىسىدە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ماڭلىيىنمۇ بىكار قىلىۋېتىدۇ. ئۈستىگە پەرىجە، بېشىغا ئاق ياغلىق بىلەن كىچىك تەلپەك كىيىدۇ.

**نەزىر – چىراغ ئادىتى:** كېرىيەدە ئۆلۈم – يېتىم، نەزىر – چىراغ ئىشلىرىدا بىردەك مىللىي ئەنئەنىۋى كىيىملەر كىيىلىدۇ. ئەرلەر بېشىغا تەلپەك، ئۈستىگە ئۇزۇن قارا چاپان كىيسە، ئاياللار بېشىغا كىچىك تەلپەك، ئۈستىگە پەرىجە كىيىدۇ. ئۇرۇق – تۇغقان، قولۇم – قوشنىلار ۋە ئاغىنىلىرى ھازىدارلارغا ئاق پوتا باغلايدۇ. قازا قىلغۇچىنىڭ قىرىق نەزىرىسى بىلەن يىل نەزىرىسى كاتتىراق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

كېرىيە ناھىيىلىك ئەدەبىيات – سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «كۆك بۇلاق» ژۇرنىلىدىن ئېلىندى.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# قۇت بەلگىسى ـ سۇمۇرغ

جۇڭگو ئەپسانە، رىۋايەتلىرىدە سۇمۇرغ «قۇشلار شاھى»، «ئىلاھىي قۇش»، «ئەبەدىي ئۆلمەيدىغان قۇش» سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. «تاغ ـ دەريالار پۈتۈكى. ئەل ئىچى كۆن پېتىش خاتىرىلىرى»دە: «سۇمۇرغ مو دۆلىتىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدىن چىقىدۇ، پەيلىرى قىزىل، سېرىق، كۆك ئۈچ خىل رەڭدە بولىدۇ. مەشرىقتا تەلپۈنۈپ تۇرىدۇ، ناھايىتى ئۇزىدۇر» دەپ خاتىرىلەنگەن. بىز ھازىر كۆرۈۋاتقان رەسىملەردىكى سۇمۇرغ توخۇ تۇمشۇقلۇق، يىلان بويۇنلۇق، قارلىغاچ باشلىق، يولۋاس بەللىك، بېلىق قۇيرۇقلۇق، ناھايىتى چىرايلىق ھەم رەڭدار بىر قۇشتۇر.

جۇڭگو خەلقى سۇمۇرغنى تارىختىن بۇيان ئېسىل نەسەپ ۋە قۇتنىڭ سىمۋولى بىلىپ كەلگەن. ئەل ئارىسىدا: «بارچە قۇش سۇمۇرغقا باقسا، قۇت كېلەر» دەيدىغان گەپ بار بولۇپ، ئەزگۈلۈك ۋە قۇت سۇمۇرغ بىلەن ئۆزئارا باغلىنىپ كەتكەن. شۇڭا، ئەل ئىچىدىكى توي مۇراسىملىرىنىڭ سۇمۇرغقا باغلانمايدىغىنى يوق. قىز ـ يىگىتلەر ئارىسىدا ئىشق پەيدا بولغان بولسا، بۇ: «ئەنقانىڭ سۇمۇرغقا سۆيگۈ ئىزھار قىلىشى» دېيىلىدۇ ھەمدە بۇ سۆيگۈگە تەمسىل قىلىنىدۇ. قىز ـ يىگىتلەرنىڭ توي قىلىشى بولسا سۇمۇرغنىڭ ئۇچۇپ كېتىشىگە تەققاسلىنىدۇ. توي بولغان چاغدا قىز ـ يىگىتلەرنىڭ ھۇجرىسىدىكى جابدۇقلار سۇمۇرغنىڭ رەسىمى بىلەن بېزىلىدۇ. كېلىنچەك سۇمۇرغ شەكىللىك تاج ۋە بېزەكلەرنى تاقايدۇ، سالامخانە (توي مۇراسىمىدا يىگىت بىلەن قىز تەگرى ۋە يەر تەگرىسىگە، ئاتا ـ ئانىسىغا سالام بېرىدىغان ئۆي ـ ت)گە بۆكە (ئەجدىھا) سۇمۇرغ شەكىللىك شاملار يېقىلىدۇ. خەلق سۇمۇرغنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى سېتىۋېلىشقا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ سۇمۇرغقا تېۋىنىپ كېلىۋاتقىنىغا نەچچە مىڭ يىللار بولدى.

جۇڭگو سىنىپىي جەمئىيەت باسقۇچىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، سۇمۇرغ بىر مەھەل خان جەمەتىنىڭ خاس ھوقۇق بەلگىسىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، خانىش، شاھزادە ۋە مەلىكىلەر سۇمۇرغ بالىسى، سۇمۇرغ نەسلى دەپ ئاتالغان، قىياپىتى سۇمۇرغقا تەققاسلانغان. ئۇلارنىڭ كىيىم ـ كېچەك ۋە زىبۇزىننەتلىرى شاھانە سۇمۇرغ تون، سۇمۇرغ تاج؛ شاھلارنىڭ ئولتۇرىدىغان تەختى، تەختىرىۋانى ۋە مەپىسى سۇمۇرغ تەخت، سۇمۇرغ تەختىرىۋان، سۇمۇرغ مەپە؛ ئۇلار چۈشۈرگەن پەرمان سۇمۇرغ پەرمانى... دەپ ئاتالغان.

ئەمەلىيەتتە سۇمۇرغ دېگەن نەرسە مەۋجۇت ئەمەس. جۇڭگولۇقلارنىڭ سۇمۇرغنى ئىلاھىي قۇش بىلىپ ئۇنىڭغا تېۋىنىشىنىڭ يىلتىزى، جۇڭگونىڭ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردىكى توتېم ئېتىقادىغا بېرىپ تۇتىشىدۇ.

خۇاشيا مىللىتى نەچچە مىڭلىغان يىللاردىن بۇيان سانسىزلىغان مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇشى، ئاسسىمىلاتسىيە بولۇشى بىلەن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە جۇڭگودا تالاي قەبىلىلەر ياشىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا توتېمى بولغان. بۇ قەبىلىلەرنىڭ بەزىلىرى توخۇنى، بەزىلىرى يىلاننى، يەنە بەزىلىرى بېلىقنى... ئۆزىگە توتېم قىلغان. كېيىنچە، مىللەتلەرنىڭ يۇغۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوخشاش بولمىغان توتېملىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ كېتىشى، كېيىنكى كىشىلەرنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز پىششىقلىنىپ سىلىقلىنىشى نەتىجىسىدە «سۇمۇرغ»دىن ئىبارەت يەر شارىدا ئەسلا بولمىغان بۇ «ئىلاھىي قۇش» روياپقا چىقىپ، جۇڭگولۇقلار ئورتاق تېۋىنىدىغان ۋە ئۇنىڭغا ئاتاپ ياغش (نەزىر ـ چىراغ) ئۆتكۈزىدىغان ئىپتىدائىي توتېم ئوبرازىغا ئايلانغان.

قەدىمكى كىتابلاردىكى خاتىرىلەرگە قارايدىغان بولساق، سۇمۇرغ ئوبرازىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۈردە مۇكەممەللىشىپ بارغانلىقىنى كۆرىمىز. يەنى «تاغ ـ دەريالار پۈتۈكى»دە سۇمۇرغنىڭ پەيلىرى ئۈچ خىل رەڭدىن تەشكىل تاپقان دېيىلسە، «تەرمىلەر»دە: بەش خىل رەڭدىن تۈزۈلگەن، دېيىلگەن. «سۆز ـ خەتلەر ئىزاھاتى»دا سۇمۇرغ: «يىلان بويۇنلۇق، بېلىق قۇيرۇقلۇق، بۆكە (ئەجدىھا) غوللۇق، يولۋاس بەللىك، قارلىغاچ باشلىق، توخۇ تۇمشۇقلۇق، بەدىنى چىلىنغا ① ئوخشايدۇ» دېيىلسە؛ «كۆركەم سۆزلەر»دە: «سۇمۇرغنىڭ ئېگىزلىكى ئالتە چى كېلىدۇ» دېيىلگەن بولۇپ، ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان سۇمۇرغنىڭ رەسىمنى، ئەمەلىيەتتە شەرقىي خەن سۇلالىسىدىن كېيىنكى مەزگىللەردە تەدرىجىي شەكىللەنگەن دېيىشكە بولىدۇ.

جۇڭگولۇقلارنىڭ ھازىرقى سۇمۇرغنى ئۇلۇغلاش ئادىتى، ئۇلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى چاغلاردىكى ئەجداد توتېمىغا تېۋىنىش مەنىسىدىن ئاللىقاچان قېپقالدى، ئەلۋەتتە.

---

ئىزاھات:

① بۇ خەنزۇ خەلق رىۋايەتلىرىدىكى بۇغىغا ئوخشايدىغان، بەدىنى قاسىراقلىق ھايۋان بولۇپ، ئۇ قەدىمدە ئەزگۈلۈككە سىمۋول قىلىنغان ـ ت

بۇ ئەسەر سىچۇەن خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1992 ـ يىلى 6 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان، خۇگۇاڭ، جياڭ يۇڭجىلار تۈزگەن «سىرلىق ئىپتىدائىي ئېتىقاد ـ توتېم، جىنسقا تېۋىنىش» ناملىق كىتابچىدىن ئېلىندى.

مۇختار تۇردى تەرجىمىسى

مۇھەررىرى: خۇرسەنئاي مەمتىمىن

# ئۇلۇغبېكنىڭ ئۆلۈمى



— مەشھۇر ئەدىب خۇرشىد دەۋرانىنىڭ «ساھىب-قىران نەبىرىسى» ناملىق كىتابىنىڭ خاتىمىسى



ھىجرىيە 853 ـ يىلى، رامزان ئېيىنىڭ سەككىزىنچى كۈنى. مىلادىيە 1449 ـ يىل 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى سەمەرقەندتىن چىققان كىچىك كارۋان سەمەرقەندنىڭ جەنۇبىدىكى تاغ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. كارۋاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئورۇق گەۋدىلىك، كۆركەم ۋە ئاق يۈزلۈك، بۇز ـ كۆزىدىن تەمكىنلىكى سىزىلىپ تۇرغان، چاچ ـ ساقىلى ئاقارغان بىر كىشى ئېغىر ئويغا پاتقان ھالدا چاۋكەر ئات ئۈستىدە بىر خىل رېتىمدا تەۋرىنىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاچچىق خىيالغا پاتقان بۇ كىشى — ئوغلى ئابدۇللەتىف مىرزا تەرىپىدىن ماۋەرائۇننەھر تەختىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن مىرزا ئۇلۇغبېك ئىدى.

كارۋان دارۇسسەلتەنەدىن يىراقلىشىپ دەرغەم ئېرىقى ياقىسىدىكى تۆپىلەرنىڭ بىرىگە يېقىنلاشقاندا، قوغلاندى پادىشاھ ئېتىنى توختىتىپ، ئايىغىنى ئۆزەڭگىدىن ئۈزدى. نامازدىن قالماسلىق ئۈچۈن باشقىلارمۇ ئالدىرىشىپ ئاتلىرىدىن چۈشۈشتى. كارۋان ئەھلى تۆپىلىك ئەتراپىدا شام نامىزىنى ئادا قىلىشتى. مىرزا ئۇلۇغبېك ئېرىق تەرەپكە ماڭدى. ئېرىقنىڭ سۈيى بەزى يەرلەردە ئوت ـ ئۆلەڭلىرى يەلپۈنۈپ تۇرغان ئوتلاقلاردىن ئۆتسە، بەزى جايدا تاشلاندۇق تاقىر يەرلەردىن ئۆتەتتى. بەزى جايلاردا چوڭ ـ كىچىك ئاقۇچ تۆپىلەرنى تىلىپ ئۆتۈپ، چوڭقۇر ۋە ھەيۋەتلىك جەرلەر ھاسىل قىلغان. خەلق تەرىپىدىن دەردۇغەم دەپ ئاتالغان، يىلنىڭ تۆت پەسلى قۇتراپ ئاقىدىغان بۇ ھەيۋەتلىك ئېرىق ساھىلىدا تۇرۇپ، بىردىن ياشانغان پادىشاھنىڭ كۆزلىرى نەملىنىپ، بوغۇزىغا ئاچچىق بىر نىمە تىقىلغاندەك بولدى ـ دە، ئەلەم بىلەن پىچىرلىدى:

«بۇ قانداق يازغۇنلۇق بولدى، ئاللاھى كەرىم؟!»

ئاندىن كەسكىن ھالدا ئارقىغا بۇرۇلۇپ ئالدىراپ كېلىپ ئېتىغا مىندى ۋە «چۇھ» دەپ ئېتىنى دېۋىتتى. ئەمما ئات قوزغالمىدى. ئات ئىگىسىنىڭ ئاۋازىغا ئەمەس، يۈرىكىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇۋاتقاندەك ئىدى. ھۆكۈمدار ئېتىغا ئايىماي قامچا ئۇردى... تۇلپار دەرغەمدىن كېيىن باشلانغان دەشت ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتكەن يول بويىلاپ چېپىپ كەتتى. كۆز ئاسمىنىنى بۇلۇت قاپلىغان، ھاۋا نەم، قۇياش مەغرىب تەرەپكە ئاغقانسېرى سالقىن ئاچچىق ئىزغىرىنغا ئايلىنىپ بارماقتا. دەشت يولى ئەتراپىدىن قىزغىش قوغايلار قاغجىراپ قالغان، شامال ئادەم بويى ئۆسكەن يەۋشەنلەر، ئاقش ئەرمەنلەرنى تەۋرىتەتتى. قۇرۇپ بەندىدىن ئۈزۈلگەن يانتاقلار دومىلاپ ئۇزاقلارغا كېتەتتى. تاغدا ياغقان يامغۇردىن ئاتلار ۋە قېچىرلارنىڭ تۇياقلىرى يالترايتتى. ئوشۇقلىرىغىچە ھۆل، ھاۋانىڭ

ئەزۋايى بۇزۇلۇپ، قاراڭغۇ ۋە كۆڭۈلسىز بولۇپ تۇرغىنىغا قارىماي، پېشىندە سەمەرقەندتىن چىققان كارۋان بىپايان دەشتلەرنى بويلاپ جىمجىت يول باساتتى. كارۋان ئەھلى ئىچىدە ھەممىنى ئالدىرىتىپ غەيرەت قىلىۋاتقان، قارا قاشقا ئات مىنگەن ساقاللىق كىشى مىرزا ئۇلۇغبېككە ھەمراھ قىلىپ تەيىنلىگەن ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ ئىدى. ئۇ كۆز كۆنلىرىنىڭ قىسقىلىقىدىن تېزرەك بىر مەنزىلگە يېتىشىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلاتتى. يىراقتىكى تاغلارنىڭ قار بېسىپ ئاقارغان چوققىلىرىغا قويۇق قارا بولۇتلارنىڭ قونۇۋاتقانلىقىنى بىئاراملىق بىلەن كۆزىتەتتى. ھايال ۋاقىت ئۆتمەي ئاشۇ بولۇتلار كۆپىيىپ، سىلجىپ، يېيىلىپ، كۆك سەھنىسىنىڭ بىر تەرىپىنى قاپلىۋالدى. بىردەمدىلا قاش قارايغاندەك ئەتراپ خىرەلەشتى. كارۋاندىن ئانچە ئارقىدا، كۆز يەتمەس مۇساپىدە بەش ـ ئالتە ئاتلىق قارا بولۇپ ئات يورغىلىتىپ باراتتى. ئۇلار بەزى يېقىنلىشىپ، كۆزگە كۆرۈنمەسلىك ئۈچۈن يوللارنىڭ چېتىدە يۈكسىلىپ تۇرغان تۆپىلىكلەرنىڭ پاناھىدا بېكىنىشەتتى. ئارقىدا قالغاندا ئاتلىرىنى ئاۋايلىماي قامچىلىشاتتى. بۇ گۇرۇھ ئەسلىدە ئىككىگە بۆلۈنگەن. ئىككى ئاتلىق ھەمىشە يانمۇيان، بىر ـ بىرىدىن ئارقىدا قالماي، باشقىلىرى بولسا ئۇلارنى قارارلاپ بېرىشاتتى. ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ ئېتىنى دىۋېتىپ مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئالدىغا يەتكەندە توختىدى.

ــ ئەلا ھەزرەت، قاراڭغۇدىن بۇرۇن بىر مەنزىلگە يەتسەك، ــ دېدى ئۇ.

ــ ماقۇل، ــ دەپ بىلىنەر ـ بىلىنمەس باش سىلكىدى مىرزا ئۇلۇغبېك. ئۇلار يانمۇيان كېتىشكە باشلىدى. قىسقا ۋاقىتتىن كېيىن ئارىدىكى سۈكۈناتنى مىرزا ئۇلۇغبېك بۇزدى. ئۇ ئىچىدىكى توپاننى يۈز ـ كۆزىدە زاھىر قىلماي، خۇش چاقچاقلىق بىلەن جايىدىن ئاۋۋالقى ھەج سەپەرلىرى ئۈستىدە سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىدى. ھاجى ھېكايىسىنى تۈگىتەلمىدى. ئارقىدىن پادىشاھنىڭ مەخسۇس چاپارمىنى تۆگۈننى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقان ئاتلىقنى كۆرۈپ يۈرىكىگە غۇلغۇلا چۈشتى. ئاتلىق ئابدۇللەتىف مىرزا بىلەن بىرگە بەلختىن كەلگەن سۇلدۇز قوۋمىگە مەنسۇپ نەۋكەرلەردىن بىرى ئىدى. يەلكىسىگە يۆكلەنگەن ۋەزىپىنى بېجىرىش مەقسىتىدە ئېتىنى ئاۋايلىماي چاپتۇرغان چاپار يىگىتنىڭ يۈز ـ كۆزىدىن قارا تەر قۇيۇلاتتى. ھاجى نەۋكەرلەرگە يېقىنلىشىپ:

ــ خوش! نېمە گەپ ئۆزى؟ ــ دەپ سورىدى. چاپار بولسا ئېيتىدىغان سۆزىنى باشقىلارنىڭ ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلمىدى. ئاتايەن ھاجىغا يېقىنلىشىپ شىۋىرلىدى:

ــ ئەلا ھەزرەتلىرىنى بىرەر ياخشى يەرگە ئېلىپ بېرىپ، ئاشۇ جايدا كۈتۈڭ. مىرزا ئۇلۇغبېك پادىشاھ ئېرۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇل زاتى ئالىيلىرىنىڭ سەپىرى ھەم تۈرك ۋە تاجىكنى ھەيران قىلىدىغان تەرىزدە، زور دەبدەبە بىلەن ئۆتمىكى لازىمدۇر.

ــ بۇنىڭغا قىلىنغان تەييارگەرلىكلەر بولسا تېخى ئۆز دەرىجىسىگە بارمىغاندۇر، ــ ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ كۈتۈلمىگەن بۇ ھادىسىدىن ئەجەبلىنىپ، نېمە دېيىشىنى بىلمەي بىردەم چاپار يىگىتنىڭ يۈزىگە سىنچىلاپ تىكىلدى. يىگىت بولسا ھاجىنىڭ كۆڭلىگە شۈبھە سالغانلىقىنى سېزىپ، ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن تەكىتلىدى:

ــ پادىشاھىمىزنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرى شۇ!

تەبىئىي ئۈركۈگەندەك ھاجى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

ــ پەرمانى ئالىيغا باش ئېگىمىز، ــ دېدى. چاپارمەنگە شۇ گەپنى ئاڭلاش كۇپايە ئىدى. ئۇ چوڭچىلىق بىلەن ئېتىنىڭ بېشىنى ئارقىغا قايتۇرۇپ، سەمەرقەند تەرەپكە ئۇقتەك ئۇچۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان تۇن يورۇقىدا چىرايلىق كۆرۈندى. ھاجىنىڭ ئويغا پېتىپ قالغانلىقىنى كۆرگەن مىرزا ئۇلۇغبېك ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ:

ــ خوش، ھاجى، چاپارمەننى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتىپتۇرلەر؟ ــ دەپ سورىدى.

ھاجى ئوتتۇرىدا بولغان گەپنى ئېيتىپ بەردى. قوغلاندى پادىشاھ يالت قىلىپ ئات چاپتۇرۇپ كەلگەن چاپارمەن تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ غەلىتە چاقنىغانلىقىنى كۆرگەن ھاجىنىڭ كۆڭلىدىكى شۈبھە تېخىمۇ كۈچەيدى ۋە ۋۇجۇدى مۇزلىغاندەك بىلىنىپ كەتتى. ئەمما ھاياجىنىنى بىلىندۇرمەي، مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتتى. پادىشاھ بولسا قەددى ـ قامىتى ئېگىلگەنچە ھامان سەمەرقەند تەرەپكە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە توختىماستىن شۈبھە ئارىلايتتى. بۇ شۈبھە سوغۇق ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى. بىسەرەمجان بولغان ھاجى ئېغىز ئاچتى.

ــ ئەلا ھەزرەت نېمە بۇيرىدىلەر؟

مىرزا ئۇلۇغبېك ھەمراھىغا بىر قاراپ:

«سەن ھەممە گەپنى بىلسەن! ئۇلار بىلەن تىلنىڭ

2005.2

بىرا» دېگەندەك دىققەت بىلەن تىكىلدى. ھاجى تېخىمۇ بەرەمجانلىنىپ، ئۆزىنى قەيەرگە قويۇشنى بىلمەي قالدى. پادىشاھ ناھايىتى قايغۇلۇق ھالدا پىچىرلىدى:

—بىلگىنىڭىزنى قىلىڭ، تەقسىر!

كارۋان يەنە يولغا چۈشتى. بىر سائەت ئۆتمەي ئۇلار يول ئۈستىدىكى ئابى سەبۇھ دەپ ئاتالغان ئېرىق ياقىسىدا جايلاشقان كىچىك بىر قورغانغا يېتىشتى. شۇ يەردە توختاش ماقۇل تېپىلدى. مىرزا ئۇلۇغبېك ئاتتىن چۈشتى ۋە ئايىغى ئۇيۇشۇپ قالغانلىقتىن سەل ئاقساپ قورغانغا كىردى. ئۇنىڭ ئۇدۇلىغا ئون،ئون ئىككى ياشلار چامىسىدىكى بالا يۈگۈرۈپ چىقتى ۋە يۇلتۇزدەك چاقناق كۆزلىرىنى تەئەججۈپ بىلەن كەلگۈچىلەرگە تىكتى.

—چاپ، ئاتاڭنى چاقىر!— دېدى بۇيرۇق ئاھاڭىدا ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ تۈن سەلكىنىدىن ئەندىكىپ تۇرۇپ. دارۇسسەلتەنەنىڭ چېتىدە قۇرۇلغان پادىشاھلىققا تەۋە قەلئەلەردىن بولغان قورغاننىڭ ئىگىسى— ياشانغان مىڭبېشى، زەر يەڭلىك كونا تونىنى يەلكىسىگە تاشلاپ، يېرىم كېچىدە ئۆزىنى بىئارام قىلغان ئادەملەرنىڭ كېلىشىدىن بىر ئاز ۋەھىمىگە چۈشكىنىچە كارۋان ئەھلىگە پېشۋاز چىقتى.

ساھىبقىران ئەمىر تۆمۈر كوراگان زامانىدا تىكلەنگەن بۇ قورغان ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ خاراب بىر ئەھۋالغا قالغان بولسىمۇ، قورغان ئىگىسى ئايمۇئاي ھەق ئېلىپ تۇراتتى. گەرچە يىللار ئۆتكەنسېرى مىقدارى كېمىيىپ بارغان بولسىمۇ، قورغان ئىگىسى بىراۋغا ئەرز قىلىشقا قورقۇپ، يېرىم خارابىگە ئايلانغان قورغان ئۈچۈن جاۋابكارلىقنى بىردەممۇ ئۇنۇتماي كۈن ئۆتكۈزەتتى. ھازىر ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر يېرىم كېچىدە قالغان يولۇچىلار ياكى سودىگەرلەر ئەمەس، بەلكى پادىشاھلىقنىڭ ئادەملىرى ئىكەنلىكىنى بىلگەچ، بۇ ئادەملەرگە باشپاناھ بولۇش بەختىگە مۇشەررەپ بولۇشتىن سۆيۈنۈپ كەتتى. كارۋان ئەھلى بىلەن بىر باشتىن كۆرۈشۈشكە باشلىغان بۇ ئادەم مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئالدىدا خۇشاللىقنى ئۇنتۇپ، لاغ - لاغ تىترەپ توختاپ قالدى. ئۇ تۇرغان جايىدا قېتىپ قالغان، سۆزلەشكە تىلى كەلمەيتتى.

—ھە، تەقسىر سىزگە نېمە بولدى؟ — دېدى مىرزا ئۇلۇغبېك ئۇنىڭ دەھشەتكە چۈشكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلسىمۇ. قورغان ئىگىسى ئاتا - بالا ئارىسىدا بولۇپ ئۆتكەن قۇتسىز كەچۈرمىشلەردىن ياخشى خەۋەردار. كېچىچە قۇلىقىغا ئاخىرقى مىش - مىشلارمۇ يەتكەن. مىرزا ئۇلۇغبېك تەختتىن ساقىت بولۇپ شاھزادە ئابدۇللەتىف پادىشاھ بولۇپ ئاق كىگىزگە ئۆتكۈزۈلگەن ئىمىش... شۇنىڭ ئۈچۈن قورغان ئىگىسى ئالدىدىكى ئادەمگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇشنى بىلمەي ھاڭ - تاڭ ئىدى. نەھايەت، ئۇ تىترەك ۋە ھاياجانلىق بىر ئاۋۇش بىلەن:

—مەرھەمەت، ئەلا ھەزرەت، مەرھەمەت!— دەپ پادىشاھقا تەزىم قىلدى - دە، ئۆزىنى چەتكە ئالدى. كېيىن قورغاننىڭ بۇرجىكىدىكى ئائىلىسى بىلەن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئىشىكنى يېپىپ زەنجىرنى ئېلىپ قويدى. شۇ كىرگەنچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى.

قورغاننىڭ ھويلىسىدىكى دەرەخلەرگە ئوتقاشلار ئورنىتىلغان. قېچىرلاردىن يۈكلەر چۈشۈرۈلۈپ قورغان ئوتتۇرىسىدىكى بىنانىڭ ئايۋىنىنىڭ بۇرجىكىدە تەقلەندى. مىرزا ئۇلۇغبېك بىلەن ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ ئايۋاندىن قاپقاراڭغۇ ئۆينىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، تۆردىكى خانىگە ئورۇنلاشتى. خانە سوغۇق ئىدى. ئاستى زەي، تاشتەك قارا يەر. نەچچە ئون يىللاردىن بېرى ئادەمنىڭ نەپەسلىرىگە يولۇقمىغان، غۇربەتكە چۆككەن كۆلبىنىڭ ھەر بىر بۇرجىكىدە غەمكىن قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. تۆت تاملىرىنىڭ سۇۋاقلىرى تۆكۈلگەن، قاراڭغۇ گۆردەك زەي ئۆينىڭ بىر بۇرجىكىدە خۇنۈك ياسالغان ئوچاق بار ئىدى. خالاس. كونا كۆلبىنىڭ تۆشۈك - تۆشۈكىدىن شامال ئۇرۇپ، باشپاناھنى ئادەمسىز سەھراغا ئايلاندۇرۇپ مۇزلىتىپ قويغان. يول بويى سوغۇقتىن قېتىپ، تىترەپ قاقشاپ كەلگەن ھاجى مۇھەممەد تاڭ ئاتقۇچە بۇ يەردە ئىسسىيالماي، دۈگدىيىپ ئولتۇرۇشنى ئويلاپ، يولغا كېچىكىپ چىققانلىقىدىن پۇشايمان قىلدى. مىرزا ئۇلۇغبېك سۆسەر يېپىنچىسىنى، ئاندىن گىلەم سېلىپ تۆشۈلگەن كۆرپىچەكلەرگە يانپاشلىدى. يۈرىكىدە زىقىرىغان ئاغرىق ئازابى قانچىلىك كۈچلۈك بولمىسۇن، ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇشقا ئۇرۇناتتى. ياشانغان پادىشاھ كۆزىنى يۇمدى. ئاشۇ دەمدە كۆز ئوڭىدا مۇڭلۇق كۆزلىرى لىق ياشقا تولغان سۆيۈملۈك قىزى رابىئە سۇلتانبېگىمنى كۆردى. «مېنى تاشلاپ كەتمەڭ، ئاتاجان!» دەپ ۋارقىرايتتى قىزى.

ئاستا - ئاستا قەدەم بېسىپ مۇلازىملارنىڭ بىرى كىردى. ئۇ قولىدا قۇمغان بىلەن داس كۆتۈرگەن ئىدى. مۇلازىم داسنى مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئالدىغا قويدى. ھامان

ئېغىر خىياللار ئىلكىدە قالغان پادىشاھ يەڭلىرىنى تۈرۈپ،
قوللىرىنى مۇلازىم تۇتقان قۇمغاندىن ئېقىپ تۇرغان
مۇزدەك سۇغا تۇتتى. بىر ـ بىرلەپ كىرگەن باشقا مۇلا-
زىملار داستىخان يېيىپ تائام كەلتۈردى. مىرزا ئۇلۇغبېك
بىلەن ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ تائامغا يېقىن سىلجىدى.
ئۇلار تائام بىلەن مەشغۇل بولۇشتى. پالتۇكتا تۇرۇۋاتقان
بالا چاقناق كۆزلىرىنى مىرزا ئۇلۇغبېكتىن ئالماي تەئەج-
جۈپ بىلەن باقاتتى. گاھ مىرزا، گاھ ھاجىنىڭ ئۇنى غىزاغا
دەۋەت قىلغانلىقلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك كۆزلىرىنى تىكىپ
تۇراتتى. مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئىشتىھاسى يوق ئىدى. ئۇ
كىچىككىنە نان بىلەن ئۈچ ـ تۆت بۇردا قورداقتىن يېدى.
كېيىن ھەسەلدىن بىر ئاز ئېلىپ نانغا سۈركىدى ـ دە، با-
لىغا ئۇزاتتى. بالا ئۇيالغىنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ خانەدىن
چىقىپ كەتتى. نىھايەت، قارنى تويغان ھاجى كۆزلىرىنى
يۇمۇپ، قوللىرىنى يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، پاتىھە ئوقۇدى.
مىرزا ئۇلۇغبېك كۆزلىرىنى ھاجىغا تىكتى. ھاجى، نېسىپ
بولسا، ئەرتىگە تاڭدا دارۇسسەلتەنەدىن نەۋكەرلەر قو-
رۇقلىغان ھەشەمەتلىك كارۋان يېتىپ كېلىشى، ئەنە شۇ
چاغدا يول ھەم تېز ئاۋۇشى ھەققىدە سۆزلەۋاتقان ئىدى.
مىرزا ئۇلۇغبېك پات ـ پات ئىشىك تەرەپكە قاراپ قوياتت-
تى. تاشقىرىدىن ئاڭلىنىۋاتقان ئاۋازلارغا قولاق سېلىپ،
ھاجىنىڭ سۆزلىرىنى پەرىشانلىق بىلەن تىڭشايتتى. ئۇ
سۆۋسەر يېپىنچا كىيگىنىگە قارىماي، بەدىنى جۇغۇلداۋات-
قانلىقىنى سەزدى. ئەمما بۇ سوغۇقتىنمۇ ياكى ئىچىدە قە-
مىرلىغان سوغۇق شۈبھىلەردىنمۇ، بىلمەيتتى. ئىشىك غە-
چىرلاپ ئېچىلىپ مۇلازىم داستىخان يىغىشتۇرۇۋاتقا كىر-
گەندە، مىرزا ئۇلۇغبېك ئۇنىڭغا خانە ئوتتۇرىسىدىكى
ئوچاقتا ئوت قالاشنى بۇيرۇدى. دەم ئۆتمەي ئىككى نۆ-
كەر ئوت قالاشقا تۇتۇندى. ئوتنى چوڭ قىلىپ ياقتى.
پادىشاھ ئوچاقتا يېقىنلىشىپ گۈركىرەپ تۇرغان گۈلخانغا
تىكىلدى. گۈلخاننىڭ يېنىدا تىنچ، خاتىرجەم بولۇپ كۆ-
رۈلگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىدە ئالەمگە دەھشەت سالغۇ-
دەك بىر توپان بار ئىدى. «نېمە گۇناھىم بار ئىكەنكى،
بۇ تارتقۇلۇقلار باشىمغا كەلدى؟» دەپ ئويلايتتى گۈل-
خان يېنىدا تۇرغان ئادەم. ئۇنىڭ بەش ئوغلىدىن ئىككە-
سىلا ئامان قالدى. قالغانلىرى بالدۇرلا ئۆلۈپ كەتتى.
تىرىك قالغان ئوغۇللىرىدىن تۇنجىسى ئابدۇللەتىف بىبە-
سى گەۋھەر شاد بېگىمنىڭ قولىدا تەربىيىلەندى. ھەلىكە-
دىكى تەكەببۇرلۇق، ھەممە ئىشتا باش ـ قاش بولۇشقا
ئىنتىلىش، كۆڭۈلسىزلىكلەر بالىنىڭ تەبىئىتىگە كۆچتى.
يىللار ئۆتۈپ كۆڭۈلسىزلىكلەر ساختىلىققا، قوپاللىققا، تە-
كەببۇرلۇق مەنمەنلىككە، تاج ـ تەخت ھەۋىسى ھىرىسقا
ئايلاندى. بوۋىسى شاھرۇھ مىرزا ئالەمدىن ئۆتكەندە،
بىبىسىنىڭ ئالدىمىغا ئۇچتى. گەۋھەر شاد بېگىمنىڭ:
— تاج ـ تەختىگە ئاتاڭ ئەمەس، سەن مۇناسىپ-
سەن! — دەپ قۇلىقىغا قۇيغان گەپلەرگە ئىشىنىپ، ئۇ-
چار ـ چۇشەرىنى بىلمەي قالدى. كېيىن بىبىسى ئۇنى لا-
قىلدىتىپ، ئالدانغانلىقىنى — ھىراتتا قالغان باشقا نەۋىر-
سى، ئابدۇللەتىفتىن سۆيۈملۈكرەك ئەلا ئۇد دەۋلەنى قۇ-
لايلىق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەستىن تەختنى ئىگىلەشكە
دەۋەت قىلغانلىقىنى بىلدى. ئاچچىقلانغان شاھزادە قېرى
بىبىسىنى تۇتقۇن قىلدى.
ئەمما تېز ئارىدا ئەلا ئۇد دەۋلەگە تەلەك كېلەلمەي
ئۆزى تۇتقۇن بولۇپ، ئىختىيارىددىن قەلئەسىدە زىندانە-
بەند قىلىندى. شۇ ۋەقە تۈپەيلى تاج ـ تەختنىڭ شەرئى
ۋارىسى بولغان مىرزا ئۇلۇغبېك ھاكىمىيەت ئۈچۈن كۆ-
رەش قىلىشتىن ۋاز كېچىپ ئوغلىنى قۇتقۇزۇشقا ئۇرۇندى.
ئاخىر سۇلھى تۈزۈلدى. ئەلا ئۇددەۋلە ئابدۇللەتىفنى
زىنداندىن ئازاد قىلدى. پادىشاھنىڭ ھەبسىدىن بوشىغان
ئوغلىنى كۈتۈۋالغانلىقى يادىدا. شۇ چاغدا ئوغلى ئاتتىن
سەكرەپ چۈشتى ـ دە، قۇچاقلىرىنى يايغانچە ئاتىسىغا
قاراپ يۈگۈردى. ئۇمۇ ھەم قۇچاقلىرىنى يايغانچە بېرىپ،
ئابدۇللەتىفنى باغرىغا باستى. قاتتىق قۇچاقلاپ تۇرۇپ،
يۈزىدىن، كۆزلىرىدىن سۆيدى. ئۇزاققىچە باغرىدىن بو-
شاتمىدى. ئاتا بىلەن ئوغۇل ئوتتۇرىسىدا مانا شۇ سېغە-
نىشلىق قۇچاقلاشتىن باشقا بىرەر ئېغىز سۆز بولمىدى.
ئوغلىنى ئۇزاق ۋاقىتقىچە كۆكسىگە بېسىپ تۇرۇپ بوشات-
قاندا، ئاتا ـ بالىنىڭ ئاپئاق يۈزلىرى ھاياجاندىن تېخىمۇ
ئاقارغان، رەڭلىرى ئۆچكەنىدى. تۇنجى ئوغلىغا تىكىل-
گەنچە ئەتراپتىكى ئالەمنى ئاڭقىرالماي، بىر نەپەس ئې-
سەنكىرەپ قالدى. 20 ياشقا تولاي دەپ قالغان ئوغلى —
كېلىشكەن، قىر بۇرۇتلۇق، لەۋلىرى تولىمۇ چىرايلىق،
ياخشى كىيىنىشنى ياقتۇرىدىغان ئابدۇللەتىف مىرزا ئاتە-
سىنىڭ نەزىرىدە ھامان ياش بالا ئىدى. ئاتا ئوغلىنىڭ
ئامان ـ ئېسەن قايتقانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشال بولدى.
ئوغلىنى يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۇزاق سۆھبەتلەشتى. ئىختىيا-
رىدىن قەلئەسىدە چەككەن ئازابلىرىنىڭ جەريانىنى ئەلەم
بىلەن ئاڭلىدى. ئوغلىنىڭ كۆڭلىنى تەسەللىلەر بىلەن كۆ-

2005.2

تۇردى. سۆھبەت ئاخىرىدا سۇلھىگە كۆرە ماۋەرائۇننەھر شەھىرىنىڭ تەسەررۇپىغا ئۆتكەن بەلخ مۇلكىنى ئابدۇللەتىفكە سۇيۇرغال قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ئەمما كۆپ ئۆتمەي بۇ نا قابىل ئوغۇل ئۆز ئاتىسىغا قارشى ئىسيان باشلىدى. يۈزسىزلىك قىلىپ، تۇغقان ئاتىسى تىرىك تۇرۇپ ئۇنىڭ تەختىنى ئىگىلىدى. تېخى بۇ كەملىك قىلغاندەك قېرى ئاتىسىنى ھەجگە ماڭدۇرۇش باھانىسى بىلەن يۇرتتىن ھەيدەپ چىقاردى.

ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئوغلىنىڭ كىبىرلىك يۈزى كۆرۈندى

— پەدەرى بوزرۇك، — دېدى ئابدۇللەتىف ئاخىرقى ئۇچرىشىشتا، — ناھايىتى چارچاپسىز، سەل دەم ئېلىپ مەككە - مەدىنەمگە بېرىپ، كەئبىنى زىيارەت قىلىپ كەلمەمسىز؟ بۇ بىۋاپا دۇنيانىڭ تەشۋىشىنى قويۇپ، ئاخىرەتنى ئويلايدىغان ياشقا باردىڭىز، قايتىپ كەلگىنىڭىزدىن كېيىن ئاندىن خاتىرجەم تۇرۇپ گەپلەشمەيمىزمۇ پەدەرى بۇزرۇكۋار، — شاھزادىنىڭ ئەتراپىدا ئولتۇرغان ئەركانى دۆلەت ئۆز ھۆكۈمدارلىرىنىڭ شۇنداق دېيىشىنى ئالدىن كۈتۈپ تۇرغانلىقلىرىنى ئۇلۇغبېك سەزدى. بېشىدىن بەخت قۇشى ئۇچۇپ كەتكەن پادىشاھلار تەركىي دۇنيا بولۇپ مەككىگە — ھەجگە كېتىشتى، بۇنى رەت قىلغانلار بولسا ئۆلتۈرۈلۈشمۇ ئادەت تۈسىگە كىرگەن. مىرزا ئۇلۇغبېك ئوغلىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، رەڭگى توپىدەك ئۆزگىرىپ ئۇزاق ۋاقىت يەرگە تىكىلىپ قالغانىدى. كەنجى ئوغلى شاھزادە ئابدۇللەزىز مىرزا نىمجان تۇغۇلدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى ئۇ تۇغۇلۇشىدىن بىر ئاز مۇددەت ئاۋۋال 12 ياشلىق ئوغلى ئابدۇرەھمان ۋاپات بولغانلىقىدىنمۇ، ئىشقىلىپ بۇ ئوغلىغا كۆپرەك مېھرىبان بولدى. لېكىن شاھزادە يارامسىزراق ئۆستى. ئاتا بولسا ئۆز مېھرىنى ئارتۇق قىلىۋەردى. ھەتتا تەرناب جېڭىدە ئەلا ئۇددەۋلە ئۈستىدىن قازانغان غەلىبىسىنى بۇ جەڭدە جانبازلىق قىلغان ئابدۇللەتىفنىڭ نامىغا ئەمەس، بەلكى كەنجىسىنىڭ نامى بىلەن باغلاپ، پاتىھنامىنى ئابدۇللەزىزنىڭ نامىغا يازدۇردى. بۇنىڭدىن نارازى بولغان تۇنجى شاھزادە بويۇنتاۋلىق يولىغا كىردى. ئابدۇللەتىف مىرزا ئاتىسىغا ئوخشاپ ئىلىمگە ئىشتىياقمەن بولۇپ، يۇلتۇز ئىلمىگە كۆڭۈل قويغانىدى. كەنجىسى بولسا ئىلىمگە قارىتا بىپەرۋا ئۆستى. ئاتىسىدىن ئۇنىڭغا يالغۇز مۇزىكىغا بولغان مېھىر يۇقتى. ئۇ تەمبۇرنى شۇنداق بېرىلىپ چالاتتىكى، يۈزلىرى لاۋۇلداپ قىزىرىپ كېتەتتى. ئويلاڭكى، قىرلىق بۇرنى، يۇپقا لەۋلىرى بىلەن ئاتىسىنىڭ قاشلىرىغا ئوخشاش ئىنچىكە، قەلەمدەك سىزىلغان قاپقارا قاشلىرىغا قاراپ ئابدۇللەزىزنى سەمەرقەندنىڭ ئەڭ بەرنا يىگىتى دېيىش مۇمكىن ئىدى. ھەر ئىككى شاھزادىنىڭ بويى ئېگىز، كېلىشكەن، بىراق، كەنجىسىنىڭ سۆڭەكلىرى نازۇك بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ، كۆرۈنۈشى زەئىپ تۇيۇلاتتى. شۇنىڭغا قارىماي كەنجى شاھزادە مەئىشەتپەرەسلىكتە ئاكىسىدىن ئۈستۈن ئىدى. مانا شۇ مەئىشەتپەرەسلىكى، ئاتىسىنىڭ خىزمىتىدىكى ئەمىرلەرنىڭ ھەرەملىرىگە ئوچۇقتىن - ئوچۇق كۆز تاشلاپ يۈرۈشى مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ دۈشمەنلىرىنى كۆپەيتىپ قويدى. پادىشاھنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈردى. ھازىر ئابدۇللەتىف ئۆز ئىنىسىنىمۇ زىندانغا تاشلىغان. ئەمما، ئۇ شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ئاتىسىنى قوغلاندى قىلغان بۇ يۈزسىز ئۆز ئىنىسىنى ئۇنىڭدىنمۇ بەتتەر جازاغا دۇچار قىلماسمىكىنە!؟ بەختى قارا ئاتىنىڭ غەزىپى ئوت ئېلىپ، ئار - نومۇس تۇيغۇسى جۇش ئۇرۇپ قىزىشتى. قاپىقى سىلىنغان، رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن چېھرىدە دەھشەتلىك قەھرى - غەزەپ ئەكس ئېتىپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇ سەمەرقەندنى تەرك ئېتىشتىن ئىلگىرىكى كۆرگەن چۈشىنى ئەسلىدى. چۈشىدە بىپايان سەھرادا ئۆزىنى يالغۇز تۇرغان ھالدا كۆردى. تۇمان ۋە قاراڭغۇلۇق باسقان كۈن ئىكەن. شاممۇ، تۈنمۇ نامەلۇم ئىدى. پەقەت خىرە - شىرە سەرراب ئىچىدە يالغۇز تۇرغۇدەك. ئاسماندا نە قۇياش، نە يۇلتۇزلار بار بولسۇن؟... تاسادىپىي ئوچاقتىن ئۇچقان ئۇچقۇن مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ يېپىنچىسىنىڭ پېشىگە چۈشتى ۋە ئۇنىڭ بىر چېتىنى كۆيدۈرۈشكە باشلىدى. ئېغىر خىيالغا پاتقان ھالەتتە تۇرغان پادىشاھ خېلى ۋاقىتقىچە بۇنى سەزمىدى. سەزدى - دە، ئۇنى يېڭى بىلەن ئۇرۇپ ئۆچۈردى. كېيىن ئوچاقتىكى يالقۇنغا تىكىلىپ: «ئەھۋالىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن ھەم بىلدىڭمۇ؟!» دەپ پىچىرلىدى.

شۇ ۋەقە سەۋەب بولدىمۇ، مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ كەيپىياتى تامامەن بۇزۇلدى. ئېغىر - ئېغىر تىن ئېلىپ، ئىزتىراپ ئارىلاش نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاشقا باشلىدى. بىر

ۋاقىتلارغىچە شۇ تەرىزدە ئۆي ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا ماڭدى. ئاندىن بوزىرىپ ئولتۇرغان ھاجىغا يېقىنلىشىپ مۇڭلۇق ئۈندە سورىدى:

—مىرزا ئابدۇللەزىز ئامانمىكەن؟ ئۇنى قەتل قىلغاندۇ؟

ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ بەختى قارا ئاتىغا تەسەللى بېرىپ، بەزلەشكە ئۇرۇندى. ئۇ ئابدۇللەتىف مىرزا ھېچقاچان ئۆزىنىڭ قېرىندىشىنىڭ جېنىغا قەست قىلمايدىغانلىقى توغرۇلۇق لاپ ئۇردى. خانىدە ئولتۇرغان بۇ ئىككى ئادەم ئابدۇللەتىف مىرزىنىڭ ئاللىقاچان قانلىق ئىشقا قول سالغانلىقى، ئىككى كۈن ئاۋۋال تېخى ئاتىسى سەمەرقەندتىن كەتمەي تۇرۇپلا، كۆكسارايدا ئۆز ئىنىسىنى يوشۇرۇن ئۆلتۈرگەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. خۇددى شۇ پەيتتە دارۇسسەلتەنەدىن يولغا چىققان ئۆلۈم ئەلچىلىرى ئۇلار توختىغان قورغانغا يېقىنلىشىپ قالغانلىقىدىنمۇ خەۋەرسىز ئىدى. ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ ھەج سەپىرىگە چىقىش ئالدىدا ئابدۇللەتىف مىرزىنىڭ ئۇنى ئۆز دەرگاھىغا چاقىرغانلىقى، ئۇنىڭغا تەھدىت بىلەن سۆزلىگەنلىكى ھەققىدە ئويلاتتى.

—ماڭا قارا، ھاجى، ئەگەر ئاتىمىز بولمىش مىرزا ئۇلۇغبېك يولدا بىرەر يامانلىق ئويلىسا ياكى بىزگە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن بىرەر مەنزىلگە قاچسا، سەن بۇ ھەقتە بىلىپ تۇرۇپ بىزگە خەۋەر بەرمىسەڭ، ياكى ئالدىنى ئالمىساڭ، مەندىن قۇتۇلۇشنى ئويلىما، يەر تېگىدىن بولسىمۇ تېپىپ كاللاڭنى ئالىمەن. مەن تەڭرى تە ئالانىڭ ئىشىنى قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. ھېچكىمنىڭ ماڭا توسقۇنلۇق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇقتۇڭمۇ، ھاجى!—دېدى شاھزادە ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزارغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

—خۇدايىم ئۆزى ساقلىسۇن،—دەپ ئاستا شىۋىرلىدى ھاجى.

شۇ چاغدا بالا ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇ چۈش كۆرەتتى. چۈشىدە قانداقتۇر قىلىقسىز كىشىلەر چېچەكلەپ تۇرغان ئالمىنى كاماندىن ئوققا تۇتۇشتى. ئوقلارنىڭ زەربىدىن چېچەكلەر دۈۋە ـ دۈۋە بولۇپ يەرگە تۆكۈلەتتى. دەم ئۆتمەي ئالما شاخلىرى يالىڭاچ بولۇپ قالدى. ئەمدى ئۇ كىشىلەر يۇلتۇزلارغا قارىتىپ ئوق ئۇزۇشكە باشلىدى. ئاسماندىن قان تامچىلاشقا باشلىدى. تېخى بايىلا يەرگە تۆكۈلگەن چېچەكلەر ساپسېرىق غازاڭغا ئايلانغان، قان مانا شۇ بەرگى خازان ئۈستىگە تامچىلاپ، ئۇلارنى ئەلۋان رەڭگە بويايتتى. كېيىن بىردىن قاپقارا قىياپەتلىك ئاتلىق پەيدا بولدى. ئۇ قولىدىكى دۇدەمە قىلىچ بىلەن دەرەخ تەرەپكە ئۇچۇپ كەلدى. كېيىن قىلىچنى زەربە بىلەن ئۇردى. دەرەخ «قارس» قىلىپ يەرگە يىقىلدى. بالا دەرەخنىڭ ئۆزى ئۈستىگە غۇلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەھشەتكە چۈشۈپ، بوغۇلۇپ ۋارقىراپ تاشلىدى. ۋارقىرىدى ـ دە، ئويغىنىپ كەتتى. تاشقىرىدىن قورغان دەرۋازىسىنى ئۇرۇۋاتقانلارنىڭ شاۋقۇنى كەلدى. ئۇيقۇسى قاچقان ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ بىلەن گەپلىشىپ ئولتۇرغان مىرزا ئۇلۇغبېك بۇ شاۋقۇنلارنى ئاڭلاپ ئەندىكىپ كەتتى. ھاجى ئورنىدىن قوزغالدى.

—يەنە نېمە بولدى؟—دېدى ئۇ زورمۇزور تاۋۇشنى چىقىرىپ. ئۇ تېخى گېپىنى تۈگەتمەستىن ئۆينىڭ ئىشىكى كۈچ بىلەن ئۇرۇلغان زەربىدىن شاراقلاپ ئېچىلىپ كەتتى ۋە قاپقارا سۇمباتلىق بىر نۆكەر شېرىكى بىلەن ئىچكىرىگە ئېتىلىپ كىردى. مىرزا ئۇلۇغبېك بىرىنچى نۆكەرنى تونۇدى. ئۇ ئابدۇللەتىف مىرزىنىڭ ئاباس ئىسىملىك ئىرانلىق نۆكىرى ئىدى. ئاباسنىڭ ئاتىسى بىر قانچە ۋاقىت ئىلگىرى مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئەمرى بىلەن ئالدامچىلىقتا ئەيىبلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. ئاباسنىڭ كۆرۈنۈشى سۈرلۈك ئىدى. ھاجى خىسرەۋ ئارقىغا سۈرۈلۈپ ئۆينىڭ بۇرجىكىگە تىقىلىۋالدى. ئاباسقا كۆزى چۈشۈشى بىلەن رەڭگى ئۆچكەن مىرزا ئۇلۇغبېك چاپچىپ ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن ئاباسقا تاشلىنىپ، بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە مۇشت ئۇردى. قېرىپ قالغان پادىشاھتىن بۇنى كۈتمىگەن ئاباس ئارقىسىغا داجىپ كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ شېرىكى مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن ئارقىدىن كېلىپ، مىرزا ئۇلۇغبېككە يېپىشتى. قۇتراپ كەتكەن ئاباس قېرى پادىشاھنى مۇشتلاپ كەتتى. كېيىن پادىشاھنىڭ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئىككەيلەن پادىشاھنىڭ قوللىرىنى قايرىپ سۆسەر پوستلىرىنى ئېچىۋەتتى.

—بەتبەختنى مەھكەم تۇت!—دەپ ئۇشقىردى ئاباس شېرىكىگە،—مەن ئارقان تېپىپ كېلەي...—ئۇ شۇنداق دەپ تاشقىرىغا ئېتىلدى. مىرزا ئۇلۇغبېك ئارتۇق قارشىلىق كۆرسەتمىدى. تېز چۆككىنىچە، قوللىرى قايرىقلىق ھالدا باش ئېگىپ ئولتۇردى. ئۇ كەلگەنلەرنىڭ مەقسەتلىرىنى ئاللىقاچان بىلىپ بولغان. دەسلەپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قېرىلىقى تۈپەيلى بۇ ئىككى زوراۋانغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى، ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ پايدا

2005.2

بەرمەيدىغانلىقلىرىنى پەملەپ تەقدىرگە تەن بەرگەنىدى.
ئۇ بۇلۇڭدا تىقىلىپ، لاغ ـ لاغ تىترەۋاتقان ھاجىغا قارىـ
دى ۋە دېدى:

ـــتەقسىر، تاھارەت ئالسام...

ھاجى گاراڭ ئىدى. ئۇ دەسلەپ پادىشاھنىڭ نېمە
دېگەنلىكىنى ئاڭلىمىغاندەك ھاڭۋېقىپ تۇردى. كېيىن ئې-
سىگە كەلگەندەك بولۇپ زوردىن ـ زورغا ئورنىدىن تۇ-
رۇپ مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ قوللىرىنى ئۇشىلاپ تۇرغان
نۆۋكەرگە ئالىيىپ قارىدى. نۆۋكەر بولسا ھېچنىمە دې-
مەستىن مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ قوللىرىنى بوشاتتى. كېيىن
ھاجىغا قارىتىپ:

ـــتېز بولسىڭىز! ئاbباسنى بىلمەيسىز...ـــدېدى. ئۇ
شۇنداق دەپ تاشقىرىغا چىقتى. ھاجى يۈگۈرۈپ بېرىپ
ئىشىكنى زەنجىرلىمەكچى بولدى. ئەمما زەنجىر ئۈزۈل-
گەنىدى. ئۇ ئەبجىقى چىققان ئىشىكنى بىر ئامالالپ تۇ-
زەپ ياپتى ۋە تائامنىڭ ئالدىدا مۇلازىم كەلتۈرگەن قول
چۆگۈننى كەلتۈرۈپ مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئالدىغا قويدى.
ئوچاقتا يېقىن تۇرغان چۆگۈندىكى سۇ ئىللىق ئىدى. ھا-
جى مۇھەممەد خىسرەۋ مۇنداق ئىشلارنىڭ ئادەتتە يۈ-
شۈرۈن قىلىنىشنى، گۇۋاھچىلارنىڭ قالدۇرۇلماسلىقىنى
بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللادىن ئۆزىگە ئامانلىق تىلەپ
يالۋۇراتتى. تاھارەت ئالغان بەختى قارا پادىشاھ قىبلىگە
يۈز تۇتۇپ ناماز ئوقۇشقا تۇردى. ئەمما ئىشىك خۇددى
ئۆتكەن نۆۋەتتىكىدەك قاتتىق زەربىدىن شالاقلاپ ئې-
چىلىپ كەتتى ۋە بىر تاختىسى ئۈزۈلۈپ يەرگە چۈشتى.
ئارقان تۇتۇۋالغان ئاbباس قەھرلىك كۆزلىرىنى نامازدا
تۇرغان پادىشاھقا تىكىپ، ئۇنى يەيدىغاندەك ئالايغىنچە
بىردەم تۇردى. مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ ئورنىدىن قوزغىلىۋات-
قانلىقىنى كۆرۈشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇشىغا ئىم-
كانىيەت بەرمەي يەلكىسىدىن باستى ۋە ئاچچىقىدىن بو-
زىرىپ ۋارقىرىدى:

ـــ ھاي مادا تەخەي، قەيەردىسەن، كەلمەمسەن؟ـــ
ئۆيگە شېرىكى ھودۇققان پېتى كىردى. ئىككەيلەن مىر-
زىنىڭ قوللىرىنى ئارقىغا قايرىپ مەھكەم باغلىدى ۋە
تاشقىرىغا سۆرەپ ئېلىپ چىقتى. كېچە ئايدىڭ ئىدى،
قورغان ئايدىڭدا ئاقىرىپ تۇراتتى. ئەمما ھويلىدا بىرەر
ئادەم كۆرۈنمەيتتى. كارۋان ئەھلىنىڭ بارچىسى بولۇۋاتقان
ۋەقەدىن دەھشەتكە چۈشۈپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ئور-
نىغا ئۇ يەر ـ بۇ يەرگە بېكىنىۋېلىشقانىدى. ئاbباس باغ-
لانغان پادىشاھنى ئوتقاشلار ئورنىتىلغان چىنارنىڭ ئاستىغا
ئېلىپ باردى. خازانلارنىڭ ئۈستىدە تىز چۆكتۈردى. مىرزا
ئۇلۇغبېكنىڭ يالىڭاچ بېشى ئاي يورۇقىدا پارقىراپ تۇ-
راتتى. ئاbباسنىڭ يۈرىكىنى ئۆچ ـ ئاداۋەتنىڭ ئوتلىرى
قىزدۇراتتى. ئالدىدا باش ئېگىپ تۇرغان ئادەمنى قىيناپ،
ئازابلاپ، ئىرادىسىنى سۇندۇرماقنى ئىزدەيتتى، ئەمما،
ئابدۇللەتىف مىرزا ئاتىسىنى ئازابلىغانلىقىنى بىلسە، ئۇنى
ساق قويماسلىقىدىن خەۋپسىرەپ، تىنماي ھاسرايتتى. ئۇ
قىناقلىق پۇرسەتلەرنى كەينىگە سۈرۈش ئۈچۈن قىلىچنى
سۇغىرىشقا ئالدىرىمايتتى. ئالدىغا ئېڭىشكەنچە مىرزا ئۇ-
لۇغبېكنىڭ يۈزىگە غەزەپ بىلەن ھومىيىپ تىكىلەتتى. ئې-
ڭىشىپ تۇرغاندا يۈزىدە خۇشاللىق بىلەن غەزەپ تەڭ
ئەكس ئېتەتتى. قاپقارا يۈزلىرى خۇددى ياۋۇز يىرتقۇچقا
ئوخشاش كۆرۈنەتتى. توساتتىن ئۇنىڭ خىيالىغا بىر ئوي
كەلدى ـ دە، كۆزلىرى سوزۇلۇپ كەتتى. ئۇ باغلانغان
پادىشاھنىڭ قۇلاقلىرىغا پەس ئاۋازدا نېمىلەرنىدۇر شى-
ۋىرلاشقا باشلىدى. ھەمكۇم پادىشاھ يالت قىلىپ بېشىنى
كۆتۈردى، لەۋلىرى تىترىدى. كۆزلىرىنىڭ نۇرلىرى سۇن-
غاندەك خىرەلەشتى. كېيىن قانتى سۇنغان بۈركۈتتەك بىر
ئىنتىلىپ، ئەلەڭسىرىگەن ھالدا خىرقىرىدى.

«ئابدۇللەزىز...!... بالام!...» ئۇنىڭ كۆز ئۆڭى قا-
راڭغۇلاشتى. بىرئازدىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. ئادەمسىز
ھويلىنى، ئايدىڭ كېچىنى ۋە ئالدىدا ۋەھشىلىك بىلەن
تۇرغان قاپقارا بىر چىراينى كۆردى. مىرزا ئۇلۇغبېك بىر
نەچچە دەقىقىدىن كېيىن، ئۆلىدىغانلىقىنى سەزدى. خاتى-
رىلەر چاقماق يورۇقىدا كۆرۈنگەن تەسۋىرلەر كەبى ھەد-
دىدىن تاشقىرى تېزلىك بىلەن بىرمۇبىر ئۇنىڭ خىيالىدىن
ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ تېخى ئۆزىنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ يۈ-
زىنى قاقشال قولى بىلەن سىلاۋاتقان ساھىبقىران بوۋى-
سىنى كۆرەر. تېخى بېشىدا مۇڭلۇق ئەللەيلەرنى ئېيتقان
بىبىسى سارايمۇلۇك خانىمنى كۆرەر. تېخى سۆيۈملۈك
ئوغلى ئابدۇللەزىزنى، ئەركە قىزى رابىيە سۇلتانبېگىمنى
كۆرەر. تېخى شۇمشۇق كۆزلۈك ئابدۇللەتىفنىڭ چەكچەي-
گەن كۆزىنى، تېخى مەسئۇم شاگىرتى ئەلى قۇشچىنىڭ
غەمكىن كۆزلىرىنى كۆرەر ئىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇ-
نىڭدا ھېچقانداق تۇيغۇ ئويغىتالمايتتى. ئۇچۇپ ئۆتەتتى.
ئۆمرىنىڭ ساناقلىق مىنۇتلىرى قالغانلىقىنى سەزگەن ئاڭ
نە غەزەپكە، نە شادلىققا، نە ئېچىنىشقا، نە بىرەر باشقا
ھېس ـ تۇيغۇغا ئورۇن قالدۇرمايۋاتقاندەك ئىدى. خۇد-
دى ئاشۇ دەمدە ئۇ دەرۋازىدىن ئۆزىگە قاراپ تۇرغان
بالىغا كۆزى چۈشتى. ئۇلۇغبېك:

M I R A S

ــبالنى ئېلىڭ،ــدەپ ۋارقىرىدى. ئاباس ئۇنىڭ نېمدەپ ۋارقىرىغانلىقىنى بىلمەي، بىردەم ئەتراپقا ئالاگلاپ قارىدى. كېيىن «پادىشاھ قورقۇپ ئېسىدىن ئاغدى» دەپ ئويلىدى. ئۇنىڭ قىلىچ كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرگەن مىرزا ئۇلۇغبېك كەلىمە كەلتۈردى:

«لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ!» قىلىچ ۋىشىلداپ چۈشتى ـ دە، بەندىنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. باشسىز جەسەت خۇددى بېلىقتا ئوخشاپ پىلدىرلاپ ئېتىلىپ چۈشتى. شېھىتنىڭ بوغۇزىدىن ئاققان قىزىل قان دىقىراپ چىقىپ خازانلارنى، نەم يەرنى بوياشقا باشلىدى. ئاباس بولسا قىلىچنى جەسەتنىڭ ئەگىندىكى تونغا سۈرتتى ـ دە، شېرىكى يېتىلەپ كەلگەن ئاتقا ئىرغىپ مىندى ۋە دەم ئۆتمەي ئىككى ئاتلىق قارا كېچىنىڭ قوينىغا سىڭىپ يوقالدى. ھويلىدا ھېچكىم يوق ئىدى. پەقەت بۇ قانلىق ۋەقەنى كۆرۈپ، دەھشەتتىن قورقۇپ كەتكەن بالا دېرىزە ئالدىدا قېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر نەچچە لەھزە ئاۋۋال مىرزا ئۇلۇغبېكنىڭ كۆزلىرىدە تاۋلانغان قايغۇ ـ ئەلەم ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چارەك سائەتتىن كېيىن مۆكۈنۈۋالغان ھاجى مۇھەممەد خىسرەۋ باشلىق كارۋانلار قورقۇنچ ئىچىدە بىر ـ بىرىگە سىقىلىشىپ، بىرى باشقىسىنى ئالدىغا ئىتتىرىشىپ، ئۆزى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىشقا تىرىشىپ، ئاياغلىرىنى ئاستا بېسىشىپ شېھىتنىڭ جەستىنىڭ تۆپىسىگە توپلاشتى. كېيىن قورقانلىرىنى بىلدۈرمەسلىك ئۈچۈن، پىچىرلىشىپ گەپ قىلىشىپ، دۈشمەن بېسىپ كەلگەندەك ئالدىرىشىپ، يۈكلىرىنى يەنە قېچىرلارغا ئارتىپ، جەسەتنى سۆسەر پوستىنگە ئوراپ، قېچىرلارنىڭ بىرىنىڭ ئۈستىگە باغلاپ، سەمەرقەندكە قاراپ يولغا چۈشۈشتى. سەھەردە شېھىت پادىشاھنىڭ قېنى ئاققان يەرنى كەتمەن بىلەن تاراشلاشقا باشلىغان قورغان ئىگىسى ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدىكى مۇسىبەتنى سەزمىگەندەك يېقىمسىز ئاۋازدا غىڭشىپ قوشاق ئېيتاتتى. ئەتراپنى قېلىن تۇمان باسقان، ھاۋا نەملىك، ئاسماندا قۇياش يوق ئىدى.

1993 ـ 1994 ـ يىللار

**«مىرزا ئۇلۇغبېك ھاياتىنىڭ سالنامىسى»دىن ئۇن خاتىرە**

1447 ـ يىلى شاھرۇھ مىرزا ۋاپات بولدى. ئۇلۇغبېك مىرزا خۇراسانغا قوشۇن تارتتى. ئەمما ئوغلى ئابدۇللەتىف ئەسىرگە تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئەلا ئۇددەۋلە مىرزا بىلەن سۈلھى تۈزدى.

ئۇلۇغبېك شاھزادە ئابدۇللەتىفكەبەلخ ھاكىمىيىتىنى تاپشۇردى.

1448 ـ يىلى ئەلا ئۇددەۋلە بىلەن ئۇلۇغبېك مىرزا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلاندى. ماۋەرا ئۇننەھر قوشۇنى خۇراساننى ئىگىلىدى. ئۇلۇغبېك ئابدۇللەتىف مىرزىنى ھىراتتا قالدۇرۇپ، سەمەرقەندكە قايتتى.

1449 ـ يىلى ھىرات ھاكىمىيىتىنى ئەبۇلقاسىم بابۇر مىرزا ئىگىلىدى. ئابدۇللەتىف قېچىپ سەمەرقەندكە كەلدى. ئۇلۇغبېك ئوغلىنى بەلخكە ماڭدۇردى.

1449 ـ يىلى باھاردا شاھزادە ئابدۇللەتىف ئاتىسىغا قارشى ئىسيان باشلىدى، ئۇلۇغبېك بەلخ ئۈستىگە قوشۇن تارتتى.

1449 ـ يىلى يازدا ئۇلۇغبېكنىڭ خىزمىتىدە بولغان سۇلتان ئەبۇسەئىد مىرزا ئىسيان باشلاپ، سەمەرقەندنى قورشاۋغا ئالدى، ئۇلۇغبېك قوشۇن بىلەن سەمەرقەندكە قايتتى.

1449 ـ يىلى 19 ـ سېنتەبىر سەمەرقەند يېنىدىكى دىمىشق قورغىنىنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى يالاڭلىقتا ئۇلۇغبېك مىرزا بىلەن ئابدۇللەتىف مىرزا ئارىسىدا جەڭ بولدى. ئۇلۇغبېك يېڭىلدى. سەمەرقەندنىڭ قۇتۋالى ئەمىر مىرانشاھ خىيانەت قىلىپ، ئۇلۇغبېكنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى. ئۇلۇغبېك شاھرۇھىيىگە يېتىپ بارغاندا، دەسلەپ ئۇنى شاھانە يوسۇندا كۈتۈۋالغان قورغان ھاكىممۇ ساتقىنلىق قىلدى.

1449 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئۇلۇغبېك مىرزا ھاكىمىيەتنى ئابدۇللەتىفكە تاپشۇرۇش مەقسىتىدە سەمەرقەندكە قايتتى. ئابدۇللەتىف ئاتىسىنى ھەج سەپىرىگە مېڭىشقا مەجبۇر قىلدى.

1449 ـ يىلى 25 ـ ئۆكتەبىر ھەج سەپىرىگە ئاتلانغان ئۇلۇغبېك سەمەرقەندنىڭ يېنىدا ئوغلىنىڭ ئاباس ئىسىملىك نەۋكىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى.

1450 ـ يىلى 9 ـ ماي پەدەركۇچ ئابدۇللەتىف ئۇلۇغبېك مىرزىنىڭ سادىق كىشلىرىدىن بىرى بولغان بابا ھۇسەيىن باھادىر تەرىپىدىن قەتل قىلىندى.

1994 ـ يىلى مىرزا ئۇلۇغبېك توغۇلغانلىقىنىڭ 600 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن 1994 ـ يىلنى ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ پىرېزدېنتى ئىسلام كەرىموفنىڭ پەرمانىغا كۆرە ئۇلۇغبېك يىلى دەپ بەلگىلەندى.

ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» دراممىسى

ئەركىن نىياز

«مايتىرى سىمىت» قەدىمكى قارا شەھەر (توخرى) تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان چوڭ ھەجىمدىكى يازما يادىكارلىقتۇر. ئۇنىڭ توخرى (قارا شەھەر) تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغانلىقى توغرۇلۇق «مايتىرى سىمىت» دراممىسىنىڭ خاتىمىسىدە مۇنداق دېيىلگەن:

«... ئارىيا چانترى بورىتسۇ كىشى ئاچارى ئەنەتكەك تىلىنتىن توغرى تىلىنچە ياراتمىش.

پىرىتىيا راكشىت توخرى تىلىنتىن تۈرك تىلىنچە ئاۋىرمىش مايتىرى سىمىت نوم بىتىگ»

(«مايتىرى سىمىت» دراممىسىنى ئارىيا چانترى بۇرىتسۇ ئاچارى ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلىدىن قەدىمكى توخرى تىلىغا ئۆرۈپ تۈزدى، پىرىتىيا راكشىت ۋاپىشى يەنە قەدىمكى قارا شەھەر تىلىدىن تۈرك تىلىغا ئۆرىدى (تەرجىمە قىلدى)....)

«مايتىرى سىمىت» دراممىسى بۇددا دىنىنىڭ خىنايانا مەزھىپى ئىدىيىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا بۇ مەزھەپنىڭ «ھەممە مەۋجۇت» كۆز قارىشى روشەن ئىپادىسىنى تاپقان.

«مايتىرى سىمىت» دراممىسىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بىر نۇسخىسىنى 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە ئالىمى ئا. ۋون. لىكوك باشچىلىقىدىكى ئارخېئولوگىيە ئەترىتى تۇرپاننىڭ مۇرتۇق ۋە سىڭگىم ئېغىزى قاتارلىق جايلاردىن تاپقان (بۇ نۇسخا ئانچە تولۇق ئەمەس). گېرمانىيىلىك تۈركىي تىللار تەتقىقاتچىسى ئا. ۋ. گابائىن 1957 ـ يىلى ماينز پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى پارچە ۋاراقلارنىڭ فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى، 1959 ـ يىلى بېرلىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلىنىۋاتقان بەزى پارچە ۋاراقلارنى تېپىپ، 1961 ـ يىلى ئۇنىڭ فوتو نۇسخىسىنى ئېلان قىلدى.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايتىرى سىمىت» («مايتىرىنىڭ ئۇچرىشىشى»)نىڭ بىر قەدەر تولۇق نۇسخىسى 1959 ـ يىلى 4 ـ ئايدا قۇمۇلنىڭ تۆمۈرتى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىلىقىدىن تېپىلغان. بۇ نۇسخا ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

«مايتىرى سىمىت»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۆرۈلگەن ۋاقتى توغرىسىدا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ قارىشى بىردەك ئەمەس. گېرمانىيە ئالىمى لىكوك بۇ ئەسەرنى 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا توخرى تىلىدىن تەرجىمە قىلىنغان دەپ ھېسابلايدۇ. تۈركىيىلىك پروفېسسور سىناشى تېكىن «گېرمانىيە شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنى خەۋەرلىرى»نىڭ 1970 ـ يىللىق 16 ـ سانىدىكى ئىلمىي ماقالىسىدە، «مايتىرى سىمىت»نى 8 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا يېزىلغان، دەپ قارايدۇ.

پروفېسسور فېڭ جياشېڭ «مەدەنىي يادىكارلىقلار» ژۇرنىلىنىڭ 1962 ـ يىل 7 ـ ، 8 ـ بىرلەشمە سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدە بۇ توغرۇلۇق مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ، «مايتىرى سىمىت» 10 ـ ، 11 ـ ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان، دەپ قارايدۇ. گېڭ شىمىن «تارىخ تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1979 ـ يىل 2 ـ سانىغا بېسىلغان ماقالىسىدە، «مايتىرى سىمىت»نىڭ قۇمۇل نۇسخىسىغا ۋە ئۇنىڭدىكى خەت شەكىللىرىگە ئاساسلىنىپ، ئۇنى 10 ـ ئەسىر ئەتراپىدا تەرجىمە قىلىنغان دەيدۇ.

گۇباۋنىڭ «جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلىرى» ژۇرنىلىغا بېسىلغان «شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەنبەسى



«مايترى سىمىت»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى توغرىسىدا يېڭى مۇھاكىمە» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدە ئوتتۇرىغا قويغان: «مىلادىيە 3 ـ ئەسىردە شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمىدا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بار ئىدى، بولۇپمۇ مىلادىيە 5 ـ ئەسىردىن كېيىن شىنجاڭدا تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلاردا نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇرلار بار ئىدى» دېگەن كۆز قارىشىغا ۋە راھىب فاشيەن، شۈەنزاڭ، ۋاڭ يەندې قاتارلىقلارنىڭ بۇ رايوندىكى بۇددا مەدەنىيىتى ھەم تەرجىمە ئىشلىرى توغرىسىدا يېزىپ قالدۇرغان بايانلىرىغا ئاساسلانغاندا، «مايترى سىمىت»نى مىلادىيە 8 ـ ، 9 ـ ئەسىرلەردە شۇ جايدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار توخرى تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

«مايترى سىمىت»نىڭ قومۇلدىن تېپىلىشى ئەينى دەۋردىكى قومۇل رايونىدا بۇددىزىم ئاساسىدىكى قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ خېلى راۋاجلانغانلىقىنى ۋە بۇ دىنغا ئائىت قوليازمىلار، تەرجىمە، تەقلىدىي، تەزكىرە ئەسەرلىرىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

ئەسەرنى توخرى تىلىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىغا پىرتىيا راكشىت جانلىق، راۋان تەرجىمە قىلغان. بۇنىڭدىن تەرجىمان پىرتىيا راكشىتنىڭ بۇددا نوملىرىنى توخرى ۋە ئۇيغۇر تىللىرىنى پىششىق بىلىدىغان، ئۇلاردىن بىمالال پايدىلىنالايدىغان سۆز ئۇستىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

چەت ئەل ئالىملىرى «مايترى سىمىت»نى 27 پەردىلىك بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى دراما ئەسىرى دەپ قارايدۇ. چۈنكى بۇ ئەسەرنىڭ قەدىمكى توخرى تىلىدىكى نۇسخىسىدا ئۇنىڭ نامى «مايترىيا سامىتىناتاكا» دەپ يېزىلغان بولۇپ، «ناتاكا» سۆزى ئەنەتكەك (سانسكرىت) تىلىدا «دراما» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. توخرى تىلى نۇسخىسىدا يەنە ھەر بىر بۆلۈم (ياكى پەردە)نىڭ ئالدىدا درامىنىڭ ئورنى، ئۇنىڭغا قاتناشقان پېرسوناژلار ۋە تەڭكەش قىلىنىدىغان كۈيلەر كۆرسىتىلگەن. بۇ ھال «مايترى سىمىت»نىڭ شۈبھىسىز دراما ئەسىرى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

«مايترى سىمىت»نىڭ ئىككىنچى بۆلۈمىدە ئاساسەن ساكيامونىنىڭ ھاماچىسى ۋە ئېنىكئانىسى «ماھاپىر جاپاتى گائۇتامى» خاتۇنىنىڭ ساكيامونىغا تون تىكىش ھېكايىسى بايان قىلىنغان. بولۇپمۇ، بۇ بۆلۈمدە نوم ئاڭلاشنى ئارزۇ قىلغان ئاياللارنىڭ ماھاپىرا جاپاتى گائۇتامى يېتەكچىلىكىدە ئىبادەتخانىغا قاراپ سەپەر قىلغانلىقى، جېدەلخور ئوغۇللارنىڭ «سىدارتى بەگ سىلەرگە نىكودارامغا بېرىپ نوم ئاڭلاشقا رۇخسەت بەرمىدى» دېگەن پىتنىسىگە ئىشىنىپ قايتماقچى بولغانلىقى ۋە ئۆز ئىچىدىكى چېچەن بىر ئايالنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بۇرخانىنى ئىزدەپ تېپىپ، ھېلىقى ئوغۇللار ئېيتقان سۆزنىڭ پىتنە ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىغانلىقى ۋە «نوم ئاڭلاپ مۇرادىغا يەتكەنلىكى»، بۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىش يۈزىسىدىن ماھاپىرا جاپاتى گائۇتامىنىڭ ئۆز قولى بىلەن بىر پارچە يەرنى ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىپ، كېۋەز ئۆستۈرگەنلىكى ۋە پاختىلارنى ئۆز قولى بىلەن يىغىپ، يىپ ئېگىرىپ، گۆھەر ئارىلاشتۇرۇپ، بۆز توقۇپ، تون تىكىپ ساكيامونىغا تەقدىم قىلغانلىقى... غا ئوخشاش ۋەقەلەر دراماتىك توقۇنۇش ئاساسىدا ئاجايىپ قىزىقارلىق قىلىپ سۈرەتلەپ بېرىلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى «مايترى سىمىت» يىرىك قەدىمىي مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

(ئاپتور ش ئۇ ئا ر قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدىن)

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# قومۇل تەسراتلىرى



ئۆمەرجان سىدىق

قومۇلدىكى قىزغىن، مېھماندوست دوستلىرىمىزنىڭ رەت قىلىش مۇمكىن بولمايدىغان تەكلىپلىرىنىڭ دەۋىتى بىلەن يېقىنقى بىر نەچچە يىل ئىچىدە بىر قانچە قېتىم قومۇلغا بېرىش پۇرسىتىگە ئېرىشتىم. ئائىلەمدىكىلەر ۋە دوستلىرىم بىلەن قومۇلدا زىيارەت قىلىش، تونۇش - بىلىشلەرنىڭ ۋە بىزنى ئېلىپ بارغان دوستۇم ئەنۋەر ئابدۇگۇلنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىنى پەتلەش، يېزىلارنى ئارىلاش، ساياھەت، مەدەنىيەت يادىكارلىق نۇقتىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش جەريانىدا شۇنچە خۇش سۆز، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، مېھماندوست قۇمۇل خەلقى قەلبىمدە ئالەمچە ھۆرمەت ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. بۇ خىل ھېسسىياتنىڭ ئىلھامى بىلەن قەلىمىم ئىختىيارسىز يورغىغا چۈشۈپ، قومۇل ھەققىدە تەسرات يېزىشقا كىرىشتىم.

## خۇش سۆزلۈكى

قومۇلغا كېلىپلا بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەندە قالدۇرغان تۇنجى تەسىرى ئۇلارنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى مۇلايىملىقى بولدى. بۇلار چوڭ - كىچىك بولسۇن، ئەر - ئايال بولسۇن، شۇنچىلىك سىلىق، مۇلايىم ئىكەنكى، ئۇلارنىڭ بۇنداق يۇمشاق، يېقىشلىق تەلەپپۇزى ئالدىدا تۇنجى كۆرۈشكەن كىشىلەرمۇ ئۇلارغا ئۆزىنى شۇنچىلىك يېقىن، كونا تونۇشلاردەك دوستانە ھېس قىلىدىكەن. بۇنىڭ بىلەن تەبىئىيلا دەسلەپكى كۆرۈشكەندىكى قورۇنۇشلار تۈگەپ، تېزلا كۆڭۈل ئازادىلىكى شەكىللىنىدىكەن. ئۇلارنىڭ سۆزلىگەن چاغدىكى ئاھاڭىمۇ تۆۋەن ئەمما، تەسىرلىك، ئۇرغۇلۇق بولۇپ، ھەممەيلەننىڭ تەلەپپۇزى ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، خۇددى بۇلاق سۈيى شىلدىرلاپ ئېقىپ، زېمىننى ياشارتقىنىدەك ئادەمنىڭ قەلبىگە بىر خىل راھەتبەخش تۇيغۇ بېغىشلايدىكەن. ئۇلارنىڭ «ئۆزلە نىم قىيتىلا»، «كىمدۇ»، «ئالىسلاكى»، «باقسىلاكى» دېگەن يۇمشاق، مېھرىلىك، ئەمما رەت قىلغۇسىز تەكلىپلىرى كىشى قورسىقى تويۇپ، يېيىش ئىمكانىيىتى بولمىغاندىمۇ، تاماقنى يەۋېتىشكە مەجبۇر بولىدىكەن. ئۇلار مېھمانلارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىپلا قالماي، ئۆز ئارا پاراڭلاشقاندا، چاقچاقلاشقاندىمۇ مۇشۇ

خىل سىلىق تەلەپپۇزدا، ئۆز ئارا مېھماندەك كەيپىيات ئىچىدە پاراڭلىشىدىكەن. باشقىلاردەك كونا تونۇشلار كۆرۈشكەندە تىللىشىپ، ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كۆرۈشىدىغان، مېھماننى كۆرۈپلا چاقچاق قىلىدىغان، قوپال، يېرىك تىللار بىلەن پاراڭلىشىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كەم ئۇچرايدىكەن.

قومۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى، ئېرىزىم يېزىلىرىدىكى بىر قانچە ئائىلىنى پەتىلەپ، شەھەر ئىچىدىكى بىر ئائىلىگە پەتىلەپ كىردۇق. پاكىز قېرىغان، ياشىنىپ قالغان ئەر ـ ئايال ساھىبخان بىزنى قىزغىنلىق ۋە سىپايىلىق بىلەن كۈتۈۋالدى. ئالدىمىزغا ئاپئاق داستىخان سېلىنغان كىچىك شىرە قويۇلغاندىن كېيىن پاختىدەك يۇمشاق، ئوخشىغان بىر لېگەن مانتا كەلتۈرۈلدى. كەينى ـ كەينىدىن بىر قانچە ئائىلىنى پەتىلىگەن بولغاچقا، قورسىقىمىز ھەددىدىن زىيادە تويۇپ، كۆزىمىزدىن چىقىپ كەتكۇدەك ھالەتكە كەلگەن ئىدۇق. لېكىن ئالدىمىزدىكى بۇ تاماقنى يېمىسەك، ساھىبخانغا ھۆرمەتسىزلىك بولاتتى. مىڭ بىر مۇشەققەتتە بىر تالدىن مانتا يېدۇق. مانتا ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى، لېكىن «ئاچلىقتىن توقلۇق يامان» دېگەندەك ھەددىدىن زىيادە توقلۇقتىن قىينىلىپ كېتىۋاتاتتۇق. دەل شۇ چاغدا يېنىمىزدا چاي ئىسسىقداپ ئولتۇرغان مويسىپىت ساھىبخانىنىڭ سىپايە ئاۋازى ئاڭلاندى:

—ئالسلاكى، يەنە بىر تالدىن ئەپىاقسلاچۇ، سىڭىپ كېتىدۇ!

بىز قانچە ئۆزرىخاھلىق ئېيتساقمۇ، ساھىبخانىنىڭ كىشىنى ئىختىيارسىز تەسىرلەندۈرىدىغان مۇلايىم ئۈندىشىگە بەرداشلىق بېرەلمىدۇق. توقلۇقتىكى ئازابلىرىمىزنى ئۇنتۇپ، يەنە چوكىمىزنى قولىمىزغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

تۇرپاندىن بارغان بەش يىگىت قومۇللۇق بەش يىگىتنىڭ ھەمراھلىقىدا ئاقتاش يايلىقىغا ساياھەتكە چىقتۇق. يايلاقنىڭ شۇنچە گۈزەل مەنزىرىسى، ساپ، سالقىن ھاۋاسى بىزنى قاتتىق ھاياجانلاندۇردى. ئۇن ئەزىمەت كۆپكۆك ئاسمان، قاتمۇقات تاغلار، ياپيېشىل قارىغايلارنىڭ ئاستىدا، مەخمەلدەك چىملىقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، كۆڭۈللۈك سورۇننى باشلىۋەتتۇق. ئەلۋەتتە، «تىل كۆڭۈلنىڭ ئىزھارى» دېگەندەك قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاق كۆڭۈل، سەممىي، ساپ دىل، راستكوي، قىزغىن، ھەر قانداق كىشىگە خۇشاللىق بىلەن ياردەم قولىنى سۇنىدىغان خاراكتېرى ئەڭ ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ تىلىدا ئىپادىلىنىدىكەن. خۇددى ماياكوۋسكىي «يېقىملىق سۆز ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتىدۇ» دېگىنىدەك ئۇلار مۇشۇ خىل مۇلايىم سۆزلىرى، سىپايە تەلەپپۇزى بىلەن ھەر قانداق كىشىنى تەسىرلەندۈرەلەيدىكەن، ھەر قانداق كىشىنىڭ قەلبىدە دوستلۇق ئۇرۇقىنى بىخلاندۇرالايدىكەن.

يېتۈك تىل ئۇستىسى، شائىر ناۋائى:

سۆزدۇر كىم، نىشان بېرەر ئۆلۈككە جاندىن،
سۆزدۇر كىم، بېرەر جانغا خەۋەر جانانىدىن.
ئىنسانىنى سۆز قىلدى جۇدا ھايۋاندىن،
بىلكىم، گۆھىرى ئەزىز يوق ئۇنىڭدىن.

دەپ يازغىنىدەك شېرىن سۆز ئۆلۈككىمۇ قايتا جان ئاتا قىلالايدۇ. ئادەم قانچە بىلىملىك، يۇقىرى ساپالىق بولسىمۇ، ھاكاۋۇر، سۆزى يىرىك بولسا، كىشىدە بىزارلىق تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاددىي دېھقان بولسىمۇ، شېرىن ـ سۇخەن، مۇلايىملىقى بىلەن ھەر قانداق كىشىدە ياخشى تەسىرات قالدۇرالايدۇ. تىلنىڭ قۇدرىتى شۇنچىلىك چەكسىزكى، بەزىدە بىر ئېغىز سۆزمۇ ئادەمنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىۋېتەلەيدۇ. شۇڭا تىلغا ئېتىبار بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

قومۇل ئۇيغۇرلىرى جەمئىيەتتە، خىزمەتتە مۇلايىم، شېرىن ـ سۇخەن بولۇپلا قالماستىن، ئائىلىدىمۇ، ئەر ـ ئاياللارمۇ ئۆز ئارا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشىدىكەن. ھەر خىل ئائىلە ئىشلىرىدىمۇ بىر ـ بىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، قىزغىن ياردەم بېرىشىپ، بىرلىكتە قىلىپ تۈگىتىشىدىكەن. «ئۆزلەدىن كەلسۇن»، «ئۆزلە ئارام ئېلىۋالسىلا» دېيىشىپ بىر ـ بىرى بىلەن مېھماندەك ئۆتۈشىدىكەن.

## پاكىزلىقى

قومۇلغا بېرىپلا دەسلەپتە شەھەر ئىچى يېزىسىدىكى بىر تونۇشىمىزنىڭ ئۆيىگە چۈشتۇق. ھويلىسى ئۈزۈم باراڭلىرى بىلەن پۈركەنگەن، تەكچىلەرگە تىزىلغان تەشتەكلەردە قىپقىزىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن بۇ ئائىلىگە «ئەسسالام» دەپ كىرگىنىمىزدە، دىققىتىمىزنى ئەڭ بۇرۇن تارتقىنى ھويلىغا قارىغان دېرىزە بولدى. بىزنى

2005.2

باشلاپ بارغان دوستىمىز ئەنۋەر ئابدۇگۇل ھەيران بولۇپ: «ھۇي، دېرىزىنىڭ ئەينىكى يوقمۇ» دەپ چاقچاق قىلغىنىچە ئالايتەن بېرىپ، دېرىزە ئەينەكلىرىنى سىلاپ باقتى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ھەممىمىزلەن كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئەسلىدە ئەينەكلەر ئىنتايىن تۈجۈپىلەپ، پاكىز سۈرتۈۋېتىلىپ، ئاپپاق قۇياش نۇرى قىلچە دەخلىسىز ھالدا ئۆيگە چۈشۈپ تۇرغاچقا، ئادەمگە دېرىزىدە ئەينەك يوقتەك تەسىرات بېرىدىكەن. بىز دېرىزە ئەينەكلىرىنىڭ بۇ قەدەر پاكىزلىقىنى چۆرىدەپ قومۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ پاكىزلىققا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىغا دىققەت قىلدۇق. بىز كىرگەن ئۆي يېزا تەۋەسىدىكى ئادەتتىكى خىزمەتچى ئائىلىسى بولۇپ، ئۆيدە ھەشەمەتلىك جاھازىلار بولمىسىمۇ، پاكىزلىقى، رەتلىكلىكى، ئازادىلىكى بىلەن بىزدە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ئۆينىڭ ئاستىغا خىش يېيىتىلغان بولۇپ، خىشلار يۇيۇلۇپ، قىپقىزىل پارقىرىتىۋېتىلگەنىكەن. ئورۇن - كۆرپىلەر، لوڭگىلەر، ھويلا - ئاراملار شۇنداق پاكىز، رەتلىك بولۇپ، تازىلىق بارلىق ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلانغانكەن.

بىر قانچە كۈندىن كېيىن بىز قومۇل شەھىرىنىڭ 10 نەچچە كىلومېتىر شەرقىگە جايلاشقان پالۋانتۇر يېزىسىغا چىقتۇق. بۇ يەردىمۇ دوستىمىزنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا مۇيەسسەر بولدۇق. ئۆي ئىگىسى دېھقان بولسىمۇ، ھويلا - ئاراملارنى ناھايىتى پاكىز، رەتلىك تۇتقان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئىچى - سىرتىدا بىرەر تالمۇ ئەخلەت - چاۋا، توپا - مالمانى كۆرگىلى بولمايتتى. كەچتە بىزگە بىر چوڭ ئۆيدىكى كاڭغا ئورۇن راسلاپ بەردى. يوتقان - كۆرپىلەر شۇنچىلىك پاكىز، يۇمشاق، ھەتتا كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىگە ئەدىيالار سېلىنغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ جاپاكەش دېھقان بولۇشىغا قارىماي، شۇنداق پاكىز ئۆي تۇتقانلىقىغا ئىختىيارسىز ئاپىرىن ئوقۇشتۇق.

بىزدىمۇ شەھەر ئاھالىلىرى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر تازىلىققا خېلى دىققەت قىلسىمۇ، يېزىلاردىكى دېھقانلارنىڭ تازىلىق ئادىتىدە كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان ئەھۋاللار بار. دېھقانلىرىمىزنىڭ ئىچىدە دېرىزىلەرنى پاكىز سۈرتۈپ تۇرىدىغانلار، يەرگە يېيىتىلغان خىشنى يۇيۇپ تازىلايدىغانلار يوق دېيەرلىك. ئەكسىچە بۇلغىنىپ كىر بولۇپ كەتكەن، چۈشەن ماياقلىرى قاتمۇ قات داغلارنى پەيدا قىلغان، دېرىزىلەردە ئەخلەت - چاۋىلار تاشلىنىپ ياتقان ھويلىلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز. ھەتتا، بەزى ئائىلىلەرگە مېھمان بولۇپ كىرسىڭىز، قوللىڭىزنى چايقىغىنىڭىزدا ئۆي ئىگىسى قولىڭىزنى سۈرتۈشكە پاكىز لۆڭگە تېپىپ بېرەلمىسە خىجىل بولۇپ كېتىدۇ. پاكىزلىق — ساغلام ھاياتنىڭ، ساغلام ئەقلىنىڭ ئالامىتى.

## سەنئەتخۇمارلىقى

قومۇللۇقلارنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ناخشا - مۇزىكىغا ھېرىسمەنلىكى، سەنئەتخۇمارلىقى ئىكەن. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، «ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامى»نىڭ «دولان مۇقامى»، «تۇرپان مۇقامى» قاتارلىق ۋاريانتلىرى ئىچىدە «قومۇل مۇقامى»مۇ تارىخنىڭ ئۇزاقلىقى، كۆي شەكلىنىڭ ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل - پاراسەتلىك قومۇل خەلقى تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى، خۇشاللىق - ھەسرىتى، ئەگرى - توقاي كەچۈرمىشلىرىنى مۇقام، ناخشىلار بىلەن ئىزھار قىلىپ كەلگەن. قومۇل خەلق مۇقاملىرى، ناخشىلىرى ئۆزگىچىلىككە ئىگە بولۇپ، لەرزان، لىرىك، مۇڭلۇق، يېقىملىق بولۇشتەك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن باشقا يۇرتلارنىڭ ناخشا - مۇزىكىلىرىدىن روشەن پەرقلىنىدۇ. قومۇل خەلق ناخشىلىرىنى بىرلا ئاڭلىغان كىشى روشەن قومۇل پۇرىقىنى ھېس قىلالايدۇ. مانا مۇشۇنداق ئەجدادلارنىڭ كۆيخۇمارلىقىدەك خۇسۇسىيەت ئەۋلادتىن - ئەۋلادقىچە داۋاملىشىپ، بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن بولۇپ، قومۇللۇقلارنىڭ ئولتۇرۇش، چايلىرى، يىغىلىشلىرى ناخشا - مۇزىكىسىز، مەشرەپسىز ئۆتمەيدۇ. 2000 - يىلى قومۇلغا بارغىنىمىزدا دوستلىرىمىز قومۇل شەھىرىنىڭ راھەتباغ يېزىسىغا جايلاشقان سالقىن ئارامگاھتا مەشرەپ ئۇيۇشتۇردى. سۇ ئامبىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان، ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرغان، گىلەملەر سېلىنغان سۇپا ئۈستىگە مەجنۇنتاللار سايە تاشلاپ، بۇ جەننەت كەبى ماكاندا قومۇل خەلقىنىڭ مۇقام، ناخشىلىرىدىن قانغۇچە بەھرە ئالدۇق. قومۇلدىكى تونۇلغان خەلق سەنئەتكارى، ئەما مۇزىكانت ئىبراھىم قومۇل غىجەكنى يۇقىرى ماھارەت بىلەن ئورۇنداپ، بۇلبۇلدەك سايراتقىنىدا، داڭلىق ناخشىچى ئىسكەندەر سەممەت شوخ قومۇل خەلق ناخشىلىرىغا چېلىپ، تاپانلىرىمىزنى قىزىتىپ، بىزنى ئىختىيارسىز مەشرەپكە باشلاپ كىرگىنىدە قومۇل خەلق ناخشا - مۇزىكىلىرىنىڭ سېھرىدىن، سەنئەتخۇمار قومۇل پەرزەنتلىرىدىن

ئىختىيارسىز سۆيۈندۇم.

2003 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قومۇلغا بارغىنىمىزدا ئاقتاش يايلىقىدا قومۇل مۇقاملىرىدىن يەنە بىر قېتىم بەھرىلىنىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولدۇق.

مانا ئۈستى قارىغاي ياغاچلىرى بىلەن يېپىلغان، ئۆيىنىڭ يېرىمىغا سۇپا ياسالغان، ئوتتۇرىدىكى مەشتە گۈرۈلدەپ ئوت كۆيۈپ تۇرغان كىچىكرەك ئۆيدە 20دىن ئوشۇق ئادەم قىستىلىشىپ ئولتۇرىمىز. بۇ ۋاقىت گەرچە 7 ـ ئاي مەزگىلى بولسىمۇ، قاتمۇقات تاغلار بىلەن قورشالغان ئاقتاش يايلىقىنىڭ كەچلىك ھاۋاسى ناھايىتى سوغۇق بولىدىكەن. شۇڭا ئۆي ئىگىسى بىزنى توڭلاپ قالمىسۇن دەپ، مەشكە ئوت ياققان بولۇپ، ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە يەنە يېقىن ئەتراپتىكى ساياھەت نۇقتىلىرىغا دەم ئېلىشقا چىققانلار، قوشنا ئاۋۇللاردىن مۇزىكا ئاۋازىنى ئاڭلاپ كەلگەن ياش دېھقان يىگىتلەرمۇ بار ئىدى. سۇپىدا ئولتۇرۇپ پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن قومۇل غىجەكنى چېلىۋاتقان 21 ياشلىق ئەمەتجان ئۇنىڭغا ماسلىشىپ داپ چېلىپ بېرىۋاتقان 16 ياشلىق ئىنىسى ھوشۇرجاننىڭ قويۇۋالغان ئۇزۇن چاچلىرى، كىيىۋالغان بوغماق چاپىنى ئۆزلىرى ئېيتىۋاتقان قومۇل مۇقاملىرىغا، قولىدىكى ئەنئەنىۋى چالغۇ قومۇل غىجىكىگە، مۇشۇ يەردىكى قويۇق مىللىي مۇھىتقا قىلچە ماس كەلمىگەندەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ قولىدا زۇۋانغا كىرگەن غىجەك بىلەن داپ، شۇنچە لىرىك، سۇزۇك ئاۋاز، ناخشىنىڭ ئادەمنى بىھوش قىلغۇچى سېھرىي كۈچى ھەممەيلەننى تەگسىز مۇڭ، چەكسىز ھاياجان قوينىغا غەرق قىلدى.

تەكەببۇر ئەيلىدى شەيتان،
ئېگىلمەي روسىيا بولدى.
قومۇشنى كۆرمىدىڭلارمۇ،
باشقاردى بورىيا بولدى.

ئېتىم سۇنى ئىچمەيدۇ،
ئۆردەك بارمىكىن كۆلدە.
يار تالاغا چىقمايدۇ،
ئېرى بارمىكىن ئۆيدە.

سۇ بېشىدا بىر جۇگان،
مېيىقىدا كۈلىدۇ.
تونۇمايمەن ئۇ جۇگاننى،
مېنى ئالدامدۇ نېمىدۇ؟

چوڭ چىراغنى ياندۇرۇپ،
كىچىك چىراغنى ياندۇرۇپ.
مەن يارغا نېمە قىلغان،
قاراڭغۇدا يول ماڭدۇرۇپ.

نېرىقى ئۆيدە ياتامدۇ،
بېرىقى ئۆيدە ياتامدۇ.
ئاشىقى يوق باللار،
يۇلتۇز ساناپ ياتامدۇ.

بىر ـ بىرىگە ئۇلىنىپ ئېيتىلىۋاتقان ناخشىلار بىزنى بىردە تەپەككۇر قايىنىمىغا غەرق قىلسا، بىردە شېرىن مۇھەببەت تۇيغۇسىغا چۆمۈلدۈرمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ كىچىك تۇرۇپلا ئەجدادلارنىڭ ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، قومۇل خەلق ناخشىلىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن بۇ ياش سەنئەتكارلار ئىختىيارسىز بىزنىڭ قايىللىقىمىزنى قوزغىدى.

بۇ ئاكا ـ ئۇكا ئىككىيلەن ئاقتاش يېزىسىنىڭ داڭلىق كەنتىدىكى چارۋىچى قاھار ئىبراھىمنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمەتى بىر قانچە ئەۋلادقىچە ناخشا ـ مۇزىكا بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ 70 ـ 80 ئۆچكىسى بار بولۇپ، يازلىقى قارىغايلىق داڭسىڭدا، قىشلىقى توشۇدا تۇرىدىكەن. ئەمەتجاننىڭ كۈزلىرى ساياھەتچىلەرنى ئېتقا مىندۈرۈپ، ئايلاندۇرۇش مۇلازىمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، 1500 يۈەندىن كۆپرەك كىرىم قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاتىسى قاھار ئاكا ئاتا قىزىقىشىغا ۋارىسلىق قىلىپ، غىجەك چېلىشنى، ناخشا ئېيتىشنى كىچىكىدىن باشلاپ ئۆگەنگەن بولۇپ، شۇ ئەتراپتا خېلى نامى بار سەنئەتكار ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغۇللىرىمۇ ئۆزى باسقان يوللارنى بېسىپ، كىچىكىدىن باشلاپ تەبىئىيلا ناخشا ـ مۇزىكا شەيداسى بولۇپ چوڭ بوپتۇ. باللارنىڭ ئىككىنچىسى بولغان ئەمەتجان 2000 ـ يىلى ئاقتاش يېزىسىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئوقۇشتىن توختاپ قاپتۇ. ئۇ ئون نەچچە يېشىدىن باشلاپ ھەر خىل چالغۇلارنى چېلىشنى ئۆگەنگەن بولۇپ، ھازىر ئېلېكترونلۇق رويال، داپ، غىجەك چالالايدىكەن،

مۇشۇ ئەتراپتىكى ھەر قايسى ئاۋۇللاردا توي ـ تۆكۈن، مەشرەپ ئۇيۇشتۇرۇلسا، مەرىكە ئىگىلىرى ئەمەتجاننى تەكلىپ قىلىپ ئاپىرىپ، مۇزىكا چالدۇرىدىكەن. ئىنىلىرى ھوشۇرجان تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىدا، مۇھەممەدجان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ يىللىقىدا ئوقۇيدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا غىجەك، داپ، دۇتار قاتارلىق چالغۇلارنى چالالايدىكەن ۋە ناخشا ئېيتالايدىكەن.

قار يېغىپ ياز بولمايدۇ<br>
باغداشنىڭ تاغى.<br>
دەرد كەلگەندە پايلىمايدۇ<br>
يۈرەكنىڭ باغى.

كېلىڭلار يارىم ئوينايلى،<br>
دەريا بويى بويلايلى.<br>
بېلىقلارغا ئەرز ئېيتىپ،<br>
دەردىمىزنى ئېيتايلى.

غىجەك جۇشقۇن پەدىگە ئۆزگەردى، تاپانلىرى قىزىپ تۇرغان قومۇللۇق دوستلار تار ئۆينىڭ ئىچىدىنمۇ ئورۇن چىقىرىپ، بىر ـ بىرىگە سىپايىلىق بىلەن تەزىم قىلغاندىن كېيىن بېقىشىپ ئويناشقا باشلىدى، ئۇلارغا قاراپ بېقىپ بىزمۇ ئولتۇرالمىدۇق، كىچىك تاپىسدا قىستىلىشىپ، ئويناپ كەتتۇق.

## گۈزەل تاغ مەنزىرىسى

بىز تۇرپاندىن قومۇلغا مەن، ئەنۋەر ئابدۇگۈل، ئەخمەت مۇھەممەد، ئەكبەر نۇرۇللا، ئەركىنجان بەشەيلەن بارغان بولۇپ، قومۇللۇق سەمەتجان، ئىسكەندەر، مۇھەممەتجان، ئابلاجان، ئەلقەم قاتارلىق بەش يىگىت يېمەك ـ ئىچمەكلەرنى تەييارلاپ، بىزگە ھەمراھ بولۇپ ئاقتاش يايلىقىغا چىقتى. بىز ئاقتاشتا مۇھەممەد ياقۇپ ئىسىملىك چارۋىچىنىڭ ئائىلە ساياھەتچىلىك نۇقتىسىغا ئورۇنلاشتۇق. بۇ يەر يول بويىغا جايلاشقان، ئۆينىڭ كەينى ئېگىز قارىغايلىق تاغ، ئەتراپ ئوشۇقچە كېلىدىغان يېشىل چىملىق، غەرب تەرەپتە بىر ئېقىن سۇ ئېقىپ تۇرغان ئىنتايىن چىرايلىق جاي بولۇپ، بىز چىملىق ئۈستىگە ئەدىياللارنى سېلىشىپ، مەشرەپنى باشلىۋەتتۇق. چاقچاقلارنى، ئەدەبىيات، تارىخ ھەققىدىكى جۇشقۇن مۇلاھىزىلەرنى قىلىشىپ، دۇتار ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، دۇنيانىڭ بارلىق مەئىشىتى، لەززىتى، سۆيۈنۈشى مۇشۇ سورۇنغا جەملەنگەندەك گۈزەل تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۇق. بىرىلىرىمىز كاۋاپ پىشۇرۇپ، يېڭىلا نان سوۋۇۋېلىنغان تونۇرغا گۆش چاپلاپ، ئۆزىمىزنىڭ مېھنەت مېۋىسىدىن ھۇزۇرلانساق، بىرىلىرىمىز يۇمشاق چىم ئۈستىدە ھەجۋىي ئۇسۇللارنى ئويناپ، بۇ جىمجىت ماكانغا جۇشقۇن ھاياتىي كۈچ بېغىشلىدۇق.

ئارىلىقتىكى ئازراق دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، بىر قانچەيلەن ساياھەت نۇقتىسىنىڭ كەينىدىكى قارىغايلىق تاغقا ياماشتۇق. بىر دەم ئارام ئېلىپ، بىر دەم يامىشىپ، ھېرىپ پۇتلىرىمىز ئۈزۈلەي دېگەندە، تاغنىڭ چوققىسىغا يېتىپ چىقتۇق ۋە بۇ يەردىكى سۇپىغا ئوخشاپ كېتىدىغان چوڭ ياپىلاق تاشنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىزنى تاشلىدۇق. بۇ كۈنى ھاۋا ئىنتايىن سۈزۈك ۋە ئوچۇق بولۇپ، پارچە ـ پارچە ئاق بۇلۇتلار ئاسماندا ئاستا ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئىللىق قۇياش بىزگە كۈلۈمسىرىگىنىچە يۇمشاق نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن سېپەتتى.

ئازراق ھاردۇقۇمنى ئېلىۋېلىپ، ئورنۇمدىن تۇردۇم. پاھ، نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە! قويۇق قارىغاي ئورمانلىقى بىلەن قاپلانغان قاتمۇقات تاغلار، ياپېشىل دۆڭ، بەللەر، تاغنىڭ ئاستىدىلا يېيىلىپ ياتقان گولف توپ مەيدانىغا ئوخشاش كەڭرى چىملىق مەيدان، قارىغايلارنىڭ ئاستىدىكى چارۋىچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى، بۇلۇتتەك ئوتلاپ يۈرگەن مال پادىلىرى، دۇنيانىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى مۇشۇ يەرگە يىغىلغانمۇ نېمە؟ ساناقچوققا، قاراقچۇققا، خېنىمچوققا دەپ ئاتىلىدىغان مۇشۇ چوققىلاردىن باتۇر بوۋىمىز خوجىنىياز ھاجى چەۋەندازلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ، ئات چاپتۇرۇپ ئۆتكەن بولغىيمىتتى؟ قول سۇنسىلا تۇتقىلى بولىدىغاندەك بېشىمىزدىلا لەيلەپ يۈرگەن ئاق، كۆك رەڭ بۇلۇتلار شۇ قانلىق جەڭلەرگە شاھىت بولغان بولغىيمىتتى؟

تاغ چوققىسىدا كۆپكۆك ئاسمانغا يۈزلىنىپ تۇرۇپ، ساماۋى خىياللارغا، شېئىرىي تۇيغۇلارغا چۆمۈلدۇم، بىزنى مۇشۇنچە گۈزەل جەننەتتەك ماكانغا ئېلىپ چىققان قىزغىن، ساداقەتمەن قومۇللۇق دوستلىرىمغا ئالەمچە تەشەككۈر، بارلىق قومۇل خەلقىگە قىزغىن ئېھتىرام بىلدۈردۈم.

مۇھەررىرى: نۇرنىسا باقى

# تاشكەنتتە ئۆتكەن كۈنلەر

تەلئەت ناسىرى



1999-يىل 19-ئاپرېل تاشكەنت شەھىرىگە تىنچ-ئامان يېتىپ كەلدىم. بۇ مېنىڭ تاشكەنت كېلىشتىكى ھەدەم خالىدە سۇلتانوفلار ئائىلىسىگە ئۈچىنچى قېتىم تۇغقان يوقلاپ كېلىشىم ئىدى. كەلگىنىمنى ئاڭلىغان ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، يۇرتداشلار ھەممىدە ئالدىنقى ئىككى مەرتىۋە كەلگىنىمدە تونۇشقان يازغۇچى، ئەدىبلەرمۇ پەتە قىلىپ كېتىشتى. ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا ئارىپوف كەلگەن كۈنى قىزغىن پاراڭلاشتۇق. ئابدۇللا ئارىپوف 1991-يىلى ئۈرۈمچىگە كېلىپ كەتكەنىدى. ئۆزبېكىستان ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى ۋەكىللىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۆزبېكىستان دۆلەت گېمنى تېكىستىنىڭ ئاپتورى بولغان بۇ مەشھۇر شائىر ئۆزىنىڭ ئۈرۈمچىگە كەلگىنىدە ئۇچراشقان ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنى ھەمدە ئۇلار بىلەن ئۆتكۈزگەن شېرىن سۆھبەتلەرنى ئەسلەپ ئۆتتى.

كېلىپ-كېتىشلەر بېسىققاندىن كېيىن، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئائىلىسىنى يوقلىغاچ، تاشكەنت شەھىرىنى ئايلاندىم. شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئادەمنى جەلپ قىلارلىق دەرىجىدە زور ئىدى. يېڭىدىن سېلىنغان كۆركەم بىنالار، قايتىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇلغان كوچا-مەيدانلار، قەدىمكى ۋە ھازىرقى نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن مىللىي قەھرىمانلار ھەيكەللىرى، كوچا-دوقمۇشلاردىكى ئۆزبېكىستان ۋە چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ تۈرلۈك ئېلانلىرى، ئاۋات بازارلار، ماگىزىنلاردىكى رەڭدار ۋىۋىسكىلار، چىراغلار، داۋاملىق ئۇزارتىپ سېلىنىۋاتقان تاشكەنت مېتروسى (يەر ئاستى تۆمۈريولى)، چوڭ كوچىلاردا غۇيۇلداپ يۈرگەن چەت ئەللەرنىڭ ماشىنىلىرى، غەربلىكلەر مەدەنىيىتىگە ماسلىشىپ، ئۇلارچە كىيىنىپ يۈرگەن ياشلار... مانا بۇلار كۈنسېرى سىلجىۋاتقان ئۆزبېكىستان ئىسلاھاتى تەرەققىياتىنىڭ مەركىزىدىكى ئىخچام كۆرۈنۈشى ئىدى.

ئۆزبېكىستان ۋەزىيىتى قوشنىلىرىغا قارىغاندا بىر قەدەر مۇقىم ۋە تىنچ ئىدى. ئەتە كەچ كوچا-كويلاردا خاتىرجەم يۈرگىلى بولاتتى. سومكا ۋە يانلىرىڭىزغا خالىغانچە پۇل سېلىپ ئاپتوبۇس ياكى بازارلاردا، زىچ ئادەملەر ئارىسىدا يۈرسىڭىزمۇ، پۇلىڭىزغا كۆز قىرىنى تاشلايدىغانلار يوق دېيەرلىك ئىدى. كىشىلەر ھويلا-ئاراملىرىنى ئادەتتىكىدەك بېكىتىپ ئۇ يەر-بۇ يەرلەرگە خاتىرجەم بېرىپ كېلەلەيدىكەن. بۇ ھالنى دوستۇم ئەبىدىرەشىت ماڭا: «بۇرۇن ماشىنىمىزنى دۇكان ياكى ھويلىدىكى ئىشىك ئالدىغا توختىتىپ، ئۆيدە ئون مىنۇت

2005.2

خاتىرجەم ئولتۇرالمايتتۇق، ھازىر كۆنلەپ تاشلاپ قويساقمۇ، ئۆز ئورنىدا تۇرۇۋېرىدۇ» دەپ سۆيۈندى. ھەقىقەتەنمۇ ئۆزبېكىستان ھۆكۈمىتى مۇقىملىق ۋە خاتىرجەملىكنى ھەممىدىن ئەلا بىلگەچكە، كەڭ خەلقنىڭ ھەمايىسىگە ئېرىشىپ ئىسلاھاتتا كۆرۈنەرلىك ئۇتۇقلارغا ئېرىشىپتۇ.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، دۇنيا مىقياسىدا مەملىكىتىنى زامانىلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتقان دۆلەتلەردە بىر ئورتاقلىق بار، ئۇ بولسىمۇ، ئىلگىرىلەش جەريانىدىكى ئەگرى ـ توقايلىق. ئۆزبېكىستانمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بولۇپمۇ بەزى تۈزۈم قۇرۇلمىسىدىكى قاتماللىقلار، ئىقتىسادىي يۈكسىلىشنىڭ نورمالسىزلىقى، كۈنسېرى ئۆرلەۋاتقان مال باھاسى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان پۇل پاخاللىقى، دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ تۆۋەن مائاشى... ھەر بىر ئائىلە، ھەر بىر شەخسنىڭ روھىي دۇنياسىغىچە تاقىلىپ، بەزى ئىرادىسى ئاجىزلارنىڭ جەمئىيەتكە، تۈزۈمگە بولغان رايىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتكەن. ئەمما، كۆپچىلىك خەلق يەنىلا ئىشەنچ ۋە ئۈمىدكە تولغان، قەتئىي ئىرادىدە ئىسلاھاتنىڭ بارغانچە كەڭ دائىرىدە قانات يېيىشىغا ماسلىشىپ، يېڭى، زامانىۋى، تەرەققىي تاپقان، گۈللەنگەن، باي مەملىكەتنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىۋېتىپتۇ.

مېنى تەئەججۈپلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ئۇلاردىكى تۈزۈم، ئىدېئولوگىيە ـ سىياسىي قارىشى بىز بىلەن تۈپتىن پەرقلەنسىمۇ، ئۆتكۈنچى دەۋردىكى تەدبىر، ئامال ـ چارىلەر بىزنىڭ ئۇسۇللىرىمىزغا بەكمۇ ئوخشاپ كېتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئاۋام خەلقىدىن تارتىپ كەڭ زىيالىي، ئەدىب ـ ئەربابلىرىغىچە بىزگە، بولۇپمۇ ئىلگىرىلەشتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىمىزگە بالىدەك قىزىقىسىدىكەن. مەن بىلەن ئۇچراشقان ھەم سۆھبەتتە بولغان زىيالىيلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەملىكىتىمىزنى بىر كۆرۈش ئارزۇسىنىڭ بارلىقىنى، تېلېۋىزوردا بىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بولۇپمۇ دېڭىز ياقىلىرىدىكى تەرەققىيات رايونى، ئېچىۋېتىلگەن شەھەر، ناھىيىلىرىمىزنى كۆرۈپ ئەقلى ھەيران قېلىشقانلىقىنى، بىزگە ئاپىرىن ئوقۇيدىغانلىقىنى ئېيتىشتى.

### قەدىناسلار ھۇزۇرىدا

1999 ـ يىلى 11 ـ ماي تەكلىپ بىلەن تاشكەنتتىكى ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار كېڭىشىگە باردىم. بۇ كۈن ئۆزبېك شائىرى، ئۆز زامانىسىدىكى نۇرغۇن ئۆزبېك ناخشا تېكىستلىرىنىڭ ئاپتورى ئەكمەل پولاتوف تۇغۇلغانلىقىنىڭ 90 يىللىق خاتىرە كۈنى ئىكەن. ئۆزبېكىستاننىڭ داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى دېگۈدەك بۇ سورۇنغا يىغىلغانىدى. شائىر بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىللار ئىلگىرى ۋاپات قىلغاچ، ئايالى باشلىق ئائىلە ئەزالىرىمۇ كەلگەنىدى. مەن 1989 ـ يىلىدىن تونۇش يازغۇچىلاردىن ئادىل ياقۇبى، سەيت ئەھمەد، مىرھۇخسىن... قاتارلىقلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتۈم.

خاتىرىلەش يىغىنى ئۈچ سائەتكە يېقىن داۋام قىلدى. كېيىن يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى باغدا ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەتكە داخىل بولدۇم. سورۇندا ئادىل ياقۇبى ۋە سەيت ئەھمەد ئاكىلار بىلەن بىللە ئولتۇردۇم. ئادىل ياقۇبى سۆزلەپ كېلىپ، يازغۇچى تۇردى سامساق ئاكىنىڭ ۋاپاتىدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقانلىقىنى، قايغۇرغانلىقىنى ئېيتتى. مەن ئۇيغۇر يازغۇچىسى مەرھۇم تۇردى سامساق ئاكىنىڭ ئادىل ياقۇبى بىلەن 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ خەت ئارقىلىق تونۇشقانلىقىنى، 1989 ـ يىلى تۇردى سامساق ئاكا، ئادىل ياقۇبنىڭ «ئاتامان» ناملىق داڭلىق ھېكايىسىنى ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغانلىقىنى بىلەتتىم.

يازغۇچى سەيت ئەھمەد ئاكا مەن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، شىنجاڭ ئوپېرا ئۆمىكى ئويناپ چىققان، كېيىن «شىنجاڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «كېلىنلەر قوزغىلىڭى» كومېدىيىسى ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ، 1989 ـ يىلى ئۆزبېكىستان دوستلۇق دېلېگاتسىيىسى بىلەن بىرگە كېلىپ، ئۈرۈمچى، قەشقەرلەردە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ھاياجاندا ئەسلەپ ئۆتتى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى زەن قويۇپ ئاڭلاپ، سورىغان سوئاللىرىغا لايىقىدا جاۋاب بېرىپ ئولتۇردۇم.

ئۆزبېكىستان ئىسلاھاتىدىكى بەزى قىيىنچىلىقلار ھەممە ساھەگە گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. يازغۇچى، شائىر،

ئەدەبىياتشۇناس ئەدىبلەرنىڭ خەلق ئارىسىدا ئاۋۋالقىدەك ئىززەت - ئابرۇيى بولسىمۇ، كۆز ئالدىدىكى رېئال ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، نائىلاج ئېتىبارسىزلىقلار ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدەك ئەركىن پائالىيەت، ئازادە ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشىغا ئىمكان بەرمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار تىرىشىپ - تىرمىشىپ توسالغۇلارنى يېمىرىپ يول ئېچىشقا ئىزدىنىۋېتىپتۇ.

مەن ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار كېڭىشىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا ئارىپوف بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، يەكەندىكى فۇرقەت مەقبەرىسىنى ئۇلارنىڭ زىيارەت - تاۋاپ قىلىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئېيتتىم: «ھۆكۈمىتىمىز ئۆزبېك جەمئىيىتىمىزنىڭ تەكلىپىنى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىپ بۇنىڭدىن ئون يىل مۇقەددەم قوقەندلىك ئۆزبېك كلاسسىك شائىرى زاكىرجان خالمۇھەممەد ئوغلى فۇرقەتنىڭ مەقبەرىسىنى قايتا ھەشەمەتلىك قىلىپ تىكلەپ بەردى. ھازىر فۇرقەتنى بىلىدىغان مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەردىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزغا كەلگەنلىرى ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى تاۋاپ قىلىپ قايتماقتا. ئەسلىدە سىزلەر ھەممىدىن ئاۋۋال بېرىشىڭىزلەر لازىم ئىدى. بىز بولساق شۇ كۈنگىچە كۈتۈۋاتىمىز.» ئابدۇللا ئارىپوف جەۋا بىلەن بارالماسلىقىدىكى ئاساسلىق سەۋەب ئىقتىسادتا ئىكەنلىكىنى، يۇقىرىنىڭ يازغۇچىلار كېڭىشىنى بۇرۇنقىدەك خىراجەت بىلەن تەمىنلەشكە ئامال قىلالامايۋاتقانلىقىنى ئوچۇق - يورۇق ئېيتتى. مەن ئۇلارنى چۈشەنگەچكە، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدىم. ئەھۋال راستىنىلا قىيىن ئىدى. ئەدەبىيات - سەنئەت، نەشرىيات، كىتابخانىلارغىچە بۇرۇنقى ئاۋاتلىقلار سۇسلىشىپ، چۆللىشىپ قالغاندەك ئىدى.

ئۆزبېكىستاندا يېڭىدىن چىقىۋاتقان نوپۇزلۇق ژۇرنال «جاھان ئەدەبىياتى»نىڭ باش مۇھەررىر مۇئاۋىنى مىرپولات مىرزا بىلەن ئىشخانىسىدا پاراڭلاشقىنىمدا «تەلئەت ئاكا، ژۇرنىلىمىزنى ئىككى يىل ئالدىدا پىرېزىدېنتىمىز ئۆز قولى بىلەن تەستىقلاپ، نەشر قىلدۇرغانىدى. ھازىر، بەزىدە تىراژنىڭ ئازىيىپ كېتىشى، خىراجەتنىڭ ۋاقتىدا كەلمەسلىكىدىن جىددىيلىشىپ كېتىمىز»، دەپ ئۆز ھالىنى چۈشەندۈردى.

7 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئۆزبېكىستاننىڭ خەلقئاراغا مەشھۇر شائىرى ئېركىن ۋاھىدى بىلەن پارلامېنت بىناسى ئالدىدا كۆرۈشتۇم. بۇ يەرگە مېنى مىرپولات مىرزا باشلاپ كەلدى. قەددى - قامىتى كېلىشكەن، خۇش پېئىل، كەمتەر، مۇلايىم، ياش قۇرامىدىن ياشلىق بالقىپ تۇرغان جەزبىدار بۇ كىشى ماڭا كۈتكىنىمدىنمۇ زور ئىللىقلىق ئاتا قىلدى. ئەركىن ۋاھىدى ماڭا، ئۆزىنىڭ چەت ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۆزبېكلەرنى ئوبدان چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى، چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. مەن مەملىكىتىمىزدە ئۆزبېكلەر نوپۇسى ئىنتايىن ئاز بولسىمۇ، قېرىنداش مىللەتلەر قاتارىدا باراۋەر تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇلار ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىم، پروفېسسور، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ھەممە ساھەدە ئورنى ۋە ئىناۋىتىنىڭ بارلىقىنى، بىزنىڭ ئۆزبېك جەمئىيىتى مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. شائىر مۇلايىم كۈلۈپ، بىزدىكى ئۆزبېكلەر ھاياتىغا ئالايىتەن قىزىقىدىغانلىقىنى، مەملىكىتىمىز بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى تارىختىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان دوستلۇقنىڭ بۈگۈنكىدىن كېيىن تېخىمۇ گۈللەپ - ياشنىشىغا تىلەكداشلىقىنى بىلدۈردى.

ئېركىن ۋاھىدى بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشكەندىن كېيىن، تاشكەنت «ئابدۇللا قادىرى نامىدىكى خەلق مىراسى نەشرىياتى» 1999 - يىلى نەشر قىلغان «مەنىۋىيەت يۇلتۇزلىرى» ناملىق ئەدەبىي كىتابى تىنتولىغا خاتىرە يېزىپ ماڭا تەقدىم قىلدى.

## خاسىيەتلىك قەدەملەر



ئاپتور ئۆزبېكىستان رادىئو - تېلېۋىزىيە خادىملىرى بىلەن بىرگە



قوقان خۇدايارخان ئوردىسى جۇڭگونىڭ قىممەتلىك بۇيۇم ـ جاھازلىرى ساقلانغان خانە، كوممۇناخان (ئوڭدىن 1 ـ كىشى) ۋە ئاپتور

قىزىم ئايتەكىن سۇلتانوۋا 1996 ـ يىلى تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ «خەلقئارا ئىقتىساد فاكۇلتېتى»نى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تاشكەنتتە تۇرۇشلۇق «شياڭگاڭ باۋيۇ» شۆبە شىركىتىدە تەرجىمان ۋە ماگىزىن دىرېكتورى بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتاتتى. ئۆزبېكىستانغا مېڭىش ئالدىدا تېلېفون بەرگىنىمدە: تۇغقانلارغا ئالىدىغان سوۋغا ـ سالامنى تاشكەنتنىڭ ئۆزىدىن ئالىمىز، يولدا ئاۋارىچىلىق تارتىپ قالىسىز، ھېچ نەرسە ئالماڭ! دەپ ئېيتقاندى، شۇنداقتىمۇ، كۆڭلۈم ئۇنىماي يېتەرلىك سوۋغىلار ئېلىۋالدىم.

تاشكەنتكە بارغىنىمدىن كېيىن، ئەھۋال ھەقىقەتەنمۇ قىزىم ئېيتقاندەك بولۇپ چىقتى. قىزىق يېرى شۇكى، يولبويى مىڭ بىر جاپالاردا ئېلىپ بارغان ماللارنىڭ ئۇ يەردىكى باھاسى بىزدىن كۆپ ئەرزان ئىكەن. ئۈرۈمچى توپ ماللار بازىرىدىن شاڭخەيدە ئىشلەنگەن كارىۋات ياپقۇچنى 120 سومدىن بىر نەچچە تال ئالغانىدىم. خۇددى شۇنداقلىرىنىڭ ئۇ يەردىكى باھاسى بىزنىڭ پۇلغا 90 سوم ئەتراپىدا ئىكەن. باشقا كىيىم ـ كېچەكلەرمۇ ئوخشاشلا تۆۋەن باھادا.

تاشكەنتتە چارسۇ، ئالايىسكى، ئىپادروم، تېزىكوف... قاتارلىق دەرىجىدىن تاشقىرى بازارلار بولۇپ، ھەممىسىدە دېگۈدەك چەت ئەل ماللىرى سېتىلىدىكەن. ئىپادرومدا جۇڭگولۇق سودىگەرلەر قۇرغان كاتتا رەخت توپ سېتىش بازىرى بار ئىكەن. بىر كۈنى بۇ بازارنى ئارىلاپ كۆردۈم. شىپىلىڭ دۇخاۋا، ۋېلور (سۇنئىي دۇخاۋا)نىڭ ئۈرۈمچى بازارلىرىدا كۆرۈپ باقمىغان، ئاجايىپ رەڭدار ۋە گۈلدارلىرىنى ئۇچراتتىم. باشقا تۈرلۈك رەختلەرمۇ ئېشىپ ـ تېشىپ يېتىپتۇ، تەننەرخىمۇ ئەرزان. بۇ ماللارنى ئۆزبېكىستاننىڭ ئەنجان، سەمەرقەند، پەرغانە، قوقان، نەمەنگەن، بۇخارا... قاتارلىق شەھەر، ۋىلايەتلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر توپلاپ ئېلىپ كېتىدىكەن.

رەخت بازىرىدىكى جۇڭگولۇق سودىگەرلەرنىڭ كۆپچىلىكى شۇ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئەمىر ـ پەرمانلىرىغا، سودا ـ سېتىقتىكى قانۇن ـ تۈزۈملىرىگە ئاڭلىق رىئايە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىناۋىتىگە شەك كەلتۈرىدىغان بولمىغۇر ئىشلارنى مۇتلەق قىلمايدىكەن. ئۇلار بار كۈچى ۋە ئىقتىدارى بىلەن ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىگە بىر تەرەپلىمە يامان تەسىر پەيدا قىلغان، جۇڭگونىڭ «بىراك ماللىرى» مەسىلىسىنى تۈگىتىشكە تىرىشىۋېتىپتۇ.

بازارنى ئارىلىغاچ ئۈرۈمچى، قەشقەر، ئاتۇش، يەكەن، خوتەنلەردىن بارغان دۇكاندار ئۇيغۇر يىگىتلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋاللاشتىم. دۇكانغا لىق تولغان سەرخىل ماللىرى ئالدىدا مەغرۇر ئولتۇرغان ئۇيغۇر يىگىتلىرى بىلەن سۆزلەشكىنىمدە، ئۇلار بۇ ماللارنى ئىنتايىن قىيىن بولغان شارائىتتا، مىڭ بىر مۇشەققەتتە تاموژنىلاردىن ئۆتۈپ، چېگرا ئاتلاپ ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشىمۇ جاپالىق ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ:

«ئاكا بۇلار بىزنىڭ ماللارنى «ئۇنداق ـ بۇنداق» دېگىنى بىلەن ھازىر بىر ئۆرۈلۈپلا، يەنىلا جۇڭگو ماللىرى ئەرزان ھەم ياخشىكەن، دەپ ماختىغىلى تۇردى. تىرىشىمىزنى تېشەلىسەك، خۇدا بۇيرۇسا كەلگۈسىدە بازار ئۆزىمىزنىڭ بولىدۇ، دەڭا» دېيىشتى.

«يارايسىلەر! تىرىشچانلار! سىلەرگە ئامەت تىلەيمەن!» دېدىم.

ھازىر بىزنىڭ چەت ئەللەردىكى بىر قىسىم سودىگەرلىرىمىز ياقا ـ يۇرتلاردىكى مۇساپىرلىق، ئۆزگىچە مۇئامىلە، يەكلىنىش تۇيغۇسى، نوقۇل پۇل تېپىش غەرىزىدىن ھالقىپ، ۋەتەننىڭ غۇرۇرى، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداشقا ئىنتىلگەن مۇقەددەس روھنى ئۆزلىرىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدىغان تەبىئىي ھالدا جۇش ئۇرغۇزۇۋېتىپتۇ.

مەن بۇخارادىكى ئەمىر ئالىمخاننىڭ ئانىسى ئۈچۈن

سالدۇرغان چار باغدىكى ئاقساراي ھەمدە قوقاندىكى خۇدايارخان ئوردىسى قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلغىنىمدا، ئۇ يەرلەردە ساقلىنىۋاتقان جۇڭگونىڭ ئادەم بويى كېلىدىغان گۈلدار لوڭقىلىرى، نەقىشلەنگەن ۋازىلار، گۈللۈك چىنە ـ تاۋاقلار، ھەرخىل رەڭدار چىنە ـ قاچا، چەينەكلەرنىڭ بىباھا ئاسار ـ ئەتىقىلىق قىممىتى بىلەن كۆز چاقنىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. ئۆز زامانىسىدا يىپەك يولى كارۋانلىرى ئارقىلىق توشۇلغان بۇ ماللار، ئوتتۇرا ئاسىيا بىلەن مەملىكىتىمىز ئوتتۇرىسىدىكى سودا ـ سېتىق، ئۆزئارا بېرىپ ـ كېلىش ئىشلىرىنىڭ گۈللەنگەنلىكى، راۋاج تاپقانلىقىنىڭ مەھسۇلى ۋە شاھىدى ئىدى. ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ ئەنە شۇ ئەنئەنىسىنى بۈگۈنكى ئەۋلادلار خۇددى يىپەك يىپىدەك پۇختا رىشتىسى بىلەن خاسىيەتلىك قەدەملىرىدە ئۇزارتىپ ۋە كېڭەيتىپ بارماقتا.

### ئۇنتۇلغان ئادەتلەر

ئۆزبېكىستان يېزا ئىگىلىكىدە پاختا ئاساسلىق مەھسۇلات. قالغان ئاشلىق، كۆكتات، مېۋە ـ چېۋىلىرى قوشۇمچە تېرىلىپ، يەتمىگىنى چەتتىن كىرگۈزۈلۈپ كەلگەن.

تارىختىن مېۋە ـ چېۋە كانى ئاتالغان بۇ دىيار، ئۆز زامانىسىدا ھەسسىلەپ ئارتىلغان پاختا نورمىسىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، ئاشلىق ئېتىزلىرى ھەتتا باغ ـ ۋاراڭلارنى تۈزلەپ پاختا ئېكىنزارلىقىغا ئايلاندۇرغاندى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئەكسىگە ئاستا ـ ئاستا قايتىۋېتىپتۇ.

ئىمجانلىرى تېرىلىپ، تىرىلگەنلىرى زورىيىۋاتقان بولسىمۇ، يوقالغانلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش يېقىن ئارىدا يار بەرمىسە كېرەك، چۈنكى ئادەملىرىمۇ كۆنۈك ئادەتكە قانائەتلىنىپ يۈرۈۋېرىدىكەن.

بۈگۈنكى ئۆزبېكىستانىنىڭ مەن كۆرگەن يېزا ـ بازارلىرىدا يېمەكلىكلەر ئېشىپ ـ تېشىپ تۇرۇپتۇ. ئاشلىق، گۆش ـ ياغ، تۇخۇم، كۆكتاتتىن تارتىپ، تاتلىق ـ تۈرۈم، مېۋە ـ چېۋىلەرگىچە ئىمىنى خالىسىڭىز شۇ تېپىلىدۇ. بىراق، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن نورمالسىزلىق، ئۈزلۈكسىز ئۆرلەۋاتقان مال باھا نەرخى، بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىۋاتقان پۇل پاخاللىقى كۆپچىلىكنىڭ، بولۇپمۇ دۆلەت ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرىنىڭ بۇ بازارلاردىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرغىدەك نەرسە ـ كېرەكلەرنى داۋاملىق ئېلىشىغا ئىمكان بەرمەيدىكەن. ئادەتتە ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇتقۇچىلىرى ياكى شۇ دەرىجىلىك خىزمەتچىلەرنىڭ ئايلىق ئىش ھەققى (ئۆزبېكىستان سوممىسىغا) 8 ـ 10 مىڭ ئەتراپىدا. بۇنى خەلقئارا پۇلغا سۇندۇرغاندا 20 دوللار ئەتراپىدا. پېنسىيىدىكىلەرنىڭ بولسا، ئاران 3000 دىن 5000 غىچە. خىزمەتچىلەر مائاشىنى ۋاقتىدا ئالغىنىغا قانائەتلىنىپ، تەشكىلگە ئارتۇقچە تەلەپمۇ قويمايدىكەن.

ئەمدى يېمەكلىكلەرنىڭ باھاسىغا كەلسەك، ئۈنىنىڭ 5 ـ ئايدىكى باھاسى بىر كىلوسى 70 سوم، گۆرۈچنىڭ 180 سوم، چىگىت مېيىنىڭ 250 سوم، قوي گۆشىنىڭ 600 سوم ئىدى. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ يەنى 7 ـ ئاي ئىچىدە ئۈنىنىڭ كىلوسى 120 سوم، گۆرۈچنىڭ 300 سوم ئۆرلىدى، بۇنىڭغا ھەيران قالدىم.

تاشكەنت بىلەن باشقا ۋىلايەت، شەھەرلەردىكى مال باھا پەرقى، بولۇپمۇ مېۋە ـ چېۋىلەرنىڭ ئالاھىدە ئىكەن. تاشكەنت يېزا ـ بازارلىرىدىكى ئۆرۈكنىڭ كىلوسى 150 سوم، گىلاسنىڭ 250 سوم، مالىنانىڭ 400 سوم ئىدى. مەرغىلان، قوقان، پەرغانە بازارلىرىدا بولسا، ئوخشاش مەزگىلدىكى ئۆرۈكنىڭ كىلوسى 50 سوم، گىلاسنىڭ 70 سوم، مالىنانىڭ 100 سوم ئىكەن. ئۆزبېكىستانىنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك ئاسفالت يوللىرىدىكى قاتناش بەكمۇ قولايلىق



ئۆزبېكىستانىنىڭ ئىلىمىزدىكى باش ئەلچىسى يوسۇپوپ ناسىرجان (ئوڭدىن 1 ـ كىشى) ئاپتور تەلئەت ناسىرى بىلەن بىرگە

2005.2



ئېلىمىزنىڭ ئۆزبېكىستاندىكى سودا ۋەكىلى جۇ جىنرۇڭ ئەپەندى (ئوڭدىن 1 ـ كىشى) ئاپتور بىلەن بىرگە

بولۇپ، يۈك ئاپتوموبىللىرىدا قوقاندىن تاشكەنتكە تۆت سائەتتە كەلگىلى بولىدىكەن. باھادىكى چوڭ پەرق، قاتناش قولايلىقلىرى پايدىغا قۇچاق ئېچىپ تۇرسىمۇ، ئېلىپساتارلار ئېرەنسىز قاراپ، يىراققا بارمايدىكەن. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ چوڭ سودىغا يۈرەكسىز ئىكەنلىكىنى، بىزنىڭ ئوقەتچىلەردەك توپ ئېلىپ، توپ سېتىشقا ئادەتلىنىپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئۆزبېكلەر قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاش ناننى قەدىرلەيدۇ، ئۇلۇغلايدۇ. ئۆزبېك نېنى ھەقىقەتەنمۇ تەرىپلەشكە ئەرزىگۇدەك يېيىشلىك ھەم مەززىلىك. پەتىر، شىرمەن، توقاچ، قاتلىما، ئاق نان، چاۋان، دامان نان، جىگىردەك نان، جىرىس نان... دېگەندەك تۈرلىرىمۇ ھەر خىل.

ھېلىمۇ ئېسىمدە، بالا چېغىمدا غۇلجا شەھىرى ئۆزبېك مەھەللىسىدىكى بوۋام كامىلجانلار ئائىلىسىگە تاشكەنتتىن يېقىن دوستى مېھمان بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇ كىشى سەپەرگە ئېلىۋالغان شىرمەن نانىنىڭ قالغان بىر نەچچىسىنى داستىخان ئۈستىگە قويۇپ ئوشۇتتى ـ دە، ماڭا بىر پارچىسىنى بەردى. نان قېتىپ قالغىنىغا قارىماي مەززىلىك ۋە يېيىشلىك ئىدى. ئەسلىسەم ھازىرغىچە شۇ تەم ئېغىزىمدىن كەتمەيدۇ.

تاشكەنتكە دەسلەپ بارغىنىمدا كۆرۈشكە قىزىقىدىغان يېمەكلىكلىرىم قاتارىدا، شىرمەن ناننى يېيىش ئىستىكىمۇ بار ئىدى. ئاغىنىلىرىمغا بۇ ھەقتە ئېيتقىنىمدا:

«تاشكەنتتە شىرمەن نان تېپىلمايدۇ، سەمەرقەنتتە بولۇشى مۇمكىن، ئۇ يەرنىڭ نانلىرى بەك ئېسىل بولىدۇ» دېيىشتى. سەمەرقەندكە بارغىنىمىزدا شىرمەن نان يوق بولۇپ چىقتى. بازاردىكى «ئېسىل» نانلارنىڭ ھەممىسى تاشكەنت نانلىرىدەك بولكا خېمىرتۇرۇچىدا ئېتىلىدىكەن. غۇلجا، قەشقەرلەردىكى ياشىغان ئۆزبېكلەرنىڭ ئېيتىشىچە شىرمەن ناننى ياساش مۇرەككەپ جەريان ئىكەن. پەقەت خېمىرتۇرۇچنى تەييارلاش ئۈچۈنلا بىر سوتكا ۋاقىت كېتىدىكەن. بىراق تاشكەنتتە، يەرلىك خېمىرتۇرۇچتا ياسىلىدىغان ئادەتتىكى نانلارمۇ يوقالغان، ئۇنىڭ ئورنىنى بىر كېچە قونسا ئەتىسى تارمۇچتەك قاتىدىغان بىتەمسىز، كۆپتۈرمە نانلار ئىگىلىگەن. يەرلىك نانلارنىڭ قاچان، قانداق يوقالغانلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. كېيىنكى ئەۋلادلار بولسا، كۆز ئېچىپ ئېغىز تەگكەن نېنىغا زورىبېرىپ «ئۆزبېك نېنى دېگەن شۇنداق بولىدىكەن» دەپ يۈرۈۋەرگەن.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئەسكەرتىپ قويماقچىمەن، ھازىر بىزنىڭ ئۈرۈمچى قاتارلىق شەھەرلىرىمىزدىكى ناۋايخانىلىرىمىزدىكى ناۋايلىرىمىزدىمۇ بۇ ھال بىخ ئۇرماقتا. ئۇلار بولكا ئېچىتقۇسىنىڭ تېز، ئاسان كۆپتۈرۈشى، قىزدىرىپ «چىرايلىق» كۆرۈنۈشكە قىزىقىسىنىپ، ئاسان يول بىلەن كۆپ پايدىغا ئېرىشىشتەك ۋاقىتلىق نەپنى كۆزلەپ، نانلىرىمىزنىڭ سۈپىتىنى بۇزماقتا.

شۇڭا، ناۋايلىرىمىزنىڭ خەقتىن ئىبرەت ئېلىپ، خېرىدارلارنى بىزار قىلىدىغان، ھەتتا ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ قارغىشىغا قالىدىغان، ئاخىرقى ھېسابتا زىياننىڭ چوڭىنى ئۆزلىرى تارتىدىغان، بۇنداق قىلمىشلارغا خاتىمە بېرىشىنى ئۈتۈنىمەن.

### تىرىشچان خەلق

بىزدىن 50 ـ ۋە 60 ـ يىللىرى قانۇنىي رەسمىيەت ئۆتەپ، ئۆزبېكىستانغا بېرىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ كۆپچىلىكى، خاتىرجەم، باياشات، پاراغەتلىك تۇرمۇشتا ياشاۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قورۇ ـ جايلىق، بىردىن پىكاپى، ئايرىملىرىنىڭ مەنزىرىلىك جايلاردا داچىلىرىمۇ بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ قايسى بىرى بىلەن پاراڭلاشمالى، ئەھۋالىنى سورىسىڭىز، يېڭى كەلگەن پەيتلىرىدە ئىنتايىن جاپا ـ مۇشەققەتلىك كۈنلەرنى باشتىن كە-

چۈرۈپ، تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، هالال ئەمگىكى بىلەن بۇ كۈنگە ئېرىشكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ.

ھەقىقەتەنمۇ ئۇلار بىزنىڭ ئەمگەك سۆيەر ئېسىل خىسلىتىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ھەرقايسى سەپلەردە كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن. ئۇلار ئالدى بىلەن مۇھىتقا ماسلىشىۋېلىپ، ئاندىن يەرلىك خەلقتە بولمىغان ئۆزلىرىدىكى ئارتۇقچىلىقلاردىن پايدىلانغان. تاشكەنتتىكى مېنىڭ ھامماملار (دادامنىڭ ھەدىسى) دەسلەپ ئولتۇراقلاشقان مەھەللىدىكى قولۇم ـ قوشنىلىرى ئۆگزىگە تۇرخۇن چىقارماي، ئاشخانىدا ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە تاماق ئېتىشىدىكەن. ھامماملارنىڭ ئۆگزىگە تۇرخۇن چىقىرىپ، ئاشخانىدا تۈتۈنسىز تاماق ئېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پۈتۈن مەھەللىلىكلەر، ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئاددىي ئىشقا كۆڭۈلشىمىگەنلىكىدىن ئەپسۇسلىنىشىپتۇ. كېيىن ئۇلارنىڭ ياردىمىدە ئاشخانا ئۆگزىلىرىگە تۇرخۇن چىقىرىپتۇ.

ھازىر تاشكەنتتە لەغمەن، پېتىر مانتا، ساڭزا، گاڭفەن ۋە تۇنگانچە تۈرلۈك قورۇما سەيلەر ھەتتا ئاشلەمپۇڭلار توي ـ تۆكۈن ۋە چاي ـ مەشرەپلەردە مېھمانلار ئالدىغا قويۇلىدىغان ئېسىل تائاملارغا ئايلانغان.

مەن تاشكەنتتىكى ئايرىم رېستورانلاردا لەغمەننى رۇس، يەھۇدىي، ئەرمەن... لەرنىڭ نان بىلەن ھۇزۇرلىنىپ يەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆپ كۆردۇم. دېمەك، بۇ يىغلىقنى خەلقىمىزنىڭ ئۆزبېك تۇرمۇشنى، تائاملىرىنى بېيىتقان ئىنئامى دېسەك تازا باب كەلگىدەك.

ئۆز زامانىسىدا بىزدىن بارغان ياشلار ۋە زىيالىيلارنىڭ كۆپچىلىكى، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئوقۇش شارائىتلىرىنىڭ بەكمۇ قولايلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۆزلىرى قىزىقىدىغان ھەرقايسى ئىلىم ـ پەن تارماقلىرى ھەمدە ئالىي مەكتەپلەرگە ئىمتىھان بىلەن كىرىپ ئوقۇغان ۋە بىلىم ئاشۇرغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەكتەپنى ئەلا دەرىجىدە پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپلەر ۋە ئىلىم ـ پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ئىشلەپ، قېتىرقىنىپ ئىختىرا قىلىپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۆزبېكىستان ئالىملىرى قاتارىدا ئىمتىيازغا ئېرىشكەن. بۇلاردىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۆزبېكىستان ھازىرقى زامان فىزىكا ـ ماتېماتىكا پەنلىرىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى، خەلقئارا تونۇلغان مەشھۇر ئاكادېمىك ئالىم مۇھەممەد كەبىر باھادىرخانوف، ئۆزبېكىستاننىڭ پاختا سورتىنى يېتىشتۈرۈشتە داڭق قازانغان ئاگرانوم مۇزەپپەر ئەزىزوف، 60 ـ يىللىرى لېنىنگرادتىكى ژۇرنالىستلىق ئۇنىۋېرسىتېتىنى ئەلا پۈتتۈرۈپ، ئىجتىمائىي پەنلەر ساھەسى بويىچە دوكتور ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن، تەسەۋۋۇپ ھەمدە ناۋائىيشۇناسلىق ئىلمىنىڭ يېتۈك تەتقىقاتچىسى مالىك ئارىپوف، يۈرەك كېسەللىكلەر مۇتەخەسسىسى سۇلتان بوساقوف، ئاتوم ئېنېرگىيىسى ئىنژېنېرى لەزىز ئىسھاقوف، يازغۇچى ياقۇپ قىلىچبېكوف، مۇقامشۇناس ئابلىز ھاشىموف، كومپوزىتور شاھىدى شايى مەردانوۋا، ئەدەبىياتشۇناس ئامانبېك، ئەخەت شاكىروف، تاشگو (تاشگو ـ تاشكەنت دۆلەتلىك ئۇنىۋېرسىتېت شەرقىي تىللار فاكۇلتېتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىسى شەمسىقەمەر قاتارلىقلار ئۇرۇمچى، قەشقەر، غۇلجا... قاتارلىق جايلاردىن بارغان بولۇپ ئۇلارنى مەدەنىيەتكە ھېرىسمەن يەرلىك خەلقلەر ئارىسىدا بىلمەيدىغانلىرى يوق دېيەرلىك.

بۇ يەردە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈشكە ئەرزىيدىغان يەنە بىر كىشى بار. ئۇ بولسىمۇ، 1958 ـ يىلى ئۈرۈمچىدىن تاشكەنتكە ئائىلىسى بىلەن چىقىپ، ئولتۇراقلىشىپ قالغان مىجىت خوجايوف. ئۇزاقتىن بۇيان تاشگو شەرقىي تىللار فاكۇلتېتىنىڭ مۇدىرلىك خىزمىتىنى ئۆتەپ كېلىۋاتقان بۇ پىشقەدەم تىلشۇناسنىڭ ئاساسلىق تۇغقانلىرى ھازىرمۇ



ئۆزبېكىستاندىكى جۇڭگو شىنجاڭلىق مۇھاجىرلار



ئۆزبېكىستان يازغۇچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ئابدۇللا ئارىپوپ (سولدىن 1 ـ كىشى) ئاپتور بىلەن بىرگە

ئۇرۇمچىدە. ئۇنىڭ تاغىسى مىراتجان ئاكا ئۆزبېك جەمئىيىتىمىزنىڭ سابىق دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى بولغان. مەن 1989 ـ يىلى مجىت خوجايوف بىلەن تونۇشقاندىن تارتىپ، تاشكەنتكە بارغان ھەمدە ئۇ ئۇرۇمچىگە كەلگەن پەيتلىرى، بىر نەچچە قېتىم ئۇچرىشىپ پاراڭلاشقان بولسامۇ، ئۇنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدىكى پاراڭلارنى باشقىلار ئېغىزىدىن كۆپ ئاڭلىغانىدىم.

مجىت خوجايوف ئۇرۇمچىدىكى بالا ۋاقتىدا ئوقۇغان خەنزۇ تىلىنى، كېيىنكى پەيتلىرى داۋاملىق تىرىشىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ بارغان. نەتىجىدە خەنزۇ تىلى ۋە خېتىنى پۇختا بىلىپ قالماستىن، جۇڭگو تارىخىنىمۇ مۇكەممەل ئىگىلىگەن تىلشۇناس ئالىمغا ئايلانغان. 90 ـ يىللىنىڭ باشلىرىدا ئۆزبېكىستان پىرىزىدېنتى ئابدىغەنىيۇچ ئىسلام كەرىموف ئۆزبېكىستان دېلېگاتسىيىسىنى باشلاپ مەملىكىتىمىزگە كەلگىنىدە، جاۋابەن لى پېڭ ۋېيىۋەنجاڭ ۋە دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدلەر باشچىلىقىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۆزبېكىستانغا بارغىنىدا، مجىت خوجايوف ھەر ئىككى قېتىملىق دۆلەت رەھبەرلىرى سۆھبىتىگە تەرجىمانلىق قىلىپ، پىرېزىدېنت ئىسلام كەرىموفنىڭ ماختىشىغا ئېرىشكەن.

دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن، ھەمدە ئۇزاق يىل ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ فاكۇلتېت مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئىشلەپ كەلگەن بۇ كىشىنىڭ شەخسىي تۇرمۇشى بولسا، بەكمۇ ئاددىي ـ ساددا ئۆتكەن. ئۇنىڭ ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان قەۋەت بىنادىكى ئۈچ ئېغىزلىق ئادەتتىكىدەك ئۆيىدىن باشقا ھېچانداق قوشۇمچە مۈلكى بولمىغان. تاشكەنتتە كىشىلەر ئوغۇل ئۆيلەش ياكى قىز چىقارماقچى بولسا، ئالدى بىلەن ئوغۇل ـ قىزغا ھويلا ـ جاي، كۆيئوغۇلغا پىكاپ سوۋغا قىلىشنى ئويلىشىدۇ. مجىت خوجايوف چوڭ قىزىنى ياتلىق قىلغىنىدا مىڭ بىر مۇشەققەتتە قەۋەت بىنادىن كىچىك ئىككى ئېغىزلىق ئۆي تېپىپ ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ.

مەن 1999 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا تاشكەنتتە مجىت خوجايوف بىلەن كوچىدا توساتتىن ئۇچرىشىپ قالدىم، بىز يول چېتىدىكى مۇزقايماقخانىدا مۇز قايماق يېگەچ پاراڭلاشتۇق. مجىت خوجايوف ھازىر پېنسىيىگە چىققان بولۇپ، 5000 سوم (ئۆزبېكىستان سومى) ئەتراپىدا پېنسىيە پۇلى بىلەن كۈن كۆچۈرۈۋېتىپتۇ. چىرايىدىن ھېسداشلىقىمنى سەزگەن مجىت ئەپەندى «ھە... تەرجىمانلىق قىلىپ ئانچە ـ مۇنچە قوشۇمچە كىرىمگىمۇ ئېرىشىۋاتىمەن» دەپ قويدى. مەيلى ھەرقانداق تەرجىمە ياكى باشقا يېزىقچىلىقتا كىرىم قىلسۇن، بەرىبىر ئۇنىڭ نامراتلىق ئىسكەنجىسىگە مەھكۇملىقى بىر پاكىت ئىدى. ئەگەر ئۇ پىرېزىدېنتقا تەرجىمانلىق قىلىپ يۈرگەن پەيتلىرى، ئۇ كىشىنى بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆز بىلەن ئۆز ئەھۋالىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ قويغىنىدا، باشقىلارغا ئوخشاش ئۇمۇ ھېچ بولمىغاندا «ژىگولى» ماشىنىسى، ئۆزىنىڭ باغلىق ھويلا ـ ئاراملىرى، ئۆمۈرلۈك ئىقتىسادىي كاپالىتى بولغان ھالدا يۈرمەسمىدى. بىراق ئۇ بۇنى قىلمىغان، ئەكسىچە ئۆز مەنپەئەتىنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئۆزبېكىستاندىكى ھازىرقى ئۆتكۈنچى جاپالىق تۇرمۇشنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بىرىگە ئايلانغان. مجىت خوجايوفنىڭ شەخسلەر ئالدى بىلەن ئۆز مەنپەئەتىگە چوغ تارتىدىغان ئاشۇنداق بىر جەمئىيەتتە، ئار ـ نومۇسنى ئۇپراتماي، ئۆزىنى ساغلام تۇتۇپ كېلىشى ئادەمنى ھەقىقەتەنمۇ تەسىرلەندۈرىدۇ.

مەن قايسى بىر يىلى، رۇس پېداگوگ ئالىمنىڭ بالىلار تەربىيىسى ھەققىدە يازغان كىتابىنى ئوقۇغانىدىم.

ئېسىمدە مۇنداق بىر مەزمۇن قالغان: بالا ئالتە يېشىدىن 17 ياشقا كىرگىچە ئارىلىقتىكى كۆرگەن، بىلگەن، ئاڭلىغانلىرىنى مەڭگۈ ئەستىن چىقارماسمىش. شۇڭا ئاشۇ يېشىدا ئاتا-ئانا، مەكتەپ، جەمئىيەت بالىلارغا بولغان تەربىيىنى ئەستايىدىل تۇتۇشى لازىمكەن. ئەگەر راستىنلا شۇنداق بولسا، مىجىت خوجايوفنىڭ ئالىيجاناب خىسلىتىنىڭ يىلتىزىنى ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ئۆتكەن ئۈرۈمچىدىكى كۈنلىرىدىن ئىزلىسەك باشقىلار ئەجەبلەنمەس.

ھازىر ئۇ يەرگە بىزدىن بارغانلارنىڭ كۆپچىلىكى، بولۇپمۇ ياشانغانلار، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرت-ماكانىنى بىر كۆرۈپ، ئاندىن خاتىرجەم كۆز يۇمۇش ئىستىكىدە ياشايدىكەن. مەن يوقلاپ بارغان بەزى ئائىلىلەردە ئۆگزىلىرىگە سۇنئىي ھەمراھتىن بىۋاستە تارتىدىغان قوبۇللىغۇچىلارنى ئورنىتىپ قويۇپتۇ. ئۇلار ماڭا: «ھازىر ئۈرۈمچىنىڭ تېلېۋىزور خەۋەرلىرى ۋە كونسېرتلىرىنى كۈندە دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىمىز، سىلەردە ئاجايىپ ئۆزگىرىشلەر بولۇۋېتىپتۇ، ئادەم قايىل بولماي تۇرالمايدۇ. بەزىدە سۆيۈنۈپ، پەخىرلىنىپمۇ كېتىمىز.» دېيىشتى.

چىن سۆزنى ئېيتقاندا يۇرتىنىڭ قات-قېتىغا سىڭىپ كەتكەن ئۇلاردىكى ئانا يۇرت مۇھەببىتى، ھەرقانداق ئىمتىياز، ھەشەمەتلىك تۇرمۇشلار مەلھەم بولالماسلىق دەرىجىدە ھىجرانغا ئايلانغان. ئۇلار ئەنە شۇ مۇھەببەت تۇرتكىسىدە ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان غۇرۇرنى نامايان قىلىپ، يەرلىك خەلق ئېيتقىنىدىن: «جۇڭگودىن كەلگەنلەر ئاجايىپ ئىشچان، تىرىشچان، تالانتلىق، قولىدىن ھەممە ئىش كېلىدىغان خەلقكەن» دېگەن ئالقىشنى ياڭرىتالىغان.

## ياشىسۇن دوستلۇق

— ئەمەكى (تاغا) تەلەپپۇزىڭىزدىن چەت ئەللىكتەك قىلىسىز، توغرا ئېيتتىممۇ؟

— ھەئە، توغرا دېدىڭىز، جۇڭگولۇقمەن.

— جۇڭگولۇقمەن، دەڭ، چىرايىڭىز زادىلا خەنزۇغا ئوخشىمايدىكەن، ھەيرانمەن.

— يىگىت، ئوقۇغانمۇسىز؟

— تېخنىكومنى پۈتتۈرگەنمەن. كۆپرەك پۇل تېپىش غەرىزىدە تاكسى شوپۇرلۇقنى قىلىۋاتىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىدەك مىليارد خەلقى بار كاتتا مەملىكەتتە بىرلا مىللەت بار، دەپ قارىشىڭىزغا مەنمۇ ھەيران قېلىۋاتىمەن، دېمەك مەكتەپتە جۇغراپىيە دەرسىنى «0» بىلەن پۈتتۈرۈپسىز-دە، — دېدىم مېنى تاشكەنت كوچىسىدا ئېلىپ كېتىۋاتقان تاكسى شوپۇرىغا.

— ئەمەكى، مۇنداقلا سوراپ قويغانىدىم، كەچۈرەرسىز، — دېدى ئۇ ئوڭايسىزلىنىپ.

— نادانلىقتا كەچۈرۈم سوراشنىڭ نېمە ھاجىتى، — دېدىم ئۇنىڭغا. ئاندىن مەنزىلگە يەتكىچە ئارىلىقتا مەملىكىتىمىزنى، ئۇنىڭدىكى 56 مىللەتنى، ئۆزبېكلەر ئۇنىڭ بىرى بولۇپ، ئۆزۈمنىڭ ئۆزبېك مىللىتى ئىكەنلىكىمنى، ئۇچرىغان ئادەمگە سۆزلەپ بەرگۈدەك دەرىجىدە قۇلىقىغا قۇيۇپ قويدۇم.

بۇنداق مەسىلىلەرنى كۆپلەپ كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۆزبېكىستانغا دەسلەپتە كېلىپ ئولتۇراقلاشقانلارنىڭ ئېيتىشىچە، يەرلىك ئاھالە مەملىكىتىمىز توغرىلىق تۈزۈك چۈشەنچە بىلمىگە ئىگە ئەمەسكەن. ھەتتا بىزدىن بارغان ئۇيغۇر، ئۆزبېكلەرنىمۇ پەرقسىز قاراپ جۇڭگودىن كەلگەن ئۇيغۇرلار «ئاخۇن ئاكىلار» دەپ تەرىپلەشكەن. بەزى ئۆزبېكلەر بۇنىڭدىن رەنجىپ، تېگىشلىك رەددىيە بەرگەن بولسىمۇ، ئايرىم سورۇنلاردا بۇ ھال ھازىرغىچە تەكرارلىنىپ تۇرىدىكەن.

بۇلارغا چۈشەندۈرۈش قىيىن بولغان بەزى ئامىللاردىن باشقا، ئاساسلىقى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدىكى ئۇزاق يىللىق بېكىنمىچىلىك، تارىختىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان بېرىپ-كېلىشلەرنىڭ بىر مەزگىل ئۈزۈلۈپ قېلىشى، كېيىنكى پەيتلەردە ئۇلارنىڭ بىزنى چۈشىنىشى زۆرۈر بولغان تەشۋىق-تەرغىبات، ئاخبارات ماتېرىياللىرىنىڭ بولماسلىقى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ تىل-يېزىقىدا ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرىدىغان گېزىت-ژۇرنال، رادىئو ۋە باشقا تەشۋىقات قوراللىرىنىڭ يوقلۇقى، قىسقىسى بىز توغرىلىق ھەرقانداق ساۋاتقا ئېرىشىش ئىمكانىدىن مەھرۇم قالغانلىقىدىن بولغان. 1980-يىللىرىدىن باش-

لاپ، هەر ئىككى تەرەپنىڭ ئىشكىنىڭ ئېچىۋېتىلىشىگە ئەگىشىپ، ئۆزئارا بېرىپ ـ كېلىشلەر كۆپەيدى. بىراق بۇ ئانچە ـ مۇنچە دېلىگاتسىيەلەرنىڭ كېلىشى، ساياھەت، سو ـ دا ـ سېتىق، تۇغقان يوقلاشلار بىلەنلا چەكلەنگەنلىكتىن، قاتمال ھالەت يەنىلا ئۆز پېتى قالماقتا.

ئۆزبېكىستان رادىئو ـ تېلېۋىزىيە كومپانىيىسىنىڭ رەئىسى يازغۇچى ئەبدىسەئىت كوچىموف بىلەن كۆرۈشكەن ۋاقتىمدا، پارلاق ئارا ئىككى مەملىكەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە، بىز يازغۇچىلارنىڭ باشلامچىلىق رول ئوينىشىمىز ھەققىدىكى شەخسي قارىشىمىزنى يۈزەكىلا چۈشەندۈردۈم.

ئەبدىسەئىت كوچىموف ئايالى بىلەن 1992 ـ يىلى «شىنجاڭ ياش ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى»نىڭ باشلىقى ئابدۇراخمان ئەبەي ئائىلىسىگە مېھمان بولۇپ قايتقانىدى. كۆپتىن بېرى يازغۇچى ۋە شائىرلىقنى قولدىن بەرمەي كېلىۋاتقان كوچىموف، تاشكەنتكە قايتقىنىدىن كېيىن، ئۈرۈمچى ۋە تۇرپاننى زىيارەت قىلىپ ئالغان تەسىراتلىرىدىن يازغان شېئىرلىرىنى مەتبەئەدە، كېيىن «قىياپە» ناملىق شېئىر توپلىمىدا ئېلان قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشكەن. يازغۇچىنىڭ «ھالقا» ناملىق ھېكايە ۋە پوۋېستلار توپلىمى بىزدە پېشقەدەم شائىر تۇرسۇن مۇھەممەد پەخرىدىن تەرىپىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ، ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتىدا 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغانىدى.

يۇقىرىدىكى تونۇشلۇقلار سەۋەبىدىن كوچىموف بىلەن بىر نەچچە قېتىم كۆرۈشۈپ، پاراڭلىشىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. يازغۇچىنىڭ ئۆتكۈر پىكىرلىكى، ئەدەبىياتقا ھېرىسمەنلىكى، رەھبىري خىزمىتىنىڭ يۇقىرىلىقىغا قارىماي (مىنىستىر دەرىجىلىك) ئۆزىنى كەمتەر، مۇلايىم تۇتۇشى، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق ـ يورۇق سۆزلىشىشىمىزگە ئىلھام بولدى. ئاخىرىدا ئىككىلىمىزدىكى ئورتاق قاراش: «دوستلۇق ھەممىدىن ئەلا. بىز يازغۇچى ئەدىبلەر ئۆز قەلىمىمىز ئارقىلىق ئىسلاھ، تەرەققىيات بەيگىسىدە ئۈزۈپ كېتىۋاتقان ئىككى مەملىكەت خەلقلىرىنىڭ بىر ـ بىرىنى چۈشىنىشى، ئۆزئارا ھەمكارلىشىشى، ئاتا ـ بوۋىلار بەرپا قىلغان يىپەك يولىنى تېخىمۇ داۋاملاشتۇرۇشىغا ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن ئۆز ئىجادلىرىمىزنى يەنىمۇ يېڭى مەزمۇنلار بىلەن بېيىتىپ بېرىشىمىز لازىم» دېگەندىن ئىبارەت بولدى.

ئۆز نۆۋىتىدە شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈشۈم لازىمكى، بۇ قېتىم تاشكەنتكە كېلىشىم، ئوخشاشلا شەخسي ۋىزا ئارقىلىق تۇغقان يوقلاش ئىدى. ئارتۇقچە ئىشلارغا داخىل بولۇشۇم يازغۇچى ۋە ئۆزبېك جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بولغانلىقىم سەۋەبىدىن ئىدى. بىراق، ئۆزبېكىستان خەلقىگە ئۆزىمىزنى چۈشەندۈرىدىغان، دوستلۇقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان بۇ بىر مۇھىم ئىشتا، مېنىڭ قانداق قارىشىمدىن قەتئىينەزەر، ئۆزئالدىغا ھېسسىيات بىلەن ئىش قىلىشقا زادى بولمايتتى.

مەن 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى، تاشكەنتتىكى جۇڭگو ئەلچىخانىسىنىڭ باش ئەلچىسى لىي جىڭشەن ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈپ، بەزى قاراشلىرىمنى ئېيتتىم. باش ئەلچى پىكرىمنى دەرھال قوللىدى. ھەتتا خالىسام، «ئۆزبېكىستان خارجى مەملىكەتلەر بىلەن دوستلۇق ۋە مەدەنىي ـ مەئرىپى ئالاقىلەر جەمئىيەتلىرى كېڭىشى»نىڭ رەئىسى جامالىدىن بورانوف بىلەن كۆرۈشتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنداق قىلىپ بىز 7 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن تاشكەنت ۋاقتى سائەت 9 لاردا كېڭەشنىڭ چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلىش زالىدا ئۇلار بىلەن كۆرۈشتۇق. بىز تەرەپتىن باش ئەلچى لى جىڭشەن، مەن ۋە تەرجىمان. ئۇلار تەرەپتىن جامالىدىن بورانوف، كېڭەشنىڭ سېكرېتارى نىغمەت مۇراتوف ھەمدە پۈتۈكچى قاتارلىقلار قاتناشتى. سۆھبىتىمىز سەممىي ۋە ئۈنۈملۈك بولدى. ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، تاشكەنتكە كەلگەنلىكىم شەرىپىگە باش ئەلچى لى جىڭشەن ئەپەندى شەھەر مەركىزىدىكى «زەرەپشان» رېستوراندا كۈتۈۋېلىش زىياپىتى ئۆتكۈزۈپ بەردى. زىياپەتكە جامالىدىن بورانوف، نىغمەت مۇراتوف، مالىك ئارىپوف، ئابلىز ھاشىموف قاتارلىق تاشكەنتتىكى ھەر ساھە ئەربابلىرى ھەمدە باش ئەلچىخانا خىزمەتچىلىرى قاتناشتى. ئىككى تەرەپنىڭ سۆزلىرىدىن كېيىن، ئىختىيارىي سۆزلەشلەر

بولدى. ئالىم مالىك ئارىپوف ئۆز سۆزىدە، ئۆزبېكىستانغا كەلگەن 40 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا ماكانىنى بىر كۈنمۇ ئەستىن چىقارمىغانلىقىنى ئېيتىپ كېلىپ، ئاخىرىدا خەنزۇ تىلىدا:

«ياشىسۇن، جۇڭگو ـ ئۆزبېكىستان ئىككى مەملىكەتنىڭ دوستلۇقى!»، دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ، ئۆزبېكىستان خەلقىنىڭ قەلبىنى ئىزهار قىلدى. باش ئەلچى لى جىڭشەن ئەپەندى باشلىق ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، ئالقىش ياغدۇراتتۇق.



ئۆزبېكىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىمىز لى جىڭشەن ئەپەندى (ئوڭدىن سولغا) تەلئەت ناسىرى، ئۆزبېكىستاننىڭ «چەت ئەللەر بىلەن مەدەنىيەت، مائارىپ ئالاقە باغلاش كېڭىشى» نىڭ رەئىسى جامالىددىن بورانوپ، كېڭەشنىڭ سېكرېتارى نىئمەت مۇراتوپ ئەپەندى بىلەن بىرگە

ۋاقىت تۈيدۈرماي ئۆتۈپ كەتتى. قايتىش تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن قىزىم ئىككىمىز تاكسىغا ئولتۇرۇپ، شەھەر مەركىزىدىكى ناۋايى كوچىسىدا كېتىپ باراتتۇق. بىز توغرا كەلگەن تاكسىنى توختىتىپ چىققاچقا، بەكمۇ كونا ماشىنىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇق. ماشىنا جالاقلىشىپ باراتتى. شوپۇر 60تىن ھالقىغان پېشقەدەم ئەمما تېتىك كىشى ئىدى. قىزىم ئۇنىڭغا: «ئەمەكى پۇل تېپىۋاتقاندىن كېيىن، يېڭى ماشىنا ئالسىڭىز بولمامدۇ» دەپ قالدى. شوپۇر يولدىن كۆزىنى ئۈزمەي سۆزلىدى:

—قىزىم، مەن ئەسلىدە ماشىنىسازلىق زاۋۇتىنىڭ ئىنژېنېرى ئىدىم. پېنسىيە پۇلى بىلەن جان بېقىش ئىمكانى بولمىغانلىقتىن، بۇ ماشىنىنى زاۋۇتىمىزدىكى تاشلاندۇق ماشىنا زاپچاسلىرىدىن قۇراشتۇرۇپ، «تاكسى» قىلىۋالدىم. كوندەك بىلىنگىنى بىلەن بىمالال بەش ـ ئون يىل ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ھازىر بۇ «پولات سېغىن سىيىر» ئائىلەمدىكى سەككىز جاننى بېقىۋاتىدۇ.—ئۇ ئارىدا ماڭا ئىتتىك بۇرۇلۇپ قارىدى ـ دە، سورىدى،— جۇڭگودىن كەلدىڭلارمۇ؟

—شۇنداق، جۇڭگودىن كەلدۇق، ـ دېدىم ئۇنىڭغا.

—مەن جۇڭگوغا قىزىقىمەن،—دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —سىلەردە مائاشنى يۇقىرى دەيدىغۇ؟ پېنسىيونېرلارمۇ خىزمەت قىلىۋاتقانلاردەك مائاش ئالىدىكەن. مىليارد خەلقنى تويدۇرۇپ، خاتىرجەم قىلىۋاتقان ھۆكۈمىتىڭلارغا ئاپىرىن ئوقۇسا بولغۇدەك. بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، بازارلىرىمىزدا سىلەرنىڭ ئىشلىتىشكە قولاي، سۈپىتىمۇ يامان ئەمەس، ئەرزان باھالىق ماللىرىڭلار بولمىسا، قانداق قىلاتتۇق، سىز قانداق ئويلايسىز؟— سورىدى.

—نەدىكىنى، بىزنىڭ «بىراك» ماللىرىمىز سىلەرنى زېرىكتۈرگەن تۇرسا—دېدىم قەستەنگە.

—يوق گەپ، بىكار گەپ، سىز بازارلىرىمىزنى ئارىلاپ كۆرمەپسىز. ھەممىسى دېگۈدەك جۇڭگو ماللىرى. بىزنىڭ ئائىلىدىكى كىچىكلەردىن تارتىپ چوڭلارغىچە ھەممىسى جۇڭگونىڭ تەييار كىيىملىرىنى كىيىشىدۇ. بەكمۇ يارىشىملىق.

—ئەمەكى سىز مۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ھازىر جۇڭگو سودىگەرلىرى، ھەتتا كاتتا شىركەتلىرىنىڭ بۇ يەردە تۇرمىقى تەس بولۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ شىركىتىمىزمۇ تاقىلىپ قايتىش تەييارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ،—دېدى قىزىم سۆز ئارىلىقىدا.

—ھىم...—دېدى شوپۇر ھەممە خوشلۇقنى يۇتۇۋەتكەندەك ئېسەنكىرەپ. كېيىن بىردىن جۇرئەتلىنىپ،—قېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىش لازىم ئىدى، سىلەر بولسىمۇ بىزنى تاشلاپ كەتمىسەڭلار بولاتتى،—دېدى.

بۇ سۆز ئۆزبېكىستان خەلقى نامىدىن جۇڭگولۇقلارغا ئىلتىماس قىلىۋاتقاندەك مېنى ھاياجان ۋە ئويغا چۆمدۈردى. تاشكەنتكە ھەر قېتىم بېرىپ قايتقىنىمدا، ئۇرۇق ـ تۇغقانلاردىن ئايرىلىش ئادەمنى بەكمۇ بىئارام قىلاتتى. پېشقەدەم زاۋۇت ئىنژېنېرىنىڭ سۆزىدىن ئايرىلىش ھىجرانىنى بېسىپ چۈشىدىغان خۇرسىنىش يۈرەكنى چىرمىۋالدى.

2005 ـ يىل، يانۋار، ئۈرۈمچى

مۇھەررىرى: مۇختار مۇھەممەد

# ئەزمەت ۋە شۆھرەت

ۋاھتجان غوپۇر

يولۋاستەك قۇتراپ، شىردەك ھۆركىرەپ تاشقىنلاۋاتقان غايەت زور كەلكۈن قىرغاققا يېقىن جايدىكى ئەزىمەت ۋە شۆھرەت ئىسىملىك ئىككى قوشنىنىڭ چىرايلىق ئۆي - سارايلىرىنى، تاپقان - تەرگەنلىرىنى ھەش - پەش دېگۈچە يىرتقۇچ ئەجدىھادەك يالماپ يۇتۇپ كېتىپتۇ. بەختكە يارىشا، ئۇلار شۇ كۈنى ئۆيدە بولمىغاچقا ھەمەيلەن كەلكۈننىڭ خەتىرىدىن ئامان قاپتۇ.

ئۇزاق يىللىق قان - تەر بەدىلىگە كەلگەن جانجان ئىگىلىكىنىڭ ۋەيران بولۇشىغا كىممۇ چىداپ تۇرالايدۇ دەيسىز، ئەزىمەت ۋە شۆھرەتلەر ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن كۆز يېشى قۇرۇپ، كارنايلىرى بوغۇلۇپ كەتكىچە نالە - زار قىلىشىپتۇ.

— توختاپ قال، ئەمدى، — دەپتۇ ئەزىمەت ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەي ئۆز - ئۆزىگە خىتاب قىلىپ، — بولار ئىش بولدى، پېشانىمىزگە مۇشۇنداق بالايىئاپەتكە ئۇچراش پۈتۈلگەن ئوخشايدۇ، كېچە - كۈندۈز يىغان چېكىپ، كۆز يېشى قىلىش بىلەن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولامتىمۇ؟ خەيرىيەت، قۇرت - قوڭغۇزلار جىنىدا ئۆز ئېھتىياجىنى راۋا قىلىش ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز مىدىرلاپ ھەرىكەت قىلغان يەردە بىز بىر ئىنسان تۇرۇپ، بۇ ئوڭۇشسىزلىقنى ئۆزگەرتەلمەسەك تولىمۇ ئۇيات ئەمەسمۇ...

بۇ خىياللىرى ئەزىمەتكە ئىلھام بوپتۇ. ئايالى، پەرزەنتلىرىدىن قايسىبىرى زىيانغا چىدىماي نالە قىلسا، دەرھال شۇلارنى ئەيىبلەپ، ئېغىز ئاچقۇزماپتۇ. ھەممەيلەننى بۇزۇلغان خانىماننى، ئىگىلىكنى قايتىدىن تىكلەشكە سەپەرۋەر قىلىپتۇ.

بىچارە شۆھرەت بولسا، ئەزىمەتنىڭ ئەكسىچە ئۆيدىن تالاغا چىقماي، كېچە - كۈندۈز ھەسرەت چېكىپ ئىلگىرىكى توققۇزى تەل باياشادلىق كۈنلەرنى ئويلاپ، ئىچ ئاغرىقىدىن كۆكسىنى نەم يەرگە يېقىپ يېتىپ، رەھىمدىل قوشنىلار ۋە ئۇرۇق - تۇغقانلار قىلغان ياردەمگە تايىنىپ تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپتۇ. ئۆينىڭ تۇۋرۇكى بولغان دادىنىڭ بۇ ئەھۋالدىن ئىزتىراپقا چۈشكەن ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى شۆھرەتكە ئوخشاشلا غەم - ھەسرەتكە پېتىپ قولى ئىشقا بارماپتۇ.

ھەپتىلەر ئايلارنى، ئايلار يىللارنى قوغلاپ، ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتۈپتۇ. ئەزىمەتنىڭ مەردانە پۈت تىرەپ تۇرۇشى، ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ جاپالىق ئىشلىشى نەتىجىسىدە، ئاۋۋالقىدىنمۇ چىرايلىق ئايۋان - سارايلار ۋادىدا قەد كۆتۈرۈپتۇ، زىرائەتلەر ئوخشاپ ھوسۇل بېرىپتۇ. مال - چارۋىلار ئاۋۇپتۇ، ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى يەنە خۇشاللىق سادالىرى قاپلاپتۇ.

ئۇنىڭ ئەكسىچە ھەددىدىن ئارتۇق بىھۇدە ئاچچىق يۇتۇۋالغان شۆھرەتنىڭ قولى ئىشقا بارماپتۇ. ئايالى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭمۇ غەيرىتى سۇسلاپ، ھەممەيلەننىڭ قەلب ئەينىكىنى ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈكنىڭ چاڭ - توزانلىرى قاپلاپ كېتىپتۇ. ئاخىر شۆھرەت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قاپتۇ، پەرزەنتلىرى ئاچ - زېرىنلىقتا تۇرمۇش كۆچۈرۈشكە مەجبۇر بولۇپتۇ.

ئۇزۇن ۋە مۇشكۈل ھايات مۇساپىسىدە ھەرقانداق ئادەم مۇشەققەت ۋە ئىجتىمائىي، تەبىئىي ئاپەتلەردىن خالىي بولالمايدۇ. گەپ رېئاللىقتىكى بۇ ئىشلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشتا. ياش تۆكۈش ۋە ئازابلىنىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ. ھاياتلىق ئىمتىھانىدا لاياقەتلىك گۇۋاھنامىسىگە ئېرىشەلمەيدۇ. پەقەت كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ئازابلىنىشنى قان - تەر ئاققۇزۇش ئارقىلىق ئۈمىد ۋە نەتىجىگە ئايلاندۇرغانلارلا ھەرقاچان غالىب كېلىپ، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە، ئاپەتنىڭ ئاچچىق ئاقىۋىتىنى بەختنىڭ ئۇل تېشىغا ئۆزگەرتەلەيدۇ، ھاياتقا كۈلۈپ نەزەر تاشلىيالايدۇ!

مۇھەررىرى: مۇختار تۇردى



# مۇسابىقىدىن كېيىن

دالا توشقىنى بىلەن ئۆي توشقىنى يۈگۈرۈش مۇسا-
بىقىسىگە چۈشۈپتۇ. يۈشتەك چېلىنىشى هامان دالا توش-
قىنى شۇنداق تېز يۈگۈرۈپتىكى، مەنزىلگە ئۆي توشقىنى-
دىن بىر ئاش پىشىم ئىلگىرى يېتىپ بېرىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن ئۆي توشقىنىنىڭ جان- پىنى چىقىپ
ئەلەمدىن ئۆزىنى قويۇشقا جاي تاپالماپتۇ.

—بۇرادەر،—دەپتۇ ئۇ ئاخىر،—ئىككىمىز ئوخشاشلا
توشقانلار قوۋمىدىن بولىمىز. تېخى مېنىڭ سەندىن جۇغۇم
چوڭراق، بەدىنىمۇ قۇۋۋەتلىك، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ
قېتىمقى مۇسابىقىدە مېنى خېلى كۆپ ئارقىدا قويدۇڭ،
بۇنىڭدا زادى قانداق سەۋەب بار؟

—سەۋەب ناهايىتى ئاددىي،—دەپتۇ دالا توشقىنى،—
سەن هەممە ئىشتا تەييارغا هەييار بولۇپ ئۆگىنىپ قالغان،
قورسىقىڭ ئاچسا خوجايىنىڭ توغراپ بەرگەن پاكىز
ئوت- چۆپلەرنى، سەۋزىلەرنى يەيسەن، تەشنا بولساڭ،
ئۇ كەلتۈرگەن سۈزۈك سۇلارنى ئىچىسەن؛ پۈتۈن پائالى-
يىتىڭ پەقەت سەن تۇرۇۋاتقان ئاشۇ قورۇنىڭ دائىرىسى
بىلەنلا چەكلىنىدۇ. ئاشۇنداق بىكار يەپ، سەمرىپ يېتى-
ۋەرسەڭ سەندە بىز توشقانلارغا خاس بولغان تېز يۈگۈ-
رۈش ماهارىتى نېمىش قىلسۇن؟!

ئەمدى مېنى ئېلىپ ئېيتساڭ، بىزنىڭ ياشاش شارا-
ئىتىمىز تولىمۇ ناچار، ئوزۇق ئىزدەپ، ئورمان، يايلاق-
لارنى هارماي كېزىمىز، سۇ ئىچىش ئۈچۈن دەريا بويى-
لىرىغا بارساق تېخى بۆرە، تۈلكىلەرگىمۇ دۇچ كېلىمىز.
مانا شۇ چاغلاردا هالىمىزغا ۋاي دېگىنە، جاننى قۇتۇل-
دۇرۇش ئۈچۈن ئۆلە- تىرىلىشىمىزگە باقماي قاچىمىز،
بۇ شارائىت بىزدە ئالاهىدە خۇسۇسىيەت، قەيسەر خا-
راكتېر، تېز يۈگۈرۈش ماهارىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئېسىڭ-
دە بولسۇنكى، جاپالىق شارائىت ۋە خېيىمخەتەر يۈك-
سەك ماهارەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى يېتىلدۈرىدىغان تۇپ-
راقتۇر. كىمكى بۇ تۇپراقتا يىلتىز تارتىپ، كۆكلەپ،با-
راقسان بولۇشنى خالىمايدىكەن، ئۇ ئەسلا روناق تاپال-
مايدۇ...

**مۇهەررىرى: مۇختار تۇردى**

2005.2






# يۇمورلار



**دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ ئاستىدىكى كىم؟**

كوماندىر: بىزنىڭ دىۋىزىيىدە كىم ئەڭ چوڭ ئەمەلدار؟

يېڭى ئەسكەر: دىۋىزىيە كوماندىرى.

كوماندىر: دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ ئاستىدىكىچۇ؟

يېڭى ئەسكەر: دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ ئىتى.

**خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ**

ئېلېكتر پونكىتىنىڭ سىرتىدىكى يۇقىرى بېسىملىق سىمغا بىر ئاگاھلاندۇرۇش بەلگىسى ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇستىگە قىزىل رەڭلىك قەلەم بىلەن يوغان قىلىپ مۇنداق يېزىقلىق ئىكەن: «ئېلېكتر سىمغا يېقىنلىشىش مەنئى قىلىنىدۇ! 50 مىڭ ۋولتلۇق يۇقىرى بېسىم بار، تېگىپ كەتسىلا ئۆلىدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قانۇن بويىچە جازالىنىدۇ.»

**ئاجرىشىش**

دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ فورمىسىنى كىيىۋالغان ياش يىگىت ئىشخانىغا چاقىرتىلىپتۇ. كېمە باشلىقى سوراپتۇ:

—توي قىلدىڭمۇ، بالام؟

—ياق، لېكىن توي قىلىشقا تىزىملاتتىم.

—ئەمەلىيەتتە توي قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، — دەپتۇ كېمە باشلىقى، — ھەربىي كېمە سېنىڭ خوتۇنۇڭ، ئۇ ساڭا تاماق، ياتاق بېرىدۇ. ساڭا نۇرغۇن دوستلارنى تونۇشتۇرىدۇ، سەن يەنە نېمىگە ئېھتىياجلىق؟

—ئۇنداق بولسا ئاجرىشىمەن.

### كارىۋاتتىكى ئورۇن

بىر جۈپ ئەر-ئايال ئايروپىلانغا چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىپتۇ. ئورۇن كۆپ بولمىغاچقا ئۇلار ئىككىسى بىرگە ئولتۇرالماپتۇ. ئەرنىڭ دەرھال ئاچچىقى كېلىپ دەپتۇ:

—بىز ئەر-خوتۇن تۇرساق، نېمىشقا بىرگە ئولتۇرالمايدىكەنمىز؟

مۇلازىمەتچى سالماقلىق بىلەن جاۋاب بېرىپتۇ:

—بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىۋاتقىنىمىز ئايروپىلاندىكى ئورۇن، كارىۋاتتىكى ئورۇن ئەمەس.

### پاراڭلىشىش

ئىككى خىزمەتداش كارىدوردا پاراڭلىشىۋاتقاندا، يېڭى كەلگەن ياش ھەم چىرايلىق ماشىنىست قىز يېنىدىن ئۆتۈپتۇ. شۇئان بىر يىگىت كۆزىنى مىت قىلماستىن قىزغا تىكىلىپ قاراپ، ئىختىيارسىز «ھەقىقەتەنمۇ گۈزەلكەن ھە!» دەپتۇ.

—ئەپسۇس، ئۈچ بالىسى باردە، — دەپتۇ يەنە بىرى مەسخىرە تەلەپپۇزدا.

—ئۇنىڭمۇ؟ مۇمكىن ئەمەس، — دەپتۇ يىگىت.

—ياق، مەن سېنى دەۋاتىمەن.

### تۈزىتىش

مەلۇم گېزىت مۇنداق بىر يېڭى خەۋەر بېسىپتۇ: «دۆلىتىمىزدىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يېرىمى ئالدامچىلار.»

گېزىت تارقىتىلغان كۈنى، نارازىلىق خەتلىرى ھەتتا تەھدىت خەتلەرنىمۇ تاپشۇرۇۋاپتۇ. ئەتىسى بۇ گېزىت مۇنداق تۈزىتىش بېرىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ: «دۆلىتىمىزدىكى پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ يېرىمى ئالدامچى ئەمەس.»

### سۈت سېغىش

مەلۇم بىر كىشى سۈت فېرمىسىغا ئىشقا ئورۇنلىشىپتۇ. ئىشقا چۈشكەن تۇنجى كۈنى، خوجايىن ئۇنىڭغا بىر چېلەك ۋە بىر ئورۇندۇق بېرىپ، ئۇنى سۈت سېغىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئۇ خۇشاللىق بىلەن ئىشلىگىلى كېتىپتۇ. ئىشتىن چۈشىدىغان ۋاقىتتا، خوجايىن ئۇنى ئۇستىبېشى سۈت بىلەن بۇلغانغان، ئورۇندۇقنىڭ بىر پۇتى سۇنۇپ كەتكەن ھالەتتە كۆرۈپ سوراپتۇ:

—قانداق، بۇ ئىش قىيىنمىكەن؟

ئۇ يىغلىغۇدەك بولۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

—سۈت سېغىش قىيىن ئەمەسكەن. قىيىن بولغىنى كالىنى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزۇشكەن.

توپلىغۇچى: قادىر ئۆمەر

مۇھەررىرى: خۇرشەنئاي مەتىمىن

**ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:**

تەھرىراتىمىز «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىللىق سانلىرىدىن 2004-يىللىق سانلىرىغىچە توپلام قىلىپ ئىشلىدۇق.

سېتىۋالغۇچىلارنىڭ بىز بىلەن ئالاقىلىشىشنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

ئالاقىلاشقۇچىلار: ئەسقەر مەخسۇت، خۇرشەنئاي مەتىمىن

تېلېفون: (0991) 4554017

# شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى ئۇيۇشتۇرغان تۇنجى نۆۋەتلىك شىنجاڭ خەلق ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى كۆرگەزمىسى ۋە خەلق ھۈنەر ـ سەنئەت پېشۋالىرىنى باھالاش پائالىيىتى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش

شىنجاڭ كۆپ خىل مەدەنىيەت جۇغلانغان
رايون بولۇپ، تۈرى خىلمۇخىل، نەپىس خەلق
قول ھۈنەر ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ساقلانغان،
شۇنداقلا ئاتا ـ بوۋىلارنىڭ كەسپىگە بالىلار
ۋارىسلىق يولى بىلەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققى-
يات جەريانىدا ئاجايىپ داڭدار ھۈنەرۋەن، كا-
سىپلار يېتىشىپ چىققان. بىراق رايون، ئۇچۇر،
قاتناش قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن،
نۇرغۇن نەپىس ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى
ياسىغۇچىلار ئۇزاق مەزگىل خەلق ئارىسىدا
كۆمۈلۈپ قالدى. كىشىلەر ياقتۇرىدىغان ھۈ-
نەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى ئۈنۈملۈك قوغدالسا،
ساقلاپ قېلىنسا، ئىشلىتىلسە، سېتىلسا كىشىلەر-
نىڭ دىققىتىنى تارتىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ
خەلق ھۈنەر ـ سەنئەت ئەسەرلىرى (بۇيۇمل-
رى) پۈتۈن مەملىكەت ۋە دۇنياغا يۈزلىنىپ،
شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ بېيىش يولىدىن يەنە
بىرى يېڭىدىن ئېچىلغۇسى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچى-
لەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم را-
يونلۇق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەم-
ئىيىتىنىڭ تەتقىق قىلىپ بېكىتىشى بىلەن
2005 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئۈرۈمچى-
دىكى شىنجاڭ يىپەك يولى مۇزېيىدا «تۇنجى
نۆۋەتلىك خەلق ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرى
كۆرگەزمىسى ۋە خەلق ھۈنەر ـ سەنئەت پېش-
ۋالىرىنى باھالاش پائالىيىتى» ئۆتكۈزۈلىدۇ.

خەلق ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياسى-
غۇچىلارنىڭ ئۇقتۇرۇشنى تاپشۇرۇۋالغاندىن
كېيىن، قىزغىن قاتنىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

قاتناشقۇچىلار ئۆزىنىڭ ئەسىرى (بۇيۇمى)
بىلەن چۈشەندۈرۈش ماتېرىيالىنى ئۆزى تۇرۇش-
لۇق ئورۇندىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىر-
لەشمىسى (مەدەنىيەت سارىيى، ئاممىۋى سەنئەت
سارىيى)گە تاپشۇرسا، بىر تۇتاش ئەۋەتىلىدۇ.

ئەگەر مەسلىھەت ئالماقچى بولسىڭىز، شىن-
جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئەدەبى-
يات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى بىلەن ئالاقىلى-
شىڭ.

ئالاقىلەشكۈچىلەر: ليۇ ۋېنشى، دولقۇن،
مېھرىگۈل

ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: 4554020،
0991 _ 4554019

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدە-
بىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق
ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر جەمئىيىتى

2005 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى















بازار





غەيرەت مەمتىمىن فوتوسى



# 美拉斯

# مىراس


主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
编辑：《美拉斯》编辑部
（乌市友好南路22号文联14层）
电话：（0991）4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I
国外统一刊号：ISSN1004—3829
代号：58—60
邮编：830001　定价：5.00元

باشقۇرغۇچى ئورۇن: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى.
تۈزگۈچى: «مىراس» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى.
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ.
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ.
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65- 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1004- 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58 - 60
باھاسى: 5.00 يۈەن